# ئىسلام دەۋىتى

(چۈشەنچە ، پرىنسىپ ۋە مەجبۇرىيەتلەر)

ئاپتورى : ھۆسنى ئەدھەم

ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئىدىيە ۋە تەربىيە چۈشەنچىلىرىدىن ئاساسلىق بايانلار

## الدعوة الى الاسلام
## (مفاهيم ومنهاج وواجبات)

تەرجىمە قىلغۇچى : ئەھمەد ئابدۇللا

| | |
|---|---|
| الله غايتنا | ئاللاھ بىزنىڭ غايىمىز |
| والرسول قدوتنا | پەيغەمبەر ئۈلگىمىز |
| والقران دستورنا | قۇرئان دەستۇرىمىز |
| والجهاد سبيلنا | جىھاد يولىمىز |
| والموت فى سبيل الله أسمى أمانينا | ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇش يۇقۇرى ئارزۇيىمىز |

### بسم الله الرحمن الرحيم

پۈتكۈل ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە- تاۋاباتلىرىغا، قىيامەت كۈنىگىچىلىك ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بارلىق ئۈممەتلەرگە دۇئا ۋە سالام يوللايمىز.

پۈتكۈل ئىنسانلارنى ئىسلامغا چاقىرىپ، ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئىسلام ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچىدۇر. بۇ ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ توپ ئاساسى پرىنسىپىدۇر. مانا مۇشۇ پرىنسىپ ئاساسىدا ئاللاھقا ھەقىقى سادىقەتمەن مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تەشۋىقاتقا بېغىشلاپ، دەۋەتنىڭ پۈتۈن يەر شارىغا تارقىلىشى ۋە ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ يەر يۈزىگە تىكلىنىشى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۆرەش قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ بۇ

جەرياندا تۈرلۈك قىينچىلىقلارنى يېڭىپ، ماس قەدەمدە ئىسلام خىتابنامىسى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت هازىرلايدۇ.

قۇرئان كەرىمدىكى نۇرغۇن ئايەتلەردە ئىسلام پۈتۈن ئىنسانلارنى ئەنە شۇنداق دەۋەتچى بولۇشقا چاقىرغان. بۇ توغرۇلۇق ئاللاھ قۇرئاندا: {سىلەرنىڭ ئىچىڭلەردە ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر بۆلۈك كىشلەر بولسۇن، مانا شۇنداق قىلغۇچىلار مەقسەتكە چوقۇم يېتىدۇ} دەيدۇ. [1]

يەنە : { ئاللاهنىڭ يولىغا تەشۋىق قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە مەن مۇسۇلمانلاردىن دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ ؟ }.[2]

{كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا چاقىرغىن، سەن شەكسىز توغرا يولدا } . [3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدۇسىدا: "جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ : " ئى خالايىق! ئاللاھ سىلەرگە ماڭا دۇئا قىلىشتىن ئىلگىرى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇڭلار، ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەنسىلەر دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلمايمەن، بىر نەرسە سورىساڭلار بەرمەيمەن، ياردەم تەلەپ قىلساڭلار ياردەم بەرمەيمەن دەيدۇ " دېگەن. [1]

يەنە:" كىم دىنى مەسىلىدە ئاللاھ كىشلەرگە مەنپەئەتلىك قىلىپ بەرگەن ئىلمىنى يوشۇرىدىكەن، ئاللاھ ئۇ ئادەمگە قىيامەت كۈنى ئوتتىن يۈگەن سالىدۇ " دېگەن [2].

نۆۋەتتە بىز ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقى توغرا لىنيىسىدىن خېلىلا يىراقلاشقان، جاھالىيەت دەۋرىنىڭ قالدۇقلىرىدىن ئادا ـ جۇدا بولالماي نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي تېڭىرقىغان ھالدا ياشاۋاتىمىز. شۇڭا ئىسلام دىنىغا چاقىرغۇچىلارنىڭ بىردىن ـ بىر ۋەزىپىسى ھەق بىلەن باتىلنى ئېنىق ئايرىپ چىقىپ، ئاساسلىق زىددىيەتنى چىڭ تۇتۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىسلام خىتاپنامىسىنىڭ ئاساسى پرىنسىپى، ھەرىكەت دائىرىسى قاتارلىق باسقۇچلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كىشلەرنى ئىسلام دىنىغا رۇشەن دەلىللەر ئارقىلىق چاقىرىق قىلىشى لازىم. ئىسلامنىڭ ئاساسى پرىنسىپى توغرۇلۇق سۆز ئېچىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ھازىرقى زامان ئىسلام گۈللۈنۈش دەۋرىدىن بۇرۇنقى ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى توغرۇلۇق قىسقىچە مەلۇمات بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقان بىر پەيىتتە مۇشتۇمزور يەھۇدىيلار ۋە ئەكسىيەچى خىرىستىيانلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى ۋە خىيانەتچىلىكى تۈپەيلىدىن ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق تايانچ بازىسى بولغان ئوسمانىيە ئىمپىرىيىسى غۇلاپ چۈشۈپ، تۈرك مىللەتچىلىرىنىڭ ئىسلام مىللەتلىرىگە جۆلىدىن پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا پۈتمەس- تۈگىمەس زور بالايى ـ ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىشكە سەۋەپچى بولدى.

---

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 104 - ئايەت.
[2] فۇسسىلەت سۈرىسى 33 - ئايەت.
[1] ھەج سۈرىسى 67 - ئايەت.
[2] تىرمىزى بايان قىلغان.

لىۋاندىكى خرىستىيانلارنىڭ مىللەتارىزملىق ئىغۋاگەرچىلىگىنىڭ نەتىجىسىدە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى بالايى ـ ئاپەتكە يولۇنۇپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقان ئەرەپ خەلقى دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئىغۋاگەرچىلىگىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى.

دېمەك، 1924 ـ يىلى ئاتاتۈرك (مۇستاپا كامال) دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئىنقىلاپىقا خائىنلىق قىلىشى بىلەن ئوسمانىيە ئىمپېرىيىسى زاۋاللىققا يۈزتۇتۇپ، ئىسلام تارىخىدا ئۆچمەس داغ قالدۇردى.

ئىسلام يادرولىقىدىكى ئوسمانلى ئىمپىرىيىسىنىڭ يىمىرلىش نەتىجىسىدە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى كىچىك ـ كىچىك دۆلەتلەرگە بۆلۈنۈپ، قاياقتىندۇر پەيدا بولغان ئاقما مۇستەملىكچىلەر ئاستا ـ ئاستا يەر بېغىلاشقا باشلىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا يەھۇدى ۋە خرىستىيانلارنىڭ رەزىل سۈئقەستى ئىشقا ئاشتى.

قىسقىسى مۇستەملىكچىلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ سياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدىنى ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانلىقتىن ئىسلام دىنىنىڭ هايات بەخش مۇقەددەس قانۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بالايى ـئاپەت خاراكتېرلىك چېرىك مەدەنىيىتى ئالمىشىپ، قارىماققا مۇسۇلماندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئىسلامىيەت دۇنياسىدىن خېلىلا يىراقلاشقان بىر تۈركۈم پەرزەنتلەر مەيدانغا كەلدى. ئىسلام ئۈممىتىگە تۇزاقلار قۇرۇلۇپ، خانى ۋەيرانچىلىق كېلىشكە باشلىغان بولسىمۇ يەنىلا ئۈممەت هەر تەرەپلەرنى كېزىپ، باستۇرۇپ كېلىۋاتقان خەتەرلەردىن ئاگاهلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا چاقىرىدىغان ئالىملاردىن قۇرۇق قالمىدى.

مەيداندا ئىسلاهات ئۈچۈن نۇرغۇن ئاجايىپ شەخسلەر، تەشۋىقاتلار ۋە هەرىكەتلەر ئاشكارا بولدى. ئىسلامى ئويغىنىش بىشارەتلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تۇنجى قەدەمدە تەۋهىد تەشۋىقاتى ئىسلام ئەقىدىسىنى قاتمال خۇراپاتلىقتىن ئازات قىلىش ئۈچۈن ئەرەپ يېرىم ئارلىدا شەيخ مۇهەممەد ئىبنى ۋەههابنىڭ يېتەكلىشى بىلەن باشلاندى. ئۇنى ئىسلاهاتچىلار، ئالىملار هىندىستان، مىسىر، سۈرىيەگە ئوخشاش كۆپ شەهەرلەردە راۋاجلاندۇردى. شەيخ رەشىد رىزا چىقارغان «مانار» ناملىق ژورنال جامالىدىن ئافغانى ۋە مۇهەممەد ئابدۇھ يېتەكلەپ ماڭغان ئىسلاهات هەرىكىتىنىڭ مەشئىلى ئىدى. ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپلىگەن تەرەپلىرىدە سوپىئىزىملىق يوللىرى تارقاپ كەتكەنگە ئوخشاش، سەلەفى ( دەسلەپكى دەۋر) تەشۋىقات تۇنىس، ئالجىرىيە ۋە ماراكەش قاتارلىق يەرلەرگە تارقاپ دائىرىسى كېڭەيدى. تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مىسىردا مۇسۇلمان ياشلار پارتىيىسى قۇرۇلدى.

چەتئەلنىڭ بېسىمى ۋە مۇستەملىكچىلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن باشقا سەپلەرمۇ بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەتەن سۆيەر داهىلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك رولىنى ئوينىغانلار ۋە سياسى پارتىيەلەرنىڭ يېتەكلىشى بىلەن سياسى رول ئوينىغانلار بولدى.

لېكىن بۇنىڭ هەممىسى خىلمۇ ـ خىل مەيدانلاردا كەسكىن يۈزمۇ ـ يۈز تاقابىل تۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقان دەۋرنىڭ تەلىپىدىن تۆۋەن ئىدى. ئۈممەت (مۇسۇلمانلار ) ئەنۋەر جۇندى ئېيتقاندەك" چاقنى (هەرىكەتنى) ئالدىغا ئىتتىرىدىغان، ئۈممەتنىڭ قەدىمىنى توغرۇلايدىغان، ئۈممەتنىڭ يولىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇپ توپىلىشىۋالغان توسۇقلاردىن ئۈممەتنى ئازات قىلالايدىغان يول باشچىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان " بولۇپ قالغان ئىدى.

ئىسلام جەمئىيىتىدە موھىم ئىككى نەرسە كام ئىدى :

بىرىنچىسى : ئەقىدىگە بەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلار بىلەن سىياسەتكە بەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلاردىن ئىبارەت ئوخشىمىغان ئىككى گورۇھ ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق.

ئىككىنچىسى : ئىسلامىيەتنىڭ ھايات پىرىنسىپى، جەمئىيەت نىزامى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان زىيالى ياشلارنى تەربىيلەپ چىقىدىغان، ئىسلامنىڭ ئومۇملىقىغا چاقىرىدىغان ۋە شەرىئەتنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغان تەشۋىقاتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن ئىبارەت ئىدى.

قۇرئان كەرىمنى قوغداش، ئىسلامنىڭ مەڭگۈ قېلىشى ۋە بۇ دىنىنىڭ ھەممە دىنلاردىن ئۈستۈن بولىشىغا كېپىل بولغان ئاللاھ بۇ دىنىنىڭ ھايات كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇممەتنىڭ ھاياتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شېھىت ئىمام ھەسەن بەننا ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتىنى بەرپا قىلىش، ئىسلام چاقىرىقى ساھەسىدە بىز بۇگۈن كۆرۈۋاتقان ئىسلام ئويغۇنىشىنىڭ چوڭ تۈۋرۈكلىرى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى مەركىزى بولغان موھىم بىر قانچە ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى.

ئىمام بەننا يېڭى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە ئىسلام ئەقىدىسى، ئىسلام شەرىئىتى، ئىسلام ئەخلاقىنى تىكىش ۋە يېڭىدىن جىھاد ئىدىيەسىنى گۈللەندۈرۈپ، «ئىسلام دىن - دۆلەت، ئىبادەت - ئەقىدە، قۇرئان - قىلىچ» دەپ ئېلان قىلىش ئۈچۈن كەلدى. ئۇ مۆمىنلەردىن يېڭى ئەۋلادلارنى ئىسلام پىرىنسىپىدا سۆز ۋە ئەمەل جەھەتتىن تەربىيلەش ئۈچۈن مەيدانغا چىقتى. مانا بۇ ئەۋلادلار 1948- يىلى پەلەستىن ئۇرىشىدا 1952- يىلى سۇۋەيس قانىلىدا ئىنسانىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك شىجائەت بىلەن ئاللاھ يولىدا شېھىد بولۇشنى تەلەپ قىلىپ قورال كۆتۈردى.

ئىمام بەننا تەشۋىقات يولى ۋە ئۇنىڭ باسقۇچلىرىغا توغرا ئۇسۇل قويۇش ھەمدە توغرا ئىدىيە دائىرىسىنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان ئومۇمى چۈشەنچىلەرنى قويۇش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى. ئۇ تەشۋىقاتنى ئەقىدە ئاساسىغا قاراتتى. تەربىيە باسقۇچىنى چوڭقۇر ۋە تىنىچ ھالەتتىكى تەربىيە بولىشى ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن تەشۋىقات ساھابىلارنىڭ دەۋرىدىكى تەشۋىقاتقا ئوخشاشلا سۈزۈك ئىسلام چۈشەنچىسىگە چاقىرىدىغان، كىشىلەرنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرىدىغان، ئۇلارغا بۈيۈك ئىسلامنىڭ قەھرىمانلىق تارىخىدىن ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن سۆزلەپ بېرىدىغان،ئىسلامى بىرلىكنى گۈللەندۈرۈشكە چاقىرىدىغان يەنە بىر قېتىم مەيدانغا كەلدى. بۇ تەشۋىقات ئىسلام شەرىئىتىنى ئەمەلى تەتبىقلاشقا، ئەۋلادلارنى ئىسلام بىلەن تەربىيلەشكە، جازانە بىلەن شۇغۇللانمايدىغان ئىسلام ئىقتىسادى قۇرۇلمىلىرىنى ھەمدە ئىسلامى مۇئامىلە ئاساسىدىكى ئىقتىساد، تىجارەت كارخانىلىرىنى تۇرغۇزۇشقا چاقىرىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارنى بىر دۆلەتكە يىغىدىغان ئىسلام خەلىپىلىكىنى گۈللەندۈرۈشكە چاقىرىدىغان ئاساستا بارلىققا كەلدى.

مانا بۇ مەرھۇم ئىمام ھەسەن بەننانىڭ چاقىرىقىدۇر، ئۇ كىشى بۇ تەشۋىقاتنى بۇ سۆزى بىلەن سۈپەتلىگەن : "ئۇ بۇ ئۇممەتنىڭ قەلبىدە ئېقىپ قۇرئان بىلەن بۇ ئۇممەتنى قايتا تىرىلدۈرىدىغان يېڭى روھدۇر ۋە نۇر چېچىپ ماددىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى ئاللاھنى تونۇش بىلەن پارچىلاپ تاشلايدىغان يېڭى نۇردۇر" [1] دېگەن. مانا بۇنىڭغا ئوخشاش چاقىرىق ھەر قاچان بىزدىن ئۇنىڭغا چۈشەنچە بايان قىلىشىمىزغا ۋە ئۇنىڭغا ھاياتلا بولساق خىزمەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىكتۇر.

ئاللاھتىن مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن

ئاپتۇر : ھۆسنى ئەدھەم

www.islamyoli.net

# بىرىنچى باب

# چاقىرىقنىڭ ئاساسى چۈشەنچە ۋە پرىنسىپلىرى

بىرىنچى بۆلۈم
ئىسلامى ھەرىكەت يېتەكچىلىرى نەزىرىدىكى ئىسلامنىڭ چۈشەنچىسى
ئىككىنچى بۆلۈم
ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ پەلسەپىسى
ئۈچىنچى بۆلۈم
ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ نىشان ـ مەقسەتلىرى

## كىرىش سۆز

ھەر قانداق خىتاپنامىنىڭ ئىدىيە ۋە ئەقىدىسى بولۇپ، بۇ تەشۋىقاتنىڭ (دەۋەت) چۈشەنچىسى، پرىنسىپى ۋە نىشانىنى دىللارغا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يىلتىز تارتقۇزىدىغان پەلسەپىسى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ پرىنسىپ، چۈشەنچىلەرگە تايىنىپ، نىشانلارنى رېئاللىققا چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان قوللىغۇچىلىرى بولىدۇ.

ئىسلاھات ئۈستىگە قۇرغۇزۇلغان ئىسلام خىتاپنامىسىدە ئۇممەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلالايدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئۇچرىتىمىز، ئاللاھ قۇرئاندا:{ بىز ساڭا قۇرئاننى ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، دىللارغا ھىدايەت، بەندىلەرگە رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خوش ـ خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ چۈشۈردۇق } دېدى [1].

ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ يولباشچىلىرى بولسا ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇلار پرىنسىپىنى ئىسلامدىن ئالىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىپ ماڭىدۇ، ھۆكۈمنى ئۇنىڭدىن چىقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى مۇسۇلمانچە، پرىنسىپىمۇ مۇسۇلمانچە، ئۇلار ھەممە نەرسىنى ئىسلامدىن قوبۇل قىلىدۇ.

## بىرىنجى بۆلۈم

### ئىسلام ھەرىكىتى يېتەكچىلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئىسلامنىڭ چۈشەنچىسى

### ئىسلامى ھەرىكەت تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئىسلام چۈشەنچىسى

بىز چۈشەنچىلەر ئىگىز ـ پەس بولۇپ كەتكەن، يوللار ھەر خىل، ھەقىقەت ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز، كۆپلىگەن كىشىلەر ئىسلامنى چىن مەنىسى بىلەن تونۇمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىسلامنى پەقەتلا ئوچۇق ئاشكارا ئىبادەت دەپ قارايدىغانلار بار بولۇپ، باشقىلارنىڭ بۇ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسە شۇنىڭغا كۆڭلى تىنىپ رازى بولۇپ قالىدىغانلار بار. يەنە بەزىلەر ئىسلامنى گۈزەل ئەخلاق، ئىسىل ئىستىل ۋە رەھمەت تۆكۈلۈپ تۇرغان روھانىيەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ قارايدىغانلارمۇ بار، مانا شۇنىڭدەك ھەر گورۇھ ئىسلام دىنىنى توغرا چۈشەنچىسىدىن يىراق چۈشۈنىدۇ.

شۇڭا ھازىرقى زامان ئىسلامى ھەرىكەت تەشۋىقاتچىلىرى كىشىلەرنى ئىسلامغا چاقىرىش ۋە كىشىلەرنى ئىسلام تەلىماتىغا رەسۇلۇللاھ دەۋرىدىكىدەك قايتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

ئۇلار ئىسلامنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەندەكلا توغرا ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىپ، بۇ چۈشەنجىسىنى كىشلەرگە ئېنىق ھالدا بايان قىلىپ بەردى. ئىمام بەننا (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ " بىزنىڭ دەۋىتىمىز "ئىسلامى" دەپ سۈپەتلەنگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىنى-ئۆز ئىچىگە ئالغان تەشۋىقاتتۇر، بۇ سۆزنىڭ ناھايىتى كېڭىرى مەنىسى بولۇپ كىشىلەر چۈشىنىۋالغىنىدەك تار مەنىدە ئەمەس، بىزئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەت ھاياتىغا ئالاقىدار ھەممە ئىشلارنى ئىنتىزامغا سالالايدىغان، ھەممە ئىشلارغا ھەل قىلغۇچ شەكىلدە جاۋاب بېرەلەيدىغان، قىيىن شارائىتلار ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ قالمايدىغان، ئومۇمى مەسىلىلەرگە ئىنچىكە پۇختا نىزام قويالايدىغان ئومۇمى مەنىسى بار دەپ قارايمىز " دە يدۇ.

ئۇ بۇ مەنانى «بەشىنچى قېتىملىق قۇرۇلتاي رىسالىسى» ناملىق كىتابىدا تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىسلام ھۆكۈملىرى ۋە ئىسلام تەلىماتىنى كىشىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئىشلىرىنى ئىنتىزامغا سالىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك پرىنسىپتۇر دەپ كەسكىن ئېيتالايمىز، بۇ ئىسلامى تەلىماتلار ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ باشقا تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالماي پەقەتلا ئىبادەت تەرىپىنى ياكى روھى تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ ئويلىغانلار بۇ خىيالدا خاتالاشقۇچىدۇر. ئىسلام دېگەن ئەقىدە ـ ئىبادەت، ۋەتەن- جىنسىيەت، دىن ـ دۆلەت، روھانىيەت ـ ئەمەل، قۇرئان ـ قىلىچتىن ئىبارەتتۇر. قۇرئان كەرىم شۇنداق سۆزلەيدۇ ۋە ئۇ چۈشەنچىنى ئىسلامنىڭ ھەقىقى جەۋھىرى دەپ قارايدۇ، تۆۋەندىكى ئايەت كەرىمە شۇنىڭغا ئىشارەتتۇر: «ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەتنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇپ قالما، ئاللاھ ياخشىلىق قىلغاندەك سەنمۇ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغىن.» [1]»

ئۇ يەنە مۇسۇلمان قېرىنداشلار پارتىيىسى ئاساسلىنىدىغان تەلىماتنىڭ ئاساسى ۋە بۇلىقى — ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئۇممەت بۇ ئىككى نەرسىگە چىڭ ئېسىلسا ھەرگىز ئازمايدۇ، شۇڭا ئۇممەت ئىسلام نىزامى ئۈستىدە مېڭىشى، ئىسلامنى ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار چۈشەنگەندەك چۈشىنىشى لازىم، دېدى.

ئىمام بەننا ئىسلام چۈشەنچىسى توغرىسىدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئىسلام دىنىنى ھەر قانداق دەۋر ۋە ھەر قانداق زاماندا ھەممە خەلقنىڭ ھايات مەسىلىلىرىنى رەتكە سالالايدىغان ئومۇمى دىندۇر، ئۇ بۇ ھاياتنىڭ پارچە مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بەك يۇقۇرىدۇر، شۇڭا ئۇ بۇنداق مەسىلىلەردە ئومۇمى چوڭ قائىدىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ئۇنى تەتبىقلاش ئۈچۈن كىشىلەرنى ئەمەلى يولغا يېتەكلەيدىغان دىندۇر دەپ قارايدۇ" دېدى.

دوكتۇر مۇستەپا سىبائى بۇ مەنانى تېخىمۇ تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ئىسلام دىنىدا ئۇمىد قىلىنىۋاتقان ئويغىنىش ئاساسلىرىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ، ئۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات پرىنسىپىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆتمۈشتە بىزنى مەڭگۈلۈك شەرەپلەندۈرگەن ۋە بۇ ئۇممەتكە بىرقانچە ئەسىر ئىنسانلارنىڭ ھايات كارۋىنىنى يېتەكلەشكە ئاساس سېلىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ ئۆزگە ماس كېلىدىغان كېڭىيىش ۋە تەرەققى قىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىسلام ئۇممىتىمىزنى ئۆز ئەسلىگە كۆتۈرۈشكە، يەنە بىر قېتىم شەرەپلىك مەيدانلارغا قايتۇرۇشقا ھەمدە ئۇنىڭغا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى بىخەتەرلىك، مۇقىملىق، ياخشى شارائىتقا يۈزلەندۈرۈشكە ۋە ئىنسانىيەت كارۋىنىنى قايتا يېتەكلەشكە مۇناسىپ ئورۇن راسلاپ بېرىشكە قادىردۇر دەپ ئىشىنىدۇ» دېدى.

ئۈستاز ھەسەن ھۇزەيبى: «ئىسلام چاقىرىقى ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىنى ئۆزئىچىگە ئالغان چاقىرىقتۇر، ئۇ بۇتقا ۋە ئىنسانلارغا چوقۇنىدىغانلارنىڭ ئەقىدىسىنى ئۆزگەرتكەندەك، ئىنساننىڭ ئەقىدىسىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئۇ كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى نۇرلاردۇرۇپ، ئۇلارغا ھەقنى - ھەق، ناھەقنى - ناھەق قىلىپ كۆرستىدۇ» دىدى.

يەنە بۇ مەزمۇندا ئۇستاز ئۆمەر تىلمىسانى "مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ تەشۋىقاتى خالىس رەببانى (خۇدا كوي) تەشۋىقاتتۇر. ئۇلارنىڭ دەسلەپقى ۋە ئاخىرقى نىشانى ئىنساننى پەرۋەردىگارىغا ئەسەبىيەتچىلىك، مۇتەكەببۇرلۇق قىلماي، ئاريانلىق [1] ۋەساملىق [2] (يەنى جىنسى ئايرىمچىلىق) قىلماي، مەغرۇرلۇق ۋە چوڭچىلىق قىلماستىن ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن باغلاشتۇر، بۇ تەشۋىقات مۇسۇلمان جەمىيىتىنى ۋە ئىسلام ھۆكۈمىتىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىقاتتۇر" دېدى.

ئىسلام يېتەكچىلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئىسلامنىڭ ئومۇمى چۈشەنچىسىدىن، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ئۇممەتتىكى ئىسلاھات تەرەپلىرىنىڭ بارلىق تەرىپىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدە ئىسلاھات ئاساسلىرىنىڭ ھەممىسى ئەكس ئەتكەنلىكى، ھەمدە ئۇنىڭدا ئىسلاھاتنى سۆيەرمەنلەرنىڭ ئارزۇلىرى ئۆز ئەكسىنى تاپقانلىقىنى ھېس قىلىپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ تەشۋىقاتىنى تۆۋەندىكىدەك سۈپەتلىيەلەيسىز :

1 - سەلەپى چاقىرىق : چۈنكى ئۇلار ئىسلامغا قايتىشقا ۋە ئىسلامنىڭ قۇرئان كەرىم ۋەپەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن ئىبارەت ساپ سۈزۈك مەنبەسىگە مۇراجەت قىلىشقا چاقىرىدۇ.

2 - سۈننەت يولى : چۈنكى ئۇلار ھەممە ئىشلاردا خۇسۇسەن ئەقىدە ، ئىبادەت مەسىلىلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ سۈننىتى بىلەن ئەمەل قىلىشقا كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىدۇ.

3- ھەقىقى سوپىلىق : چۈنكى ئۇلار ياخشىلىقنىڭ ئاساسى كۆڭۈلنىڭ پاكلىقى، دىلنىڭ ساپلىقى، ئەمەلنى ئۇزۇپ قويماي داۋاملاشتۇرۇش، ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت ۋە ياخشىلىققا باغلىنىشىدۇر دەپ قارايدۇ.

4 - سىياسى ھەيئەت : چۈنكى، ئۇلار دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىشنى، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىغا قارىتا كۆز قارىشىنى توغرىلاشنى، خەلقلەرنى ئىززەت، ھۆرمەت ۋە شەرەپ ئۈستىدە تەربىيلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

5 - چېنىقىش جامائىتى : چۈنكى ئۇلار بەدەن قۇرلىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. كۈچلۈك مۆمىننىڭ ئاجىز ۋە جانسىز مۆمىندىن ياخشى ئىكەنلىگىنى بىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ ھەقتە : " بەدىنىڭنىڭ سەندە ھەققى بار" دېگەن. (ئۇ بولسىمۇ بەدەننى چېنىقتۇرۇشتىن ئىبارەت) ئىسلامنىڭ مەسئۇلىيەتلىرى ۋە ۋەزىپىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەدەن ساغلام ، كۈچلۈك بولمىسا ئىجرا قىلغىلى بولمايدۇ.

6 - ئىلمى مەدەنىيەت جەمئىيىتى: چۈنكى، ئىسلام دىنى ئىلىم ھاسىل قىلىشنى ئوخشاشلا ئەر-ئايال مۇسۇلمانغا پەرز قىلدى. مۇسۇلمان قېرىنداشلار پارتىيىسى، ئۇ ئەمەلىيەتتە تەلىم - تەربىيە ۋە مەدەنىيەتلىشىشنىڭ مەكتىپى، ئىنىستىتۇتلىرى ۋە بەدەن، ئەقىل، روھ تەربىيلەيدىغان ئۇنىۋېرسىتېتلاردۇر.

7 - ئىقتىسادى شىركەت: ئىسلامىيەت مال (ئىقتىساد) تېپىشنىڭ چارىسىنى قىلىش، ئۇنى توغرا يولدىن تېپىش ۋە ئۇنى توغرا يولغا سەرىپ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ توغرىدا :"ٌ" ياخشى مال ياخشى ئادەمگە نېمە دېگەن ياخشى ! " دېگەنىدى.

يەنە : "كىم قول ئەمگىكىدىن چارچاپ تۇرمۇشىنى ئورونلاشتۇرۇۋالغان بولسا ، ئۇ ئادەمنىڭ گۇنايى مەغپىرەت قىلىنىدۇ " دېگەنىدى.

8 - ئىجتىمائى پىكىر : چۈنكى، ئۇلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ كېسىلىنى تەكشۈرۈپ ، ئىسلام ئۇممىتىنى ساقايتىشقا ئۇرۇنىدۇ.

مانا يۇقۇرقىدەك مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ پىكرى ئىسلاھات تەرەپلىرىنىڭ ئومۇمى دائىرىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنالىغىنىنى كۆرەلەيمىز، بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ كۆپلىگەن پائالىيەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى كىشلەرنىڭ ئالدىدا بىر بىرىگە قارمۇ - قارشى كۆرۈنگەندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە بىر بىرىگە زىت ئەمەس، بەلكى بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى تولۇقلىغان. بەزىدە كىشلەر مۇسۇلمان قېرىنداشلار پارتىيىسىنى مېھراپ ئالدىدا ئاللاھقا سېغىنىپ، دەرتلىرىنى تۆكۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرسە، بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ كىشلەرگە ۋەز نەسىھەت قىلىۋاتقان ۋائىزلىقىنى، يەنە بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ توپ تېپىۋاتقان ۋە يۈگۈرۈپ مەشىق قىلىۋاتقان ياكى سۇ ئۈزۈپ چېنىقىۋاتقان ماھىر تەنھەرىكەتچى ئىكەنلىگىنى ، يەنە بىرئازدىن كېيىن دەل ئۇنىڭ دۇككىنىدا ياكى خىزمەت ئورنىدا ئەستايىدىل خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كىشلەر بىر بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان زىت ئىشلار دەپ قارايدۇ. ئەگەر بۇلار ئىسلام

دىنىنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا بۇيرۇپ قىزىقتۇرغانلىغىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئۇ ئىشلا رنىڭ ئۆز ـ ئارا ماسلىشىپ، بىر بىرىنى تولۇقلىغان كۆرنۈشلىرىنى ۋە ماسلاشقان مەزمۇنلىرىنى ئەمەلى كۆرگەن بولار ئىدى.

ئىمام ھەسەن بەننا " ئىسلامنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەنىسىنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرى يولغا قويغاندەكلا ئىزاھلاپ تەكىتلىدى. ۋە ئىسلام رىسالىسىدىن قەستەنلىك ياكى بىلمەسلىكتىن تاشلىنىپ قالغان: جىھاد، مەدەنىيەت، ئىسلامى ئىقتىساد ۋە ئىسلام قانۇنىغا ئوخشاش تەرەپلەرگە پۈتۈن دىققىتىنى مەرگەزلەشتۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەمەل قىلىدىغان ساداقەتمەن شاگىرتلارنى تەربىيلەپ چىقتى.

ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمى ئىنسانلارغا ئەۋەتىلىش سەۋەبى نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق ئىسلام دىنىنىڭ ھاياتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە قانۇن پىرىنسىپ بىكىتكەن ئومۇمى بىر دىن ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ئەگەر ئۇ ھەر قايسى تەرەپتىن قانۇن- نىزامىنى يولغا قويالماي قالسا خەلقئارالىق دىن بولۇش خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىدا ئىلگىرىكى دىنلاردىكىدەك دىن بىلەن سىياسەتنى، دىن بىلەن ئىقتىساتنى ئايرىپ قارايدىغان ئىش يوق. ئىسلام دىنى ھايات قانۇنى ۋە ھايات پرىنسىپىدۇر.

قاراڭغۇ مەسچىتنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىرىۋېلىپ " ئاللاھ " دېگەن سۆزنى خالى ئورۇندا قايتا ـ قايتا تەكرارلاپ دىن مۇشۇنداق بولىدۇ، دىن بۇنىڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ چۈشەنگەنلەر ۋە ئىسلامنى ئىبادەت بىلەن تار دائىرىگە كىرگۈزۈپ دىن مۇشۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان كىشلەر قاراڭغۇ تەپەككۇر قىلىدىغانلار ۋە نۇرسىز ئەقىل ئىگىلىرىدۇر.

ئاللاھ قۇرئاندا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىقىنى بايان قىلىپ:{ ئى مۇھەممەد ئېيتقىنكى ! ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىدۇرمەن} دېدى(1).

ئىسلام دىنى ئاساسلىق ئۇسۇل قائىدىلىرىدە زامان ۋە ماكان تەرەپتىن ئومۇمىيدۇر. زامان تەرەپتىن ئىسلامىيەتنىڭ ئاساسلىق قائىدىلىرى پەيغەمبەرلىك مەزگىلىدىن تارتىپ تاكى قىيامەت بولغانغا قەدەر ھەممە زامانلارئۈچۈن ئۆزگەرمەستۇر. مانا بۇ زامان تەرەپتىكى ئومۇمىيلىقىدۇر. ماكان تەرەپتىن ئىسلامىيەت ئۆزىنىڭ خىلمۇ ـ خىل نىزاملىرى بىلەن ھەر قانداق ئورۇندىكى ئىنسانلارغا بىردەكتۇر. ئۇ خەلقئارالىق تەشۋىقاتتۇر. بۇ تەشۋىقات بىر مىللەتكە ياكى بىر ئورۇنغا خاس قىلىنىغان ئەمەس.

زامان تەرەپتىن ئومۇملىقىنىڭ ئاساسى ئىسلام دىنى ئۆتمۈشنى، ھازىرقى ئەھۋاللارنى ۋە كېلچەكتە ېمىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى تولۇق بىلگۈچى، كەلگۈسى زامانىنى نېمىنىڭ بۇزۇپ، نېمىنىڭ تۈزەيدىغانلىغىنى بىلگۈچى ۋە ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تولۇق بىلگۈچى ئاللاھ تەرپىدىن يولغا قويۇلغان. چۈنكى كېلچەكتە يۈز بېرىدىغان تەرەققىيات، ھادىسىلەر ۋە ئۆزگىرىشلەر ئاللاھغا نىسبەتەن مەلۇمدۇر. شۇڭا ئاللاھ قۇرئاندا :{بۈگۈن مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم } دەيدۇ (1).

ئىسلام دىنىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ قاتارىدىن ئىسلام ئۆزىنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرىدە خەلقئارالىق ئىنسانىيەت تەبئىتىگە ئىگە. ئۇ پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن رەھمەت ۋە ھىدايەتتۇر. بۇ دىندا تەبىقە ئايرىش

ياكى ئىرقى ئايرىمچىلىق قىلىش يوقتۇر. چۈنكى بۇ قانۇننىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ ھەممە كىشلەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ئۇلارنىڭ پادىشاھى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلاھىدۇر ، ھەممىسى ئۇنىڭ بەندىلىرىدۇر.

مۇسۇلمان كىشى ئىسلام دىنىنىڭ بىر نەزەريەسىدە يوقۇرى كۆتۈرلۈپ يەنە بىر نەزەريەسىگە سەل قاراشنى ئىسلام دىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ساھابىلەرنىڭ چۈشەنچىسىمۇ مۇشۇنداق ئىدى. ئۇلارنى ئىبادەت ئەسرگە ئىلىۋالمىغان، ئۆرپى- ئادەت ئۇلارغا كىشەن بولۇپ تۇرىۋالمىغان ئىدى. ئۇلار ئىبادەت ۋە باشقا ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك كامالەتكە يەتكەن ئىدى. ئۇلار مۇئەييەن ئورۇن، مۇئەييەن ئىبادەت ياكى مۇئەييەن ئەمەل ۋە خىزمەت بىلەن باغلىنىپ قالماي ھەممە ئىشلارنى قىلاتتى. ناماز ۋاقتىدا مەسچىتتە، ئىلىم سورۇنىدا مۇئەللىم ياكى ئوقۇغۇچى شەكلىدە، جىھاد قىلىدىغان ۋاختىدا ئۇرۇش مەيدانىدا، قىيىنچىلىق ۋە مۇسىبەت چۈشكەن ۋاختىدا غەمخورلۇق قىلىش ھالىتىدە ئىدى.

ئىسلامى ھەرىكەت يىتەكچىلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ سەۋەبتىن ئىسلامنىڭ ئومۇمى مەنىسىنى قوبۇل قىلىشقىلا مەجبۇردۇر:

<u>بىرىنچى :</u> ئاللاھ يولغا قويغان ئىسلام دىنى بولسا ھاياتنىڭ بىر تەرىپىنى ئىلىپ كىلىش بىلەن چەكلەنمىدى.ئۇ ھاياتنىڭ ماددى ـ مەنىۋى، يەككە ۋەتوپلۇمسال تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزئىچىگە ئالغان. بۇنىڭ مىسالىنى قۇرئان كەرىمدىن كۆرۈۋىلىشقا بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە چۈشۈرۈلگەن ئەڭ ئۇزۇن ئايەت ئىقتىساد ئىشلىرىغا ئالاقىدار قەرز ئايىتىدۇر ، ئاللاھ : {ئى مۆمىنلەر! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆز ـ ئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار. ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئۇنى (كەم ـ زىيادە قىلماي) ئادىللىق بىلەن يازسۇن خەت بىلىدىغان كىشى (ئاللاھ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن توغرىلىق بىلەن يېزىشنى) رەت قىلمىسۇن ئۇ يازسۇن، زىممىسىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان ئادەم يازدۇرىدىغان كىشىگە ئېيتىپ بەرسۇن} دىدى[1]

يەنە:{ ئى مۆمىنلەر ! سىلەرگە رامىزان پەرز قىلىندى } دىگەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزى دەل شۇ سۈرىدە: {ٌ ئى مۆمىنلەر ! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئىلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى } دەپ جىنائى ئىشلار قانۇننى يولغا قويدى.

يەنە:{ ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە يېقىن تۇققانلىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىش تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى }دەپ مىراس قانۇننى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە شۇ سۈرىنىڭ ئۆزىدە { سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى، ھالبۇكى سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ نەرسە سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر } دەپ ھەربى نىزامنى يولغا قويدى. [2]

<u>ئىككىنچى</u> : ئىسلام ئۆزىنىڭ ھۆكۈم ۋە تەلىماتلىرىنى پارچىلاپ بەزىسىنى ئىلىپ يەنە بەزىسىنى تاشلاپ قويۇشنى رەت قىلىدۇ. ئۇ يەھۇدىلارنىڭ مۇشۇنداق ئۇسۇل قوللانغانلىقىغا قاتتىق رەددىيە بىرىپ : { سىلەر كىتاپنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتى دۇنيادا خارلىققا قېلىش ، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولۇشتۇر. ئاللا سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ } دىدى [1]

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاپ قىلىپ: { ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلار) نىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا چۈشۈرۈپ بەرگەن قۇرئاننىڭ ئەھكامى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسخاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ساڭا چۈشۈرۈپ بەرگەن قۇرئاننىڭ بىرقىسمىدىن سېنى ۋازكەشتۈرۈشىدىن ساقلانغىن } دېدى [2]

دىن بىلەن دۇنيا ئىشلىرىنى ئايرىپ قاراشقا ھېچكىم قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىدىغان ھايات باسقۇچلىرىدىن ئىككى باسقۇچ. بىرىنچىسى خىزمەت قىلىش باسقۇچى، ئىككىنچىسى نەتىجە باسقۇچىدۇر. ئىسلامدىكى ھاياتتا ئەقىدە ۋە ئىبادەتنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرى ئىجتىمائى، سىياسى، ئىقتىسادى پرىنسىپلار ۋە ئۇنىڭ شاخچە پرىنسىپلىرى بىلەن مەنىۋى جەھەتتە چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. ئىسلام پرىنسىپى بىلەن ئىسلام ھۆكۈملىرىنى ئايرىپ قاراش ئىسلامنىڭ نەزىرىدە چوڭ خاتالىقتۇر.

ئەگەر سەن ئىسلامنى پارچىلاپ، ئىسلامنىڭ نىزامىنى بىر بىردىن ئايرىپ قارايتىم دىسەڭ، ئىسلامنىڭ دائىرىسىدە ئۆزۈڭ تۇرالمايسەن. چۈنكى ئەقىدە، ئىبادەت ھايات نىزامىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۆزۈڭغا بارماي ئۇنىڭ ئۆلۈش ياكى سېسىپ كېتىشتىن باشقا ھېچقانداق روھى يوق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىسلامدىن باشقا ھايات پرىنسىپىغا ئىشەنسەڭلار ، ئىمانىڭلار كىمەيمەي ساغلام پېتى تۇرىۋەرەمۇ؟.

ئەگەر سىلەر ئىشلىرىڭلارنى ، سىياسى، ئىقتىسادى مەسىلەڭلارنى ئىسلام ئوتتۇرىغا قويغان نىزام بىلەن رەتكە سالساڭلار، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتا پىرقە ـ پىرقە بولۇشقا مەجبۇر بولماي پەقەتلا بىر ئاللاھ پارتىيىسى بولۇپ خىزمەت قىلىۋېرسىلەر.

ئەگەر سىلەر مادىدى تەرەققىياتقا، زېمىندا ئۈستۈنرەك ئورۇنغا ئىگە بولۇشقا قىزىقساڭلار بۇ ساھەدە سىلەرگە ئىسلام ئەڭ ياخشى ياردەمچىدۇر.

ئۈچىنچى: ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ پارچىلانمايدىغان بىر گەۋدىدۇر. ئىسلام دىنى ھاياتنىڭ بىرقىسمىغا ئىگە بولۇپ، قالغان تەرەپلىرىنى ئىنسانلار تۈزگەن قانۇن- نىزاملارنىڭ ۋە ئىنسانىيەت پىكىرىنىڭ يېتەكلىشىگە تاشلاپ قويىدىغان بولسا ھاياتنىڭ تۈزۈلۈشى ياكى ئىسلاھ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا ئىنسانىنى روھى جەھەتتىن يۈزلەندۈرۈش ، يېتەكلەش دىنىنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن بولۇپ ، مادىدى ۋە ئەقلى تەرىپىنى يۈزلەندۈرۈش ۋە يېتەكلەش دىندىن يىراق باشقا بىر پرىنسىپنىڭ ئىشى بولىدىغان بولسا ئىنسانلارنىڭ ئىسلاھ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئىنسان ئەمەلىيەتتىمۇ پارچىلانمايدىغان ياكى ئايرىلمايدىغان بىر نەرسىدۇر. ئىنسان مەنىۋى ۋە مادىدى تەرەپتىن تەركىپ تاپقان بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ ئۇ گەۋدىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق قارىمۇ ـ قارشىلىق يوق.

ئىمام ھەسەن بەننا ئىسلامى چۈشەنچىگە قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن بۇ چۈشەنچىنى شەرھلەش ئۈچۈن «تەلىماتلار رىسالىسى» ناملىق بۇ رىسالىنى يېزىپ چىقتى ۋە «يىگىرمە ئاساسى قائىدە» نى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ چۈشەنچىسىنىڭ بىردەك بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئاساس قىلدى، ئۇ بۇ رىسالىنى ئوخشاشمىغان ئىسلامى ھەرىكەت ئوغلانلىرىنىڭ بىرلىشىش تۈگۈنى بولۇشى ئۈچۈن مۆتىدىل قىلىپتا ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇ بۇ رىسالىدە «مەن: «چۈشەنچە» دىن بىزنىڭ ئىدىيىمىزنىڭ خالىس ئىسلامى ئىدىيە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىڭىزنى ۋە ئىسلامنى بۇ يىگىرمە قائىدە ئىچىدە چۈشىنىشىڭىزنى مەقسەت قىلىمەن» دېدى.

بۇ ئاساسلار تۆۋەندىكىچە :

1 - ئىسلام دىنى ھاياتنىڭ ھەممە ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمى بىر نىزام. چۈنكى ئۇ دۆلەت، ۋەتەن ياكى ھۆكۈمەت - مىللەت، ئۇ ئەخلاق- قۇۋۋەت ياكى رەھمەت - ئادالەت؛ ئۇ مەدەنىيەت - مائارىپ ياكى قانۇن - ھۆكۈم؛ ئۇ- ماددا - ئىقتىساد ياكى ھۈنەر -كەسىپ ۋە بايلىق ، ئۇ- جىھاد - تەشۋىقات ياكى ئەسكەر - پىكىر، شۇنداقلا ئۇ - ساغلام ئەقىدە ۋەتوغرا ئىبادەتتۇر.

2 - قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى دىني ھۆكۈملەرنى تونۇشتىكى ئاساسى مەنبەدۇر. قۇرئان كەرىمنى چۈشۈنۈشتە بىلەرمەنلىك قىلماستىن ئەرەب تىلى قائىدىسىگە چۈشۈرۈلگەن ئاساسىدا چۈشىنىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى چۈشۈنۈشتە ئىشەنچلىك ھەدىسشۇناسلار ئاساس قىلىنىدۇ.

3 - ھەقىقى ئىمان، توغرا ئىبادەت ۋە جىھاد قىلىشنىڭ ئاللاھ خالىغان ئادەمنىڭ دىلىغا سالىدىغان نۇرى ۋە لەززىتى بولىدۇ. بىراق ئىلھام، خىيال، دەم سېلىش، ۋە چۈشكە بېقىپ ھۆكۈم چىقىرىش شەرئەتنىڭ ھۆكۈم دەلىلىرىنىڭ قاتارىدىن ھىساپلانمايدۇ. بۇ ئىشلار دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىگە ۋە تەلىماتلىرىغا زىت كەلمەسلىك شەرتى بىلەن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

4 - تۇمار، رەمباللىق، كۆز مۇنچىقى، بۆرە ھوشۇقىنى ئېسىۋلىش، داخانچىلىق، پالچىلىق قىلىش، غەيبى ئىشلارنى بىلىمەن دەپ داۋا قىلىش، كېلچەكتىكى نەرسىلەرنى بىلىش ئۈچۈن يۇلتۇزغا قاراش ياكى ئالقىنىغا ئوقۇتۇش ۋە مۇشۇ دائىرىگە كىرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى توسۇشقا ۋە ئىنكار قىلىشقا تېگىشلىك چەكلەنگەن يامان ئىشلاردۇر. لېكىن خالىس قۇرئان ئايىتى ياكى تاللانغان دۇئالار بىلەن دەم سېلىنسا چەكلەنمەيدۇ.

5 - ئىمامنىڭ (ھاكىم) ۋەئۇنىڭ ۋەكىلىنىڭ پىكرى، قۇرئان سۈننەتتىن ئېنىق دەلىل بولمىغان ۋە بىر نەچچە خىل ئېھتىماللىق كۆرۈلگەن ۋە شەرئەت قائىدىسى بىلەن زىتلىشىپ قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا مەنپەئەتلىك ئورۇنلار ئۈچۈن قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ پەتىۋالار ياكى پىكىرلەر بەزى ۋاقىتلاردا شارائىت، ئورۇن، ئۆرپ - ئادەتكە قارىتا ئۆزگىرىدۇ، ئىبادەتتە ئەسلى مەزمۇنغا ۋە نېمە سىرى بارلىقىغا قارىماسلىق، ئۆرپ- ئادەتتە سىرلىرى، ھىكمەتلىرى ۋە مەقسەتلىرىگە قاراش لازىم.

6 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەرقانداق بىر شەخسنىڭ سۆزى ئېلىنىدۇ ۋە رەتمۇ قىلىنىدۇ. سەلەفى سالىھلەردىن كەلگەن نەرسىلەر قۇرئان سۈننەتكە مۇۋاپىق بولسا قوبۇل قىلىمىز، ئۇنداق بولمىسا ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش ھەقلىقتۇر. لېكىن بىز ئىماملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان مەسلىلەردە تەنە قىلمايمىز ياكى ئۇلارنى ئەيىپلىمەيمىز، ئۇلارنى نىيەتلىرىگە تاپشۇرىمىز. چۈنكى ئۇلار قىلغان ئىشنىڭ نەتىجىسىگە ئېرىشىپ بولدى.

7 - جۇزئى (قوشۇمچە) ھۆكۈم دەلىلىرىدە ئىجتىھاد دەرجىگە يەتمىگەن ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ مەزھەپ (كۆز قاراش، تۇتقان يول ) ئىماملىرىدىن بىرئىمامغا ئەگىششى لازىم، مەزھەبگە ئەگىشىش بىلەن بىرگە شۇ مەزھەبتىكى ئىمامنىڭ دەلىلىرىنى تونۇشقا تىرششى لازىم. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئالىم دەپ

قارالغان كىشى تەرىپىدىن پاكىتلىق كۆرسەتمە بىرىلسە ئۇنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇ كىشى ئەھلى ـ ئىلىم (بىلىملىك) بولغان بولسا ئىلمى كەمچىللىكىنى تولۇقلىشى لازىم.

8 ـ پىقھىنىڭ (چۈشەنچە) جۇزئى مەسىللىرىدىكى ئىختىلاپ، دىندا بۆلۈنۈپ كېتىشكە ۋە جىدەل ـ ماجراغا سەۋەپ بولالمايدۇ، ھەر فىقھشۇناسىنىڭ (مەزھەب ئىمامىنىڭ) ئەجرى ئۆزىگە ھىساب، ئىختىلاپ مەسىللىرىدە مۇتئەسسىپلىك ۋە جىدەل ماجرادىن خالى ھالەتتە ئاللاھ يولىدىكى مۇھەببەت ئاستىدا سەممى نىيەت بىلەن ئىلمي تەكشۈرۈش، ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلسا ۋە ھەقىقەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىلمى مۇنازىرە ۋە مۇناقىشە قىلىنسا ھېچقانداق مەسىلە يوق. [1]

9 ـ ئاساسلىق بولمىغان مەسىلىلەر ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىش ئاۋارىچىلىق، شەرئەت بىزنى ئۇنداق مەسىلىلەردىن چەكلىدى، ئۇنىڭ جۈملىسىدىن ئېنىقى سادىر بولمىغان ھۆكۈملەرنىڭ كۆپلىگەن قوشۇمچە مەسىلىلىرى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئېنىقى ئېنىق بىلىنمىگەن ئايەتلىرىنىڭ مەنىسىدە تالاش ـ تارتىش قىلىش، ساھابىلەرنى بىر- بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپى مەسىلىلەردە تالاش ـ تارتىش قىلىشقا ئوخشاش پايدىسىز ئۇششاق مەسىلىلەر. ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئالاھىدە پەزىلىتى ۋە دەرجىسى بار، ھەر بىرسى نىيىتىگە كۆرە مۇكاپات ۋە ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.

10 ـ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش، ۋە ئۇنى ئەيىپ نوقسانلاردىن پاك دەپ تونۇش ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ئاساسى نۇقتىسىدۇر. ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان ئايەت ۋە سەھى ھەدىسلەرنى- ۋە ئۇنىڭغا قوشۇمچە مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان) بولغان ئايەت، ھەدىسلەرنى- كۆچمە مەنىلەردە يەشمەي، بۇرمۇلىماي ۋە ئىنكار قىلماستىن ئۆز پېتى ئىشىنىمىز. ئالىملار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپلارغا چېقىلمايمىز ۋە بىرسىنى پۈتۈن توغرىغا يەنە بىرسىنى پۈتۈن خاتاغا چىقىرىۋەتمەيمىز، ئاللاھ قۇرئاندا :{ ئىلىمدا ھەقىقى توشقانلار : ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن دەيدۇ } دېدى [1].

11 ـ ئاللاھنىڭ دىنىدا ئاساسسىز، ئىنسانلار ئۆز ئارزۇلىرى بىلەن ياقتۇرۇپ قېلىپ ئويدۇرۇپ چىقارغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدا بىدئەت سانىلىدۇ.بۇ بىدئەتلەر دىنىنىڭ ئاساسىغا قوشۇلۇۋالغان بولسۇن ياكى دىندا ئاساسى بار بولغان بىر ئىشنى تەرك ئېتىش بىلەن پەيدا بولغان بولسۇن قارشى تۇرۇشقا تېگىشلىك خاتالىقتۇر. بۇ بىدئەتلەرنى چەكلەشتە ئىشنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋەتمەيدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ـ چارىلەر بىلەن يوقۇتۇش كېرەك.

12 ـ ئىبادەتتىكى قوشۇمچە [1] بىدئەت (ئەزاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتنى ئاشكارا ئېيتىشقا ئوخشاش)، تەرك ئېتىلگەن (يەنى ئاللاھغا يېقىنلىشىمەن دەپ توي قىلىشنى تەرك ئەتكەنگە ئوخشاش) بىدئەت فىقھى ئىختىلاپىدۇر. بۇنداق مەسىلىدە ھەر بىرەيلەننىڭ پىكرى ئۆزىگە ھىساپ. ھەقىقەتنى دەلىل ۋە پاكىت ئارقىلىق ئىزدەنسە ۋە تەتقىق قىلسا ھېچقانداق مەسىلە يوقتۇر.

13 ـ ياخشى كىشىلەرنى دوس تۇتۇش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارنىڭ قىلغان ئىش ـ ئىزلىرىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ماختاش ئاللاھغا يېقىنلىشىشنىڭ بىرسەۋەبىدۇر. ئەۋلىيا (ياخشى كىشلەر) دېگەنلەر ئاللاھنىڭ بۇ سۆزىدە بايان قىلىنغانلاردۇر :{ ئاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرى بولسا، ئاللاھغا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلىدىغان كىشىلەردۇر" [2] شەرئەتكە ئۇيغۇن

www.islamyoli.net

بولۇش شەرتى بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ كۆرسەتكەن كارامىتى ھەقتۇر. ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئۇلار باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈشتىن سىرت، ئۆزلىرىگىمۇ مەيلى ئۇلار ھايات ۋاقتىدا بولسۇن ياكى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بولسۇن باشقىلارغا پايدا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

14 - قەۋرىلەرنى زىيارەت قىلىش، دۇئا قىلىش ـ قانداقلا بولمىسۇن ھەدىستە بايان قىلىنغان شەكلى بىلەن رۇخسەت قىلىنغان سۈننەتتۇر. ئەمما ئۆلۈكلەردىن ـ ئۇلار قانچىلىك يۇقۇرى مەرتىبىلىك كىشى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ــ مەدەت ۋە ياردەم تىلەش، ھاجىتىنى راۋا قىلىپ قويۇشنى تىلەش، ئۇلارغا نەزىر قىلىش، قەۋرىلەرنى قاتۇرۇپ يوپۇق يېپىش، چىراق ياندۇرۇش، قەۋرىلەرنى يۈزلىرىگە سۈرتۈش، ئالالاھنىڭ ئىسمىنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم ئىچىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىدئەتلەر چوڭ گۇناھلار بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشقا تېگىشلىكتۇر. بىز بۇ ئىشلارنى "ۋاستىنى چەكلەش" دېگەن قائىدىگە بىنائەن، كۆچمە مەنىسىدە ئىستىمال قىلمايمىز.

15 - ئالالاھقا دۇئا قىلغاندا مەخلۇقلارنىڭ بىرەرسىنى ۋەسىيلە قىلىش، دۇئانىڭ شەكلىدىكى قوشۇمچە ئىختىلاپ، ئەقىدىنىڭ تۈپ ئاساسى مەسىلىرىدىن ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ھىس قىلماي شېرىك كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ مەسىلىدە ھەزەر قىلىش ، ئېھتىيات قىلىش لازىم.

16 - خاتا ئۆرپى-ئادەتلەر شەرىئەت ئاتالغۇللىرىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بەلكى ئۇ ئۆرپى- ئادەتتىن مەقسەت قىلىنغان ھېكمەت، سىرلارنى تەكشۈرۈش، ھەم بۇ ھەقتە توختۇلۇش كېرەك. شۇنداقلا دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئاتالغۇلارنى ئۆز مەيلىچە قوللىنىشتىن ساقلىنىش لازىم. موھىمى، ئىبرەتنى ئىسىمدىن ئەمەس ، ھەقىقى مەناسىدىن ئالىمىز.

17 - ئەقىدە ئەمەلنىڭ ئاساسىدۇر. قەلبنىڭ ئەملى ئەزالارنىڭ ئەمەللىرىدىن موھىمدۇر. ھەر ئىككىلى تەرەپتە كامالەتكە يېتىش شەرىئەت تەرەپتىن تەلەپ قىلىنغان.

18 - ئىسلام دىنى ئەقلىنىڭ ئورنىنى يۇقۇرى كۆتۈرىدۇ ۋە قاتماللىقتىن ئازات قىلىدۇ. ئىنساننى ئەقىل بىلەن تەپەككۇر قىلىپ كائىناتقا قاراپ پىكىر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئىلىم ۋە ئالىملارنىڭ قەدىر-قىممىتىنى يۇقۇرى كۆتۈرىدۇ ۋە ھەرقانداق نەرسىدىن ياخشى پايدىلىنىشنى ئالقىشلايدۇ. ھېكمەت مۆمىننىڭ يۈتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر، ئۇنى قەيەردە تېپىۋالسا ئۇ باشقىلاردىن ھەقلىقتۇر.

19 - بەزى ۋاقىتلاردا بەزى دىنى كۆز قاراش بىلەن ئەقلى كۆز قاراش ئوتتۇرىسىدا پەرىق كۆرلىشى مۇمكىن. بىراق قەتئى ۋە ئەمەلى ئىشلاردا ھەر ئىككىسى ئارىسىدا زىدىيەت كۆرۈلمەيدۇ. شۇڭا توغرا چىققان ئىلمى ھەقىقەت قەتئى بولغان دىنى ئاساسقا زىت ئەمەستۇر. ئەگەر ھەر ئىككىسى ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈنسە گۇمانى دەلىل بولغىنى قەتئىي دەلىلگە بويسۇندۇرۇلغان شەكىلدە چۈشۈنىلىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىلىسى گۇمانلىق دەلىل بولسا دىنىي كۆز قاراش ئەقلى كۆز قاراش ئېنىق ئىسپاتلانغانغا ياكى خاتالىقى كۆرۈلگەنگە قەدەر ئەگىشىشكە ھەقلىقتۇر.

20 - كەلىمە شاھادەت ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئەمەل قىلغان پەرزلەرنى ئادا قىلغان بىر مۇسۇلمان كىشىنى كاپىر دېيىشكە بولمايدۇ. ئەمما ئۇ ئىماندىن چىقىرىۋېتىدىغان بىر سۆزنى دىسە ياكى دىندىن ئېنىق ۋە زۆرۈر بولغان بىر ئاساسنى ئىنكار قىلسا، قۇرئاننىڭ ئوچۇق ھۆكمىگە ئىشەنمىسە، ئۇنى قايسى ئەھۋالدا بولمىسۇن ئەرەپ گىراماتىكىسىغا ئۇيغۇن بولمىغان بىر مەنا بىلەن شەرھىلىگەن بولسا ۋە كاپىرلاردىن باشقىلار قىلمايدىغان بىر ئىشنى سادىر قىلغان بولسا ئۇ كاپىر سانىلىدۇ.(1)

مۇسۇلمان قېرىنداش دىنىنى بۇ قائىدە دائىرىسىدە چۈشەنسە ئۇ : " قۇرئان بىزنىڭ دەستۇرىمىز، پەيغەمبەر بىزنىڭ ئۈلگىمىز " دېگەن شۇئارنىڭ مەنىسىنى ھەقىقى بىلگەن بولىدۇ.

* * * *

بۇ ھەرىكەتنىڭ تەبىئىتى، خاراكتېرى ۋە شۇئارىنى بايان قىلىش ئىسلام ھەرىكەت يېتەكچىلىرىنىڭ نەزىرىدە موھىم بولغان ئىشلاردۇر :

تەبىئىتى : ئىمام ھەسەن بەننا «قۇرئان كەرىمنىڭ بايرىقى ئاستىدا» ناملىق ئەسىرىدە ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ تەبىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن : "گەرچە ئىسلام ئاساسىدىكى سىياسەت بىزنىڭ ئىدىيمىزنىڭ ھەقىقى ماھىيتىدىن بولسىمۇ بىز سىياسى پارتىيە ئەمەس، ياخشى ئىش قىلىش، ئىسلاھ قىلىش بىزنىڭ مەقستىمىزنىڭ موھىم بىر قىسمى بولسىمۇ بىز ياخشىلىق قىلىش جەمئىيتى ئەمەس، بەدەننى ۋە روھنى چېنىقتۇرۇش بىزنىڭ ۋاستىلىرىمىزنىڭ ئەڭ موھىمى بولسىمۇ بىز مەخسۇس چېنىقىش گۇرۇپپىسى ئەمەس، بىز بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ھېچقايسىدىن ئەمەس، چۈنكى بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسىنى چەكلىك مۇددەت ئۈچۈن قىسقا مۇددەتلىك غايە پەيدا قىلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بۇنى تەشكىللەشتىكى مەقسەت بىرەر ھەيئەت تەشكىللەپ قويۇشتىكى غايىسىز رىغبەت ۋە ئىدارە (ھوقۇق) نامىنى قولغا كەلتۈرۈپ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەمما بىزدە ئەي خالايىق : "ئىدىيە ـ ئەقىدە، نىزام ـ پىرگراما" بار، ئۇنى بىر ماكان ياكى بىر مىللەت چەكلىيەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا جۇغراپىيلىك دائىرە توسالغۇ بولالمايدۇ ، ئۇ (يەنى بىزنىڭ يولىمىز) قىيامەت كۈنى بولغانغا قەدەر توختاپ قالماي داۋاملىشىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاللەھنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ نىزامى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پرىنسىپىدۇر. بىز ئەي خالايىق! مەغرۇرلىنىش يوق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىللىرىدۇرمىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ساھابىلار ئۇنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەندەك بىزمۇ ئۇنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگۈچىللىرى، ئاللاھنىڭ قۇرئانىنى ئۇلار قوغدىغاندەك قوغدىغۇچىلار ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىشتا ئۇلار بىشارەت بەرگەندەك بىزمۇ بىشارەت بەرگۈچىلەر : «ئۇنىڭ خەۋرىنى بىر ئازدىن كېيىن بىلىپ قالىسىلەر» دېدى [1]

دوكتور مۇستاپا سىبائي بۇ دەۋەتنىڭ خاراكتېرىنى ۋە خۇسۇسىيتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى : " مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ تەشۋىقاتى پەزىلەتلىك ۋە كۈچلۈك جەمىيەتنىڭ تەقەززاسىدۇر. بۇ تەشۋىقاتتىكى مەشھۇر ئالاھىدىلىكلەر ئۈچ :

1 ــ ئۇ خاسلىقىقا ئىگە : يەنى ئۇ تەشۋىقات مۇسۇلمان نەپسىنىڭ تەبىيتىدىن ئېتىلىپ چىققان،ئۇنىڭ بىلەن ماسلاشقان ۋە ئۇنىڭ ئەقىدە، ئىمانىدىن ئېلىنغان. شۇڭا قېرىنداشلارنىڭ تەشۋىقاتى ئىسلامغا بولغان چاقىرىقتۇر، ئىسلام دىنى مۆمىنلەرنىڭ قەلبىدە باشقا دىنلارغا نىسبەتەن كۆپرەك تەسىر بىرەلىدى. مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ ئومۇمي ئىشلىرىدا ئىسلامنىڭ پرىنسىپى بىلەن مېڭىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇنداقتا ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلار ياشاپ كەلگەن ھەرقانداق دەۋىردىكى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائي ھاياتىدا مۇسۇلمانغا بولغان تەسىرى چوڭقۇر، ئالامەتلىرى ئوچۇق بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئىسلام دىنى مۇسۇلمانغا ھايات مەسىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئوچۇق يولنى بەلگىلەپ بىرەلىگەن نىزامدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان شەخس ئىسلام دىنىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۆزىگە تەتبىقلىمىسا ھەقىقى مۇسۇلمان بولالمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ تەشۋىقاتى ئىسلامنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان

تەشۋىقاتتۇر. مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ تەشۋىقاتى ئىنسانىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە تېز قوبۇل قىلىنغىنىنى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. مانا بۇ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقىنى، ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىغا، لىكسىيەلىرىگە ۋە مەركەزلىرىگە يۈزلەنگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بۇ تەشۋىقاتنىڭ ئەسلى ئۆزىگە خاس بىر نىزام ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسلى مەنبىيى ۋەھيىدۇر. ۋەھيىگە ھېچ قانداق بىر ئىنسان ئارىلىشالمايدۇ.

2 ـ <u>ئۇ ئىلغارلىقتا ئىگە</u>: يەنى ئۇ ھاياتنىڭ زۆرۈرىيەتلىرى، ئىنسانلار ئىدىيىسىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىل مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ماسلىشالايدىغان ئىسلاھات خىتاپنامىسىدۇر. ئىسلام ھايات بىلەن ماسلىشالايدىغان، ئانالىز قىلىش، تەجرىبە قىلىش ۋە توغرا مەنتىقە ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان ئىلىمگە چاقىرىدىغان دىندۇر. ئىنسانلارنىڭ تۇرمىشى،مۇئامىلىسى داۋاملىق تەرەققى قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھايات سىرلىرى ۋە كائىناتنىڭ زاپاس بايلىقلىرىنى كەشىپ قىلىشى بىلەن تەسىرلىنىپ تۇرىدىكەن، ئۇنداقتا مۆمىنلەر ئىشىنىۋاتقان بۇ ئەقىدە بۇ تەرەققىياتقا ماسلىششى ۋە بۇ تەرەققىيات ئالدىدا توسالغۇ بولىۋالمايدىغانلىغى، بەلكى تەرەققىياتقا يۈزلەندۈرىدىغانلىغى تەبئىي مەسىلىدۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ھەرقانداق دەۋىردە ھاياتتىن بەھرىمەن بولۇشتىن چەكلىمەيدۇ ۋە ئۇلارنى جەمىيەتتە كېرەكسىز قىلىپ قويىدىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىلەن ئىسكەنجىگە ئېلىۋالمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى داۋاملىق ئىنسانلىق ھۆرمىتىنى قوغدىيالايدىغان، ئۇلارنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقان ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان ۋە كۈنسېرى تەرەققىي قىلىپ زامانىۋىلىشىۋاتقان جەمىيەتنىڭ ئالدىدا ماس قەدەمدە تەڭ تۇرالايدىغان قىلىدۇ. يېڭى دەۋىردىكى باشقا تەشۋىقاتلار توغرا مەدەنىيەت يۈنۈلىشى بىلەن ماسلىششقا، ئۇيغىنىش ۋاستىلىرىنىڭ ياخشىسىنى قوبۇل قىلىشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ تەشۋىقاتىغا ئوخشاش ماسلىششقا قادىر بولالمىدى. بۇ تەشۋىقاتنىڭ مەكتەپلىرى، مەدەنىيەت سارىيى، ئىلمى مەركەزلىرى، گىزىتلىرى، باسمىخانلىرى، دوختۇرخانلىرى ۋە شىركەتلىرى بار. بۇنىڭ ھەممىسى بۇ تەشۋىقاتنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان ھاياتنى چۈشەنگەنلىگى، ئىنسانلار ئىدىيىسىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ۋە مەدەنىيەتنىڭ خىلمۇ ـ خىل ساھەلىرىدە ئىلگىرلىشىگە ماسلاشقانلىقىنىڭ تۈپ دەلىلىدۇر.

ئىسلامنىڭ تەرەققىياتى ئەخلاقى پىرىنسىپتىن چەتنەپ كەتسە قولغا كەلمەيدۇ. ئۇ تەرەققىيات ئىنسانلارنىڭ تۇيغۇسى، پىكىرلىرى، ئەخلاقى ۋە ئاڭ سېزىملىرىدە تەرەققى قىلىشتۇر. بىلىم ـ سەۋىيە ساھەسىدە ۋە كائىناتنىڭ چوڭ سىرلىرىنى تېپىپ چىقىش ساھەسىدە تەرەققى قىلىشتۇر.

ئىسلامنىڭ ئىلغارلىقى ئىشلەپ چىقىرىلغان نەرسىلەردىن ۋە ئىنسانىيەت ئەقلىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن پايدىلىنىشتا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئىلغارلىقى، ئومۇمى ياخشىلىق دائىرىسى ئىچىدە بولۇش شەرتى بىلەن ئەقىلنىڭ ئىجادىيەتلىرى ۋە ئۇسۇل ـ چارىلىرىدىن پايدىلىنىشقا بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " ھېكمەت، تەجرىبىلەرنى قەيەردىن بولسا قوبۇل قىلىڭلار" دېگەندى.

3 ـ <u>ئومۇمىيلىقتا ئىگە</u>: يەنى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ تەشۋىقاتى ئىسلاھ قىلىشتا جەمىيەتنىڭ بىرتەرىپى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى ئۇ ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىشقا چاقىرغاندەك، ئەقىدىنى ئىسلاھ قىلىشقا چاقىرىدۇ ۋە ئائىلەمنى ئىسلاھ قىلىشقا چاقىرغاندەك، ئىشچى خىزمەتچىلەرنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئۇ ئائىلە ۋە مەكتەپنىڭ پاساتچىلىقى بىلەن كۆرەش قىلغاندەك سىياسەت ۋە قانۇن ـ

تۆزۈمنىڭ پاساتچىلىقى، مۇستەبىتلىكى بىلەن كۆرەش قىلىدۇ. ئۇ مەسچىتكە كۆڭۈل بۆلگەندەك زاۋۇت ـ كارخانىلارغا، شەھەرگە كۆڭۈل بۆلگەندەك يېزىغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ئىسلامنىڭ بۇ ئومۇملىقى پارچىلىنىشىنى ياكى بىر تەرەپلىمىلىكىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىنساندىن سادىر بولىدىغان ھەرقانداق بىر ئىشقا ئىسلام دىنىنىڭ خۇسۇسى ھۆكمي بار. شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانلارنىڭ كاللىسىغا كېلىۋاتقان ئىدىيە، قەلبىدىكى مايىلچانلىقتىن تارتىپ بۇ ئىشلارغىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكمى بار.

ئىسلام شەرىئىتى ھەر قانداق زامان ۋە ماكاندا تەتبىقلاشقا يارايدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا بۇ تەشۋىقاتنىڭ ئومۇمى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ : «ئى مۇھەممەد ! سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق» دېدى. (1)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «مەن پۈتۈن كىشلەرگە ئەۋەتىلدىم» دېگەن (2).

بۇ شەرىئەتنىڭ ئومۇمىيلىق تەقەززاسى ئۇ ھەر قانداق زامان ، ھەر قانداق ماكان ۋە ھەر قانداق موھىتقا يارايدۇ.

خاراكتېرى

1 ـ خەلىقئارالىقتا ئىگە : ئۇ بىر ئىقلىم ياكى بىرمىللەت ياكى بىر زامان بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن پۈتۈن خالايىقلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كەلگەن دەۋەتتۇر.

2 ـ ئومۇمىيلىقتا ئىگە: ئۇھاياتنىڭ بىرتەرىپىگە چەكلەنمەستىن ئىسلاھات تۈرلىرىنىڭ ھەر خىل ساھەسىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

3 ـ كېڭىيىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: ئۇ پەزىلەتلىك ئېسىل ھايات بىلەن ماسلىشىشتىن توڭلاپ قالمايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ئازار بەرمەيدىغان ، ئەقىدىسىگە قارشى كەلمەيدىغان دائىرىدە پىكىر ۋە ئىلىمنىڭ نۇرلۇق مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولۇشقا توسالغۇ بولۇۋالمايدۇ.

كېڭىيىش دېگىنىمىزدە، داۋاملىق جەمىيەتنىڭ ئېھتىياجى، ھەر قانداق زامان ياكى ھەر قانداق ماكان ئۈچۈن يولغا قويۇلغان قانۇنلۇق مەنپەئەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مۇناسىپ كېلىدىغان دەرجىدە تەرەققىياتقا نىسبەتەن قانۇن يولغا قويۇش، يېڭىلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا ماسلىشىش قابىلىيىتى بارلىقى كۆزدە تۇتىلىدۇ.

ئىسلامدىكى قانۇن چىقىرىش مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا ئىسلامىيەت ئىجتىھاد قىلىشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

شۇئارى

1 ـ ئىبادەت قىلىش، ئاللاھ بىلەن كۈچلۈك ئالاقە باغلاش ئارقىلىق مەنىۋىيتىنى جانلاندۇرۇش.

2 ـ مۇسۇلماندا داۋاملىق ئۇرۇش مەيدانىدىكى جەڭچىنىڭ ئىرادىسى، شەھىد بولغان كىشىنىڭ ئاللاھ بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىدىكى خۇشاللىقى تېپىلغانغا قەدەر ھەققەت، ياخشىلىق ۋە ئىززەت پرىنسىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر.

3 ـ بۇ تەشۋىقات قاتماللىق ياكى قالايمىقانچىلىق تېپىلمايدىغان ئىنتىزامدۇر؛ قولچىلىق ياكى ئىسيان كۆتۈرۈش تېپىلمايدىغان ئىتائەتتۇر؛ يامان گۇمان ياكى ياغلىمچىلىق تېپىلمايدىغان مۇھەببەتتىن ئىبارەتتۇر.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## هازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ پەلسەپەسى

هازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ پەلسەپەسى

ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ پەلسەپەسى ئىسلام روھىدىن ئىلھاملانغان بولۇپ، ئاساسى ئۈچ موھىم قىسىمدىن تەركىب تاپقاندۇر :

1- روھى (مەنىۋى) پەلسەپەسى

مەنىۋى تەرەپ ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتى دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرىۋاتقان بىرىنچى ئاساسدۇر. ئۇ داۋاملىق ئاللاھ تائالانى كۆزىتىۋاتقان تۇرىدىغان، ھەر قانداق ئىشلىرىدا نىيىتىنى خالىس قىلىدىغان، ئاخىرەتنى ئەسلەپ تەييارلىق قىلىدىغان، ماددى ۋە مەنىۋى پاكىزلىقنى قوغدايدىغان مۇسۇلمان شەخسنى يېتىشتۈرۈشتە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك موھىم مەسىلە.

ئىمام بەننا (ئاللا ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن): "مەنىۋىيتى جانلىق بولۇش، روھى ئويغاق بولۇش - بىز تەشۋىقاتىمىزدا ئاساسلىق ئەھمىيەت بېرىدىغان، تەشۋىقاتىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشى ۋە تارقىلىشىدا تايىنىدىغان ئەڭ موھىم ئامىلدۇر. شۇڭا بىزنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنىمىز روھى ئويغاقلىق، قەلبى تىرىكلىك ۋە ۋىجدان تۇيغۇدىكى ھەقىقى ئويغىنىش " دېدى. مۇسۇلمان شەخسنى يېتىلدۈرۈشكە قانچىلىك كۆڭۈل بۆلۈنگەن بولسا مۇسۇلمان ئائىلە، مۇسۇلمان خەلق، مۇسۇلمان مىللەتنى يېتىلدۈرۈشكىمۇ شۇنداق كۆڭۈل بۆلۈنىدۇ.

ئىسلامى ھەرىكەت خەلقنى تەربىيىلەش ۋە خەلقنى ئويغىتىشتا ماددى كۈچنىڭ قۇۋۋىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلمايدۇ. لېكىن پەزىلەتلىك ئەخلاق، ئالى جاناپ كۆڭۈل، ئۆتكۈر ئىرادە، خىزمەت يولىدا قۇربان بېرىش، ئىشەنچكە تولغان ۋاپادارلىق، مەجبۇرىيەتلەرگە ئىشىنىش ۋە ئۇنى تونۇشتىن تەركىب تاپقان روھى كۈچ قۇۋۋەتنى ماددى كۈچ - قۇۋۋەتنىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر دەپ قارايدۇ.

ئىسلامى ھەرىكەت روھى تەرەپكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ماددى دۆلقۇنغا بولغان قارشى كۆرەشنى نىشان ۋە غايە قىلغىدەك بىر دەرىجىگە يەتتى. كىشلەر بۇ دولقۇننى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى ۋە جەمىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئورنىغا، بۇ دولقۇن كىشلەرنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۋالدى. ئىمام بەننا : " قۇرئان كەرىم ئاستىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار" ناملىق رىسالىسىدە بۇنى چۈشەندۈرۈپ: " ئەمما قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ماددى ۋە شەھۋەت مەدەنىيتىدىن ئىبارەت ئىسلامى خەلقلەرنى سۆرەپ كەتكەن ۋە ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوماندانلىقى، قۇرئاننىڭ ھىدايىتىدىن يىراقلاشتۇرغان بۇ ماددى مەدەنىيەتكە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر " دېدى.

بىز ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ مەنىۋى پەلسەپىسى ئاساس قىلغان پىرىنسىپلارنى ئۈچ تۈرگە يىغىنچاقلايمىز :

بىرىنچى، خۇدا كويلۇق ۋە ئومۇمىلىق: ئىسلامنىڭ بىرىنچى ئاساسى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش، قىيامەت كۈنىنىڭ ئەقىدىسىنى تىكلەش ۋە ئىنسانىيەت تۇيغۇسىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدىغان، كىشلەرنى ئاللاھ بىلەن باغلايدىغان رەببانىيەت(خۇدا كويلۇق)نى ئاساس قىلىش لازىم.

www.islamyoli.net

ئىمام بەننا مەنۋى تەربىيەنىڭ ئەمەلى ئاساسى مەيدانى بولغان ئائىلە(گورۇپا) نىزامىغا ئايرىم رىسالە يېزىپ چىقتى. ئۇ رىسالىسىدە خىتابىنى " جىھاد قىلىۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا " يۆزلەندۈردى. ئۇ رىسالىدە ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ "ئاللاھ بىزنىڭ غايىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۆلگىمىز، قۇرئان بىزنىڭ دەستۇرىمىز، جىھاد يولىمىز ۋە ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇش بىزنىڭ ئەڭ يۇقۇرى ئارزۇيىمىز " دېگەن شۇئارىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈردى. شۇنداقلا بەيئەتنىڭ ئاساسى بولغان 10 شەرتىنى بەلگىلىدى. ئۇلار: "چۈشىنىش، ئىخلاس، ئەمەل، پىداكارلىق، ئىتائەت قىلىش، چىداملىق ، ساداقەتلىك، قېرىنداشلىق، ۋە ئىشەنچىدىن ئىبارەتتۇر". ئاندىن كېيىن ئۇ بۇ 10 ئاساسنى بىر ئاز شەرھلىدى ۋە چۈشەنچىنىڭ ئۆزىنىلا 20 ئۇسۇل (قائىدە) ئىچىدە ئىزاھلىدى. ئۇنىڭ ئەڭ موھىمى ئىسلامنى ئومۇمى مەنىسى بىلەن چۈشىنىشدۇر. ئۇ ئىخلاسنى چۈشەندۈرۈپ ئىخلاس دېگەن مۇسۇلمان قېرىنداش غەنىمەت، شان ـ شۆھرەت، ئابروي،نام ـ ئاتاقىقا ئېرىشىشنى ئويلىماستىن، ئالدى سەپتە تۇرۇش ياكى كەينى سەپتە بولۇشقا پەسەنت قىلماستىن ئۆزىنىڭ سۆزى ، ئىلمى، ئەمىلى ۋە قىلغان جىھاد ئىشلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلىشتۇر، شۇنىڭ بىلەن غەرەز، مەنپەئەتلىك جەڭچى ئەمەس، ئىدىيە ۋە ئەقىدىلىك جەڭچى بولىدۇ" دېدى.

ئەمەلنى چۈشەندۈرۈپ ئۇ ئىلىم ۋە ئىخلاسنىڭ مېۋىسىدۇر. داۋاسىدا راستچىل قېرىنداشتىن تەلەپ قىلىنغان خىزمەت دەرىجىسىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىسىدۇر، ئۇ يەتتە دەرىجە بولۇپ بىز بۇ يەردە ئۈچ دەرىجىنى بايان قىلىمىز :

1 ـ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش: يەنى بەدىنى كۈچلۈك بولۇش، ئەخلاقى گۈزەل بولۇش، كەسپى ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش، (يەنى جېنىنى قوغدىغىدەك، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ھۆددىسىدىن چىقالىغىدەك دەرىجىدە قولىدىن بىر ئىش كېلىش) ئىشلىرى تەرتىپلىك بولۇش، باشقىلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان بولۇش، نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش، ۋاقتقا رىئايە قىلىش، ئىبادىتى دۇرۇس بولۇش ۋە ئەقىدىسى ساغلام بولۇشتىن ئىبارەت.

2 ـ مۇسۇلمان ئائىلە قۇرۇش: ئائىلىسىنى ۋە پەرزەنتىنى ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئۇلارنى ئىسلامنىڭ پىكرىنى ھۆرمەتلايدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش.

3 – جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىش : ياخشىلىققا قارىتا تەشۋىقاتنى جانلاندۇرۇش، رەزىل ۋە يامان ئىشلار بىلەن كۆرەش قىلىش، پەزىلەتكە قىزىقتۇرۇش، ياخشى ئىشلارغا رىغبەتلەندۈرۈش، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراش ۋە ئىسلام پىكرىنى ئومۇمى خەلق پىكرىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق جەمىيەتنى يېتەكلەش.

ئۇ جىھادنى چۈشەندۈرۈپ" ئۇ قىيامەت كۈنىگىچە داۋاملىشىدىغان پەرزدۇر " دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : " كىم جىھاد قىلماي ياكى جىھاد قىلىشنى نىيەت قىلماي ئۆلۈپ كەتسە جاھىلىيەتنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلىدۇ "ᐟ دېگەن.

ئۇ پىداكارلىقنى شەرھلەپ " ئۇ جېنىنى، مېلىنى، ۋاقتىنى ۋە پۈتۈن ھاياتىنى غايە يولىدا قىزغىنلىق بىلەن پىدا قىلىشتۇر " دەپ تونۇشتۇردى.

چىداملىق بولۇشنى شەرھىيلەپ"ئۇ مۇددەت قانچىلىك كۆپ بولۇپ كەتسۇن، يىل ـ ئايلار قانچىلىك ئۇزۇن بولۇپ كەتسۇن، قېرىنداشنىڭ غايە يولىدا جىھادنى ئۈزۈپ قويماي داۋاملاشتۇرىشىدۇر " دېدى.

www.islamyoli.net

ساداقەتلىك بولۇشنى چۈشەندۈرۈپ ئۇ قېرىنداشنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىگە ئىخلاسمەن بولۇشى، باشقىلارنىڭ چۈشەنچە ۋە پرىنسىپلىرىنى ئارلاشتۇرماسلىقى لازىم. چۈنكى ئۇ ئىدىيەلەرنىڭ ئەڭ ئۈلۈغدۇر ۋە ئومۇمراقىدۇر دېدى.

قېرىنداشلىقنى چۈشەندۈرۈپ ئۇ قەلب ۋە روھلارنىڭ بىر - بىرسىگە ئەقىدە ئالاقىسى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىشىدۇر. چۈنكى ئەقىدە ئالاقىلەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىكىدۇر. ئىمان قېرىنداشلىقى بىرلىششنى، كۇپىرلىق قېرىنداشلىقى ئىناقسىزلىقنى كەلتۈرىدۇ دېدى.

ئىشەنچنى چۈشەندۈرۈپ ئۇ ئەسكەرنىڭ قوماندان بولغان كىشىنىڭ قابىلىيىتى، سالاھىيىتى بارلىقىغا ۋە ئىخلاسمەنلىكىگە مۇھەببەت، ھۆرمەتلەش، ئىتائەت قىلىش دەرىجىسىدە ئىشىنىشى لازىم. مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشۋىقاتىدا قوماندان، پەرزەنتلىرىنى چىن دىلىدىن سۆيگەن بىر ئاتا ـ ئانا، ئىلىم ئۆگەتكەن بىر ئۇستاز، روھى تەربىيە بىرىدىغان بىر شەيخكە ئوخشاشتۇر" دېدى.

ھەسەن بەننا ئىسلامى ھەرىكەت ئەزالىرىنىڭ ھەربىرسىگە 40 ۋەزىپىنى بەلگىلىدى. بىزگە بۇ ئورۇندا موھىم دەپ قارالغىنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: " نامازنى تولۇق مۇكەممەل ۋاختىدا ئوقۇش، ۋاقتىغا رىئايە قىلىش، نامازنى مەسچىتتە جامائەت بىلەن ئادا قىلىشقا ھېرىس بولۇش، رامىزاننى توغرا تۇتۇش، قۇدرىتى يەتسە ھەج قىلىش، تۆبە ـ ئىستىغپارنى داۋاملىق قىلىپ تۇرۇش، نەپسى بىلەن بويسۇنغانغا قەدەر قاتتىق جىھاد قىلىش، قېرىنداشلار دۇئاسىنى (يەنى تاللانغان دۇئا توپلىمى) لازىم تۇتۇشتىن ئىبارەت.

ئىسلامنى ئومۇمى چۈشۈنۈش، ئىسلام ئەقلىدىكى چوڭ بىر بۆسۈش ئېغىزى بولدى، ئۇ چۈشەنچە ئىسلامنى دەسلەپكى ھالىتىگە قايتۇردى. ئىسلامنى ياۋرۇپاچە چۈشەنچە بىلەن ئېيتقاندا، ھايات بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق دەيدىغان چۈشەنچىدىن، ئىسلامنى دىن ۋە دۇنيا ياكى ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدە كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى ۋە ئالاقىسىنى ئىنتىزامغا سالىدىغان ئومۇمى ئىجتىمائىي نىزامدۇر دەپ قارايدىغان چۈشەنچىگە يۆتكىلىشىنىڭ جىددى ھەم زىل ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

**ئىككىنچى ، ئىجتىمائىي روھانىيەت :**

ئىنسان ماددا بىلەن روھدىن تەركىپ تاپقان بىر مەخلۇقتۇر. ماددىنىڭ ئۆزىگە خاس نىزامى ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان دۇنياسى بار، روھنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ۋە ياشايدىغان دۇنياسى بار. ئىنساننىڭ ئىككى ھاياتى بولۇشى تەلەپ قىلىنغان :ماددى ھاياتى بولۇپ، ئۇ بۇ ھاياتىدا بەدەنىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى ھېكمەت ۋە ئىنتىزام ئىچىدە ئادا قىلىدۇ. يەنە بىرسى روھانى (مەنىۋى) ھايات بولۇپ، ئىنسان بۇ ھاياتى بىلەن ماددى دۇنياسىنىڭ ئارقىسىدا ياشايدۇ. ئىنسان بۇ روھانى ھاياتىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنىمۇ ئادا قىلىدۇ. ئەگەر ئىنسان بەدىنىنىڭ ۋە روھىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلسا ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىغا نىسبەتەن ئىنساپ قىلغان، ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان قانۇنى بىلەن ماڭغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ تىنچلىقىدا ياشىغان بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرسىگە تامامەن مايىل بولۇپ كېتىپ يەنە بىر تەرەپتىن يۈز ئۆرۈسە ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ سۈننىتىگە (قانۇنىغا) گەدەنكەشلىك قىلغان بولىدۇ.

ھازىرقى دەۋر ئىنسانلىرىدەك مال دۇنياغا يۈزلىنىپ، ماددى مەنپەئەت ئۈچۈن رىقابەتلىشىپ، بەدەنىنىڭ تەلەپلىرىگە ئەسىر بولۇپ، قورۇق ئابرويغا ۋە ساختا كۆرۈنۈشكە بېرىلىپ، دۇنيا مەئىشەتلىرى

ئۆچۈن مەنۋىيىتىنى يوقۇتۇپ ياشايدىغان كىشى هاياتىنىڭ ھەقىقىتىنى كۆرۈشتىن كۆزىگە پەردە تارتىلغان ئىنساندۇر. ئاللاھنىڭ سۈننىتى ئۇنىڭ ئىنسانلىق قىممىتىنى يوقىرى كۆتۈرۈشنى ئىرادە قىلغۇاتسا ئۇنى رەت قىلىپ، شۇ بۆيۆكلۈكتىن ۋە ھۆرمەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىپ زېمىنغا دۆم چۈشكەن مەخلۇقتۇر.

روھىنىڭ تەلەپلىرىگە ئاۋاز قوشۇپ، كۈندۈزنى رامىزان تۇتۇش بىلەن، كېچىسىنى قىيام (كېچىسى ئىبادەت قىلىش) بىلەن ئۆتكۈزگەن، دۇنيا هاياتىنىڭ ياخشى نېمەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، جىسمانىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشى ۋە بەدىنىنىڭ زېمىنغا ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە روھى كۈچىنىڭ يوقىرى كاتۆرلىشى ئۈچۈن ياخشى يەپ، ياخشى ئىچىپ، هاياتى دۇنيادىن ئاللاھ هالال قىلغان نېمەتلەردىن پايدىلانماي قېيىن، يىرىك تۇرمۇشنى تاللايدىغان كىشىگە كەلسەك ئۇمۇ هاياتنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغان جاھىل ئىنساندۇر ۋە ئاللاھنىڭ سۈننىتىدىن يۈز ئۆرۈگەن غاپىلدۇر. شۇ ئارقىلىق بەدىنىنىڭ ھەققىنى زايا قىلغۇچىدۇر.

مانا مۇشۇنىڭدەك، ئىسلام دانالىق بىلەن بىزگە توغرا هايات يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەگەر روھى تەرەپتىن بولسىمۇ بىر تەرەپتە بەك چېكىدىن ئاشۇرۋېتىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بايان قىلدى.

بەدەننىڭ غىزاسى بۇ زېمىندىن چىقىدىغان يېمەك ـ ئىچمەكتۇر. ئۇنى هاسىل قىلىش قورالى قول ـ پۇت،كۆز ـقۇلاق، تىلدىن ئىبارەت بولسا، روھنىڭ غىزاسى ئىبرەت ۋە مەرىپەتتۇر. ئۇنى هاسىل قىلىش قورالى يارتىلىش ئالامەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ۋە خالىقنىڭ (ياراتقۇچىنىڭ) سۈپەتلىرىنىڭ ئىز ـ تەسىرلىرنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە تەكشۈرۈشتۇر.

روھنى ئىبرەت ۋە تەپەككۇر قىلىش غىزاسىدىن ئۈزۈپ قويۇپ، روھنىڭ ئۇزۇقىنى دۇنيانىڭ هاۋايى ھەۋەسىگە ئالماشتۇرۇپ، دىلنىڭ قېتىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇش خاتالىقنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

هايات بىر سىردۇر، ئۇنىڭ كۆرىنىشى بەدەندىكى ھەرىكەت. روھنىڭ كۆرنىشى بولسا دائىم ئويغاق تۇرۇشتۇر. هايات داۋاملىشىدىكەن بەدەن ھەرىكەتتىن توختاپ قالمايدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش دىلمۇ رەببانى ئويغاقلىقتىن توختاپ قالماسلىقى لازىم. دىلنىڭ ئويغاقلىقى روھى هاياتنىڭ داۋاملاشقانلىقىنىڭ كۆرىنىشىدۇر. ئەگەر روھ ئويغاقلىقىدىن توختاپ، نۇرى ئۆچەپ قالسا،ئۇ دىلنىڭ ئۆلگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر.

ئىسلامى ھەرىكەت يېتەكچىلىرى ئىجتىمائي روھانىيەتكە ئىشىنىدۇ. ئۇلار خۇسۇسى هاياتىدا ۋە ئىبادەت تەرەپلىرىدە شەرىئەتكە نىسبەتەن مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان مۇسۇلماننىڭ يولىدا ماڭىدىغان روھانىيچىلار ۋە ئوخشىمىغان ھەرخىل تۈردىكى جەمىيەتلەر بىلەن ئارلىشىدىغان ئىجتىمائي مۇناسىۋىتى قويۇق كىشلەردۇر. ئۇلار روھى پائالىيىتىدە نەپسىلىرى بىلەن جىهاد قىلىدۇ، نەپسىلىرىنى غالىپ كەلگەن ماددى غەلتە-غەشلەردىن تازلايدۇ ۋە روھانى (مەنۋى) تەرپىنى ئىبادەت بىلەن پاكلايدۇ. ئۇلار ئىجتىمائى كېسەللىك يامراپ كەتكەن ۋە ئەخلاقى چۈشكۈنلۈك، رەزىللىك چىرىتىپ تاشلىغان جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتا مىسلى كۆرۈلمىگەندەك دەرىجىدە سېخىلىق، پىداكارلىق ۋە قۇربان بېرىش ئارقىلىق جىهاد قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىش مۇسۇلماننىڭ شەخسىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئاساسلارنىڭ بىرىسىگە ئايلاندى. ئىمام بەننا بۇ توغرىدا : "بۇتەشۋىقاتنى ئومۇمى تەرەپتىن تولۇق

ئۆزلەشتۈرمىگەن، ئۇ تەشۋىقاتقا جىنى، مېلى، ۋاقتى ۋە كۈچىدىن ئىبارەت بۇ تەشۋىقات تەقەززا قىلىشۋاتقان نەرسىنى بېرەلمىگەن ئادەم بۇ دەۋەتكە يارىمايدۇ " دېدى.

قېرىنداشلارنىڭ قەلبى ۋە ئەقىلرىدىكى ئىجتىمائى روھانىيەت جەمىيەتنىڭ ئىسلاھ بولىشى ۋە گۈللۈنۈشى ئۈچۈن روھ بىلەن ماددىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا تۇرغۇزۇلدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كېچىلىرى راھىپ، كۈندۈزلىرى چەۋەنداز بولۇشنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق قارىمۇ - قارشىلىق كۆرۈلمەيدۇ.

## ئۈچىنچى، ئىجابى ئەقىل

ئۇ – ھەمىشە بۇزۇشنى ئەمەس قۇرۇشنى ، ۋەيران قىلىشنى ئەمەس، ئىسلاھ قىلىشنى ئويلايدىغان؛ ئۇششاق ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىپ چوڭ - چوڭ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش، دىنىنىڭ ئاساسلىق مەقسەت نىشانلىرىغا يۈزلىنىپ ئۇنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىش ۋە ۋاقتىنى دىنىنىڭ جەۋھىرىگە ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق قوشۇمچە ئۇششاق مەسىلىلەردە زايا قىلماسلىقنى ئويلايدىغان ئەقىلدۇر.

ئىجابى ئەقىل ھازىرقى زامان ئىسلامى ھەرىكەت يېتەكچىلىرىنىڭ تەبىئىتىدۇر، ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتى مۇئەييەن گورۇپىغا مەنسۇپ ئەمەس، ئومۇمى خاراكتىرگە ئىگە تەشۋىقاتتۇر. دىنىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتى ۋە جەۋھىرىگە يۈزلىنىدىغان، خىزمەتنىڭ ئۈنۈم بېرىشى، مەھسۇلاتنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن ئوخشىمىغان خىلمۇ - خىل ئىسلامى كۆز- قاراشلارنى بىرلەشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدىغان تەشۋىقاتتۇر.

ئىسلامى ھەرىكەت يېتەكچىلىرىنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى چەكلىك بولماستىن، تەپەككۇرقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئەقلى ئۇپۇقىنىڭ چەكسىزلىكى بىلەن ئالاھىدە دەرجىدە بولىدىغان، قوشۇمچە مەسىلىلەردە ئىختىلاپنى قوبۇل قىلىدىغان، پىكرى مۇتەئەسسىپلىك قىلىشنى ياقتۇرمايدىغان ۋە ھەقىقەتكە يېتىشكە ئۇرىنىدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن كىشلەرنى ئەڭ مۇلايىم ۋە ئەڭ ياخشى ئۇسۇل - چارىلەر بىلەن ئۈندەيدىغان شەخسلەردۇر.

ئىجابى تەشۋىقاتچى ئىرادىلىك، پەم - پاراسەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ مىراسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئىمان كىتابى، مەدەنىيەت قۇرلىرى، مەدەنىيەت كەسپىدۇر. ئۇ بىلىم- سەۋىيە بىلەن ئىجادىيەت يولىدا ئالغا ئىلگىرلەپ ماڭىدۇ. جىددى قىياپەتتە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ تۈرلىرى زامان بىلەن ماكانىنىڭ كەڭلىكىدەك مەزمۇنغا باي بولىدۇ.

ئىجابى ئەقىل باشقىلار تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنمىسىمۇ ھۆپۈپنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش رولنى ئالىدۇ. بۇ ۋەقەلىك ئىجابىلىقنىڭ چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. ھۆپۈپ ھېچ بىر كىشى تەرىپىدىن بىر ئىشقا تەكلىپ قىلىنماستىن ياكى چىقىرىلغان بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماستىن، مۆمىن رەھبەرنىڭ ھوزۇرىغا بۇتقا ئىبادەت قىلىدىغان بىر مىللەتنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىپ ، بىر مىللەتنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدا چوڭ رول ئوينىغان ئىدى.

دېمەك تەشۋىقاتچى ھەر ۋاقىت تەشۋىقاتنىڭ مەنپەئەتى ئۈستىدە ئويلىنىشى ۋە تەشۋىقاتنى قوغدىشى كېرەك. تەشۋىقاتچى ھۆپۈپكە قارىغاندا ئىجابى خىزمەت قىلىشقا ۋە ياخشىلىق تەرەپلىرىنى ئىزدىنىشكە ھەقلىقتۇر.

ئىجابى ئەقىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ : «كىم گەپ - سۆز قىلماقچى بولسا ياخشى گەپ بولسا قىلسۇن، بولمىسا گەپ – سۆز قىلماي شۈك تۇرسۇن» دېگەن سۆزىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ياخشى ئىش

بولسا ئىجابىي رىقابەت بىلەن قىلىدۇ. ئۆزى ياخشى ئىش قىلالماي قالسا ياكى ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بىر ئىش قىلالمىسا شۇك تۇرىدۇ. ياخشى ئىش قىلىۋاتقانلارنىڭ ئىشلىرىنى بۇزمايدۇ. بەلكى ئۇلارغا ھەمكارلىشىپ بېرىدۇ.

ئىجابىي ئەقىل ئۆزى يالغۇز قالسىمۇ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ، مۇرتەدلىك مەزگىلىدە ئەبۇبەكرىنىڭ قىلغان سۆزىدىن ئىبرەت ئالىدۇ. ئەبۇبەكرى مۇنداق دېگەن ئىدى : "ئەگەر مېنىڭ ئوڭ قولۇم بۇ مەسىلىدە مەن بىلەن قارشىلاشسا، سول قولۇم بىلەن جىھاد قىلغان بولاتتىم".

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى تەكشۈرۈپ چىققان كىشى، بۇ مەدەنىيەتنىڭ شەخسى ئىجادىيەتلەر ۋە ئىجابىي روللار بىلەن قۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. ئۇ ئىككى نەرسە ئالاھىدە پىكىرنىڭ بولىقى، مەدەنىيەت ئۇيۇقىنىڭ باشلانمىسىدۇر. تارىختىن تارتىپ ئىجادىيەتلەر شەخسى كۈچلەر ئارقىلىق قولغا كەلمەكتە. بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ باشلىنىشى شەخسى كۈچلەر بىلەن باشلانغان.

ئافغانىستان جىھادى ئابدۇللا ئەززامنىڭ ياشلارغا ئۈلگە بولۇپ، جىھاد روھىنى ئۇلغايتقان شەخسى تىرىشچانلىقى بىلەن باشلانغان ئىدى.

ئىسلام خىزمىتىدە ئىجابىلىق بىلەن ئالاھىدە ئۆزرە ئېيتىقلى بولىدۇ.چۈنكى ئۇ قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ، نەتىجىدىن ھىساپقا تارتىلمايدۇ.

ئىجابىلىق بىلەن ئىنسان ئۆزىنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزىگە ئىشەنچە تۇرغۇزالايدۇ. ئىجابىسىزلىقتا شەيتان ئۇنى كولدۇرلۇتۇپ ئۇنى خىزمەت قىلىشتىن ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ ياكى خىزمەتتىن يىراق زاھىد قىلىپ قويىدۇ. شەيتان، تەشۋىقاتچىغا بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق دېگەننى ھېس قىلدۇرۇش ياكى ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش ياكى خىزمەت ھەققىدە سۆز قىلىش مەغرۇرلىنىشنىڭ كۆرنىشى، رىيانىڭ بىر تۈرى بولۇپ قالىدۇ دەپ ۋەسۋەسە قىلىشقا باشلايدۇ. شەيتان ئۇنىڭغا جەمىيەتتىن ئايرىلىپ يالغۇز ياشاشنى ياخشى كۆرسىتىپ، تۇگۇلۇۋېلىشنى(ئايرىم شۇك تۇرىۋېلىش جامائەتكە قوشۇلماسلىق) چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا جەمىيەتتىن ئايرىلىۋالغانلىقنى تەقۋالىق، تۇگۇلۇۋېلىشنى ئېيپەت ، خىزمەت ھەققىدە گەپ - سۆز قىلماسلىقنى كەمتەرلىك قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن مەنپەئەتلەر قولدىن كېتىپ ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ياخشىلىق يوللىرى ئېتىلىپ، ئۇنىڭ ۋاقىتلىرى قولدىن كېتىپ، كۈچ - تاقەتلىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

ئىشلارنى كىچىك سانىماسلىق، بۈيۈك ئىشلارنى كۆپ دېمەسلىك ئىجابىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. كىچىك ئىش نىيەتنىڭ پەزىلىتى بىلەن چوڭىيىشى، چوڭ ئىش نىيەتنىڭ تەسىرىدىن كىچىكلەپ كېتىشى مۇمكىن.

ئىجابىي ئەقىل ھىممەتنى قوغدايدۇ، چۈنكى ھىممەت ئىشلار ۋە نەرسىلەرنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

2 - ئىقتىسادى پەلسەپەسى :

ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئىقتىسادى پەلسەپىسى ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، ئىقتىسادىنى ھالال يولدىن تېپىپ، توغرا يولغا سەرپ قىلىش، شۇنداقلا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش، يېزا ئىگىلىك ۋە سانائەت ساھەسىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىياتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىسلام شەرىئىتىدىن ئېلىنغان پەلسەپەدۇر.

كۆپلىگەن كىشىلەر ئىسلام دىنى ئىقتىسات تەرىپىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، دىن بىلەن ئىقتىسات بىر بىرىگە زىت نەرسە دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىقتىسات ھاياتنىڭ ماددى تەرىپىگە ئىگە، دىن بولسا ئۇنىڭ روھى تەرىپىگە ئىگىدۇر. ئىقتىسات دېگەن ماددىغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىك، دىن بولسا ئۇنىڭدىن يوقۇرى ئۇستۈن تۇرغانلىق بولىدۇ.

بۇ خىل كۆز قاراش باشقا دىنلاردا توغرا بولسىمۇ، بىراق ئىسلام دىنىدا قەتئى توغرا ئەمەس. قۇرئان كەرىم ئىقتىساتنى ھاياتنىڭ تۈۋرۈكى دەپ باھا بەرگــــــەن :{ئاللاھ دۇنيا تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلىپ بەرگەن ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار} . (1)

شۇنداقلا ئىسلام دىنى بايلىقنى نىئمەت دەپ باھا بېرىدۇ:{سېنى يوقسىز (كەمبەغەل) بىلىپ بىھاجەت(باي)قىلمىدىمۇ؟ } (2).

يەنە قۇرئان كەرىم بايلىقنىڭ ئۆزىنى مۆمىن بەندىلەر مۇكۆپاتلىنىدىغان ساۋاپ دەپ قارىدى: {سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ } . ( 3 )

قۇرئان كەرىم ئىقتىساتنىڭ ئىنسانىيەت ئىستىلىدىكى تەسىرىنىڭ ئەھمىيتىگە ئىشارەت قىلىپ : {نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار} دېدى.(4)

ئىسلام دىنى ئومۇمىيۈزلۈك خۇسۇسىيەتكە ئىگە دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلامدا ئىقتىسات نىزامىنىڭ بولىشى ئوچۇق ھەم چۈشىنىشلىك مەسىلىدۇر.

ئىسلامدىكى ئىقتىسات نىزامى ئىسلامنىڭ ئەقىدە ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ ئەقىدە ئۇ نىزامنىڭ پىكرى ئاساسىدۇر. بۇ پىكىر(ئىدىيە) ئىنسانىيەت تەبىتىگە ۋە پەزىلەتلىك ئەخلاقنىڭ روھىغا رىئايە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن كېتەرلىك بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئىسلام ئەقىدىسى ئىنساننىڭ كائىنات ۋە كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى، ئىنساننىڭ بۇ دۇنياغا كەلتۈرۈلىشىدىكى غايىسىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئىسلامدىكى ئىقتىسات نىزامى ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا يارىتىلىشىدىكى غايىسىگە يېتىش يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىسلامنىڭ باشقا نىزاملىرى بىلەن بىرلىكتە خىزمەت قىلىدۇ. ئىنسان ئىسلامنىڭ ئىقتىسات نىزامىنىڭ پىكرى تەسەۋۋۇرىنى چۈشەنسە، ئۇ چاغدا ئۇ ئىنسان بۇ دۇنيادىكى غايىسىنى، بۇ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ۋە دۇنيادىكى ھەقىقى ئورنىنى تونۇيدۇ.

قىسقىسى ئىسلام شەرئىتى ئىقتىسات ساھەسىدە ئىلىپ كەلگەن بارلىق نىزام ۋە قائىدىلەرنى خۇش كۆڭۈللۈك بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئەمەلى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىشقا چاقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ھاياتىدا ئىسلام ئىقتىسات نىزامىنىڭ مېۋىسى كۆرۈنىدۇ.

ئىسلامى ھەرىكەت ئىقتىسادى ئىشلارنى ئىنتىزامغا سېلىش ۋە گۈللەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ مەسىلە تۆۋەندىكى بىرقانچىلىغان ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ:

1 ـ ئىقتىسات ۋە تىجارەتتە :دۆلەت ئىقتىسادى مۇستەقىل بولۇش، ئىقتىساتنىڭ چەتئەل دۆلەتلىرى بىلەن چىتىشلىقى بولماسلىق، ئەرەپ ۋە ئىسلام ۋەتىنىدىكى بارلىق كارخانا ۋە شىركەتلەرنى شۇ ۋەتەننىڭ ئوغلانلىرى ئىدارە قىلىش، ۋەتەن مەبلىغىنى چەتئەل مەبلىغىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش،

---

(4) ئەنئام سۈرىسى 150 ـ ئايەت.

ئومۇمى ئىدارىلەرنى چەتئەل قولىدىن قۇتقۇزۇش، ۋەتەننىڭ ئىقتىساتىدىن ۋەتەننىڭ ئوغلانلىرى ئارقىلىق پايدىلىنىش.

2 - يىزا ئىگىلىكىدە : خۇسۇسەن ئەرەپ ۋەتىنىدە، ئومۇمەن ئىسلام دۇنياسىدا ھەقىقى پايدىلىنىشقا بۇ ۋەتەننىڭ ئوغلانلىرى ھەقلىقتۇر. ھەرتەرەپتىن يىزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشقا ئىھتىياجى چۈشمەيدىغان مۇنبەت يىزا ئىگىلىك تىرىلغۇ زىمىنلار بار. بۇ زىمىنلار شۇنچە كۆپ بولسىمۇ ئازغىنە قىسمىدىن باشقىسى پايدىلىنىلمايۋاتىدۇ. ئۇ زىمىنلار دىھقانلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارغا ياردەم بىرىش، يىزا ئىگىلىكىدە تەرەققى قىلغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئەڭ يىڭىسىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق بوزلەشتۈرۈشكە ۋە گۈللەندۈرۈشكە مۇھتاج.

شەھىت ئىمام بەننا : " ئىسلام دىنىمىزنىڭ مۇقەددەس روھى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىساتتىكى ئاساسلىق قائىدە-تۈزۈملىرى بولسا، مىسىردىكى شەخسى ئىگىدارچىلىق (يەنى يەرلەرنى كۆپ ئىگەللىۋىلىش) نىزامىغا قايتىدىن نەزەر تاشلىشىمىزنى، بۇ ھەق ئىگىلىرىنىڭ ھەققىنى ئۇلارغا ۋە جەمىيەتكە پايدىلىقراق بولغان نەرسىگە ئالماشتۇرۇپ بىرىشىمىزنى، يوقسۇل كەمبەغەللەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ۋەتىنىدە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم بىرىدىغان، ئۇلارنىڭ مەسلىرىگە ئەھمىيەت بىرىدىغان نەرسىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ھىس قىلىشى ئۈچۈن كىچىك ئىگىدارچىلىقنى رىغبەتلەندۈرىشىمىزنى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى بۇ يوقسۇللار ھالىنى ئۈگىشۋالغانغا قەدەر ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بىرلىشىنى ۋاجىپ قىلىدۇ " دىگەن.

3 - سانائەت : سانائەتكە ئەھمىيەت بىرىش ئىسلامنىڭ روھىدىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسالام : " ئاللاھ تائالا كەسىپدار ئىقتىدارلىق مۆمىنلەرنى ياخشى كۆرىدۇ " دىگەن.

يەنە :" سەدىقە باي كىشىگە ۋە راۋۇرۇس ساغلام ئەمگەك قىلالايدىغان كىشىگە ھالال ئەمەس " دىگەنىدى.

قۇرئان كەرىمدە داۋۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن سۇلايمان ئەلەيھسالامنىڭ سانائەت تەرەققىياتىدا بىر دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ماختىغان زات بىزگە مۆجىزە خاراكتىرلىك ئىنچىكە تەرەققىياتلارنى بايان قىلىپ بەردى. ئۆزىنىڭ قۇرئانىدا ھەدىد (تۆمۈر) سۈرىسىنى ئوقۇپ تۇرغان ۋە داۋۇت ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيلەپ تۇرغان ئۈممەتنىڭ تۆمۈر- پولات سانائىتىنى پۇختا قىلالماسلىقى ئۇلارغا نىسبەتەن ئەيىپ ئىش سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلۇغ مۇقەددەس كىتابىدا :{ تۆمۈرنى داۋۇتقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق، بىز ئۇنىڭغا :"جەڭ كىيىملەرنى مۇكەممەل ياسىغىن، جەڭ قوراللىرىنى ياساشتا ھالقىلىرىنى تەكشى قىلغىن " دىدۇق } دىدى [1].

يەنە: { جەڭلەردە سىلەرنى (يارادار بولۇشتىن) ساقلاش مەقسىتىدە، داۋۇتقا سىلەر ئۈچۈن جەڭ كىيىملىرىنى ياساشنى ئۆگەتتۇق} دەيدۇ [2]

مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتلىرىنىڭ بولماسلىقى قەتئى توغرا ئىش ئەمەس. يەنە ئاللاھ تائالا : «سۇلايمانغا شامالنى بويسۇندۇرۇپ بەردۇق، شامال چۈشتىن ئىلگىرى بىر ئايلىق مۇساپىنى، چۈشتىن كىيىن بىر ئايلىق مۇساپىنى باستى. ئۇنىڭغا مىس چىقىدىغان بۇلاقنى ئاققۇزۇپ بەردۇق، بەزى جىنلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بويىچە سۇلايماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى، ئۇلاردىن كىمكى بىزنىڭ بۇيرىقىمىزغا خىلاپلىق قىلىدىكەن بىز دوزاخنىڭ ئازابىنى ئۇنىڭغا تېتىتىمىز. ئۇلار سۇلايمانغا ئۇ خالىغان

كاتتا سارايلارنى، (مستىن، ئەينەكتىن ئاجايىپ) ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لىگەنلەرنى، چوڭلۇقتىن مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياسايتتى، بىز ئۇنىڭغا ئى داۋۇت ئائىلىسىدىكىلەر! (ئاللاھنىڭ بۇ چوڭ نېئمەتلىرىگە) شۈكرە قىلىڭلار دېدۇق» دېدى [3].

يەنە: «تۆمۈرنى يارىتتۇق(تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن) تۆمۈر كۈچ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار» دېدى [4]

قۇرئاندا شۇنچىۋالا كۆپ ئايەت تۇرسىمۇ ئۆزىنىڭ قېشىدا تېپىلىدىغان مەدەنلەرگە سەل قاراپ، مەدەن سايمانلىرى ئۈچۈن زاۋۇتلارنى ساھاسىلىقنىڭ ئۆزى تۇپىتىن خاتالىقتۇر. شۇڭا سانائەتكە خىلمۇ - خىل ساھەدە ئوخشىمىغان زاۋۇتلارنى سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇيي ۋە قول سانائەتلىرىگە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم، بۇ يۇنۇلۇش سانائەت ۋەزىيىتىگە بۆسۈش ئېغىزى ھېسابلىنىدۇ، كۆپلىگەن كىشلەرنى كەمبەغەللىكتىن ۋە يوقسۇزلۇقتىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ.

4 - باجلارنى نىزامغا سېلىش: ئىسلامنىڭ روھى بىزگە ئىجتىمائى باجلارنى (زاكات سەدىقە، ياخشىلىق) ئىشەنچلىك سادىق ئۇرگان ئارقىلىق ئىنتىزامغا سېلىشىمىزنى ۋاجىپ قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ئورگاننى "العاملين عليها" تەرجىمىسى : " زاكات خادىملىرى " دەپ ئاتىدى. بۇ باجلارنىڭ بىرىنچىسى زاكات بېجى ، شۇڭا ئىجتىمائى باجلارنى بېكىتىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمەك لازىم. بۇ باجلار بايلاردىن ئېلىنىپ كەمغەللەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيسىنى يوقۇرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلىدۇ.ئىسلامدىكى (باجلارنىڭ تۈرلىرى: زاكات، سەدىقە، يەر بايلىقى، مېۋە - چېۋە، مەدەن بايلىقى ، تىجارەت ماللىرى، ئۆشرە، غەنىمەت، تۆلەم، يەر بېجىدىن ئىبارەت).

5 – جازانە بىلەن كۈرەش قىلىش: ئىسلامنىڭ روھى جازانە(ئۆسۈم) بىلەن كۆرەش قىلىشىمىزنى ۋە جازانە ئۈستىگە قۇرۇلغان ھەر قانداق مۇئامىلىنى يىلتىزىدىن يوقىتىشىمىزنى ۋاجىپ قىلىدۇ. شۇنداقلا كىشلەرنىڭ ھالال يول بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ئۈچۈن ئىسلامى بانكىلارنى ئېچىشىمىزنى ۋە ئۇنى تەرەققى قىلدۇرىشىمىزنى ۋاجىپ قىلىدۇ.

6 - بەك يوقىرى تۇرمۇش سەۋىيسىگە چەك قويۇش : ئىسلام بىزگە خۇسۇسەن بىزنىڭ قىيىنچىلىق شارائىتتا ياشاۋاتقان مۇشۇنداق پەيتىمىزدە ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپخورلۇق قىلىشىمىزنى ھارام قىلىدۇ.

7 - تەرەققى قىلىش مۇشكىلىسىنى ھەل قىلىش:ئەرەپ ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى تەرەققى قىلىش ۋە كەمبەغەللىكنىڭ تاراپ كېتىش مۇشكىلىسى نوپۇسنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا يېتىدىغان بايلىقنىڭ ئاز بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس. بەلكى ئىقتىساتنىڭ توغرا تەقسىم قىلىنماسلىقى ۋە مەدەن بايلىقلىرى، يېزا ئېگىلىك بايلىقلىرىدىن ياخشى پايدىلىنالماسلىقتىن كېلىپ چىققان. ئەگەر خىزمەت قىلالايدىغان ھەر قانداق ئەمگەك كۈچىگە خىزمەت ئورنى تېپىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەتەن بايلىقلىرى بىكار تەلەپلەرگە ئەمەس، ئىشلەۋاتقانلارغا تارقىتىلسا ئەرەپ ۋە ئىسلام دۇنياسىدا بىچارە ياكى يوقسۇل كىشى تېپىلمىغان بولاتتى.

ئىمام ھەسەن بەننا ئىسلامنىڭ ئىقتىسادى نىزامنامىسىنى ئەڭ موھىم نۇقتىلارغا خۇلاسىلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى مالنى ھاياتنىڭ تۈۋرۈكى دەپ ئېتىبارغا ئېلىش، ئۇنى ياخشى گۈللەندۈرۈش ۋە ياخشى كونترول قىلىش؛

خىزمەت قىلىشقا كۆچى يەتكەن ئادەمنىڭ ھەممىسى خىزمەت قىلىشى ۋە كەسىپ قىلىشى؛
تەبىئى بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش، كائىناتتىكى بارلىق كۈچ ۋە ماددىلاردىن پايدىلىنىش؛
نىجىس (ھارام) ئىشلار بىلەن كەسىپ قىلىش مەنبەلىرىنى چەكلەش؛
خىلمۇ خىل تەبىقىلەر ئارىسىدىكى بوشلۇقنى ھەددىدىن سىرىت بايلىققا ۋە ھەددىدىن سىرىت كەمبەغەللىككە چەك قويۇش ئاساسىدا يېقىنلاشتۇرۇش؛
ھەر قانداق ۋەتەنداشقا ئىجتىمائى كېپىللىكنىڭ بولۇشى، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ خاتىرجەم قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىنىشى؛
ياخشىلىق يوللىرىغا خىراجەت قىلىشقا، ۋەتەنداشلار ئارىسىدا ئۆز-ئارا كېپىللىكنىڭ بېكىتىلىشىگە ۋە ياخشىلىق، تەقۋالىق ئىشلارغا ھەمكارلىشىشنىڭ ۋاجىپلىقىغا قىزىقتۇرۇش؛
مالنىڭ (ئىقتىساد)ھۆرمىتىنى قارار قىلىش، ئومۇمى مەنپەئەت بىلەن تاقىشىپ قالمىسلا، مالنىڭ خوسۇسى ئىگىدارچىلىقىنى ھۆرمەتلەش؛
ئىقتىسادى مۇئامىللەرنى ئادىل ۋە رەھىمدىل شەرئەت بىلەن نىزامغا سېلىش؛
بۇ نىزامنى ھىمايە قىلىشتا دۆلەتنىڭ مەسئۇل ئىكەنلىكىنى بېكىتىش لازىمدۇر.»

3 ـ ئىجتىمائى پەلسەپىسى :

ئىسلام دىنى بىرلىك دىنىدۇر. ئۇ ياخشى ئەزالارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ئەھمىيەت بەرگەندەك ياخشى جەمىيەتنى قۇرۇپ چىقىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىسلام دىنى جەمىيەتنىڭ ئىسلاھ بولىشى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئىسلاھ بولۇشى لازىم دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلمان كىشىنى ئىبادەتخانىدىكى راھىب ياكى جەمىيەتتىن ئايرىلغان زاھىت دەپ تونىمايدۇ. بەلكى ئۇ كىشىلەرنى جامائەت ئىچىدە دەپ تونۇيدۇ.

مۇسۇلمان كىشى جامائەت ئىچىدە ناماز ئوقۇماي ئايرىم ناماز ئوقۇسىمۇ يەنىلا جامائەتنىڭ روھى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پەرۋەردىگارى بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقتىدا تىلىدا نامايەن بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ :{ ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ، سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز } دەيدۇ (قۇرئان كەرىممۇ كۆپ ئورۇنلاردا كۆپلۈك سىغىسى بىلەن خىتاب قىلىدۇ).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :" سەپنىڭ ئارقىسىدا ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ نامىزى ھىساپ ئەمەس " دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە سەپنىڭ ئارقىسدا يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىنى قايتا ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇغان. دېمەك ئىسلام دىنى شەكىل ۋە سۇرەتتە بولسىمۇ جامائەتتىن ئايرىم ياشاشنى ياقتۇرمايدۇ.

ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتى شەخسى، ئائىلە ۋە خەلق ـ ھۆكۈمەتتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى نىشان قىلغان ئىجتىمائي تەشۋىقاتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ تەشۋىقات ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئىسلام كۆز قارىشى بويىچە ئىسلاھ قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىللىرى ئىسلام ئەقىدە دائىرىسى ئىچىدىكى بۇ ئىجتىمائي پەلسەپىسىنى ئۈچ ساھەگە بۆلىدۇ ۋە بۇ ساھەنىڭ ئىچىدە خىزمەت قىلىدۇ :

بىرىنچى، ئىسلام جەمىيتىنى قۇرۇپ چىقىش :

ئىسلامى ھەرىكەت يېتەكچىللىرى بەرپا قىلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىسلام جەمىيتى بولسا نەمۇنىلىك جەمىيەتتۇر. ئىنسانىيەت بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەلپۈنىۋاتقان

جەمىيەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئۇلار ئىسلام جەمىيتىنى قۇرۇپ چىقىشتا ياردەم بېرىدىغان ئىجتىمائىي ئىسلاھات قائىدىلىرىنى تۆۋەندىكىچە بەلگىلىشىۋاتىدۇ :

1 - كىشلەرئارىسىدا قېرىنداشلىق ئالاقىسىنى تۇرغۇزۇش ؛

2- ئەر ۋە ئاياللارنىڭ تەڭ ئويغۇنىشى، ئىنسانىيەت ھوقۇقلىرىدا بىر بىرىگە كېپىل بولۇشنىڭ مەيدانغا كېلىشى، باراۋەرلىكنىڭ تېپىلىشى ۋە دىيانەتلىك ئائىلە قۇرۇپ چىقىشقا خىزمەت قىلىش ؛

3 - ھەربىر شەخسنى ھايات، ساقلىق، بىلىم - مائارىپ، خىزمەت قىلىش، خاتىرجەملىك ۋە ئەركىنلىك ھوقۇقىغا ئېرىشتۈرۈش؛

4 - كۆڭۈل شەھۋىتى ۋە جىنسى شەھۋەتىدىن ئىبارەت ئىككى شەھۋەتنى كونترول قىلىش، ئېغىز ۋە جىنسى ئەزانىڭ تەلەپلىرىنى ئىنتىزامغا سېلىش؛

5 -ئۈممەتنىڭ بىرلىكىنى تەكىتلەش، بۆلگۈنچىلىك كۆرۈنۈشلىرى ۋە بۆلگۈنچىلىك سەۋەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۈگۈتۈش ؛

6 - ئىسلامنىڭ ھەقىقەت پرىنسىپلىرى يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى تەكىتلەش ؛

7 - دۆلەتنى ئىدىيەنىڭ ۋەكىلى، ئىدىيەنىڭ ھىمايە قىلغۇچىسى، ئۇ ئىدىيەنىڭ جەمىيەتتىكى نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئۇنى كىشلەرگە يەتكۈزۈشتىن مەسئۇلدۇر دەپ قاراشتىن ئىبارەت.

ھەرىكەت يېتەكچىلىرى كىشلەرنىڭ ئىسلام پېچىدا تاۋلىنىشى ۋە ئۇنىڭ روھى بىلەن سۇغۇرىلىشى ئۈچۈن -گەپ بىلەن ئەمەس ئەمەلى تەرەپتىن يۈرگۈزۈش - موھىم بولغان ئەمەلى شۇئارلارنى قارار قىلماقتا. بۇ شۇئارلارنىڭ ئەڭ موھىمى تۆۋەندىكىچە :

(1) - خىزمەت قىلىشقا ئىقتىدارى بولغان ئادەمنىڭ ھەممىسى خىزمەت قىلىش، ھالال كەسىپ قىلىش ۋە دېۋانىچىلىق قىلىشنىڭ ھارامىلىقىنى تەكىتلەش ؛

(2) - ئوخشىمىغان ھايات پەنلىرىدە ئەر ۋە ئايال مۇسۇلماننىڭ ھەربىرسى ئۆزىگە لايىق دەرىجىدە ئىلىم مەرىپەت نۇرىنى ھاسىل قىلىش ؛

(3)- ئۆز – ئارا پەزىلەتلىك ئىسلام ئەخلاقى بىلەن مۇئامىلە قىلىش ؛

(4)- بەدەننىڭ سالامەتلىكىنى قوغداش ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ؛

(5)- ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ئەسكەرلەرنى يېتىشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئائىلە بالا - چاقىسى ۋە مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ؛

(6)- ھاكىمنىڭ پۇخرالارغا كۆڭۈل بۆلىشى، پۇخرالارنىڭ ھاكىمگە ئىتائەت قىلىشى ئارقىلىق ئىجتىمائى كېپىللىكنىڭ پەيدا بولىشى لازىمدۇر.

ئىسلام ھەرىكتى قۇرئان كەرىمنىڭ ئىجتىمائىي نىزامىغا ئاساسەن بۇ پرىنسىپلەرگە چوڭقۇر ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنى ئىنچىكە تەتبىقلايدىغان پەزىلەتلىك ئىسلام جەمىيتى قۇرۇپ چىقىشنى ئىرادە قىلىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرۈش يولىدا، ئۈممەتنىڭ ئىجتىمائى ياكى سىياسى خاراكتېرى تەسىرلەنمەستىن باشقا مىللەتلەردىن پايدىلىق دەپ قارالغان مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ئەسلىھەلىرىنى ئېلىشتىن چەكلەنمەيدۇ.

ئەمما ئىسلام جەمىيتىنى قۇرۇپ چىقىشتىكى ۋاستە4 باسقۇچقا خۇلاسىلىنىدۇ:

1 - ئىسلام تەلەپ قىلغاندەك نەمۇنە قىلىشقا يارايدىغان مۇسۇلمان شەخسنى تەربىيلەپ چىقىش ؛

2- ئىسلامىيەت ئۇتتۇرىغا قويغان قائىدە يۇسۇنلار بويىچە مۇسۇلمان ئائىلە قۇرۇش ؛
3 - ئەزالىرى قېرىنداشلىق رىشتىسى بىلەن باغلانغان ئىسلامى ئۇممەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ؛
4- ئىسلامنى ھۆكۈم ئىشلىرىدا تولۇق تـوپ - تـوغرا ۋە ئومـۇمىيۈزلۈك تەتبىقلايدىغان ئىسلام ھۆكۈمىتىنى تۇرغۇزۇشتۇر.

2 - ئىسلام ۋەتەنپەرۋەرلىكى

ئىسلامدا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى شەرھىيلەش ھاجەتسىز بولغان ئۇقۇمۇشلۇق بىر مەسىلە. ئىنسان ئۆزى ئۆسۈپ چوڭ بولغان ۋەتەن شۇ يەردە ياشايدىغان كىشلەرگە قارىتا سۆيۈملۈكتۇر، شۇڭا ئۆز شەھرىگە ۋە ئۆز ئۆيىگە تەلپۈنۈش تەبئىي مەسىلىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كېتىدىغان ۋاقتىدا: «ئى ئاللاھ، مېنى مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان زېمىندىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدۇڭ ، شۇڭا مېنى ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان زېمىنغا يەرلەشتۈرگەيسەن» دېگەن.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان يۇرتى مەككىنى -گەرچە مەككىلىكلەر شۇ ۋاختىدا مۇشرىك بولسىمۇ، ئىسلام دەۋىتىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئەزگەن بولسىمۇ -ياخشى كۆرەتتى. ئۇ مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ ئايرىلىدىغان چېغىدا شۇنداق دەپ كەتتى :" ئى، مەككە! سەن ماڭا ئاللاھنىڭ ئەڭ ياخشى زېمىنى ئىدىڭ، ئەگەر قەۋمىڭ (قۇرەيشلەر) مېنى چىقىرىۋەتمىگەن بولسا چىقىپ كەتمىگەن بولاتتىم " دېگەن.[2] بۇ تۇغۇلغان يەرگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم مەككىنى ئەسلەپ تۇراتتى، ئۇ مەككىنى سېغىنىپ كەتكەنلىكىدىن ئاللاھقا مۇنۇ دۇئانى قىلىدۇ : " ئى، ئاللاھ مەككە شەھەرنى سۆيۈملۈك قىلغاندەك، مەدىنە شەھرىنىمۇ بىزگە سۆيۈملۈك قىلىپ بەرگىن ".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : "  كىم مىلىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتسە ئۇ شېھىت بولىدۇ، كىم دىنىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتسە ئۇ شېھىت بولىدۇ، كىم جېنىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتسە ئۇ شېھىت بولىدۇ، كىم ئائىلە- بالاچاقىلىرىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ كەتسە ئۇمۇ شېھىت بولىدۇ " دېگەن [3]

ئەگەر بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىنى مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق سۆيگۈ- مۇھەببەتنىڭ بىر قانچە خىل بولىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. دىنغا بولغان سۆيگۈ بىرىنچى ئورۇندا بولسا قالغان سۆيگۈلەر ئەيىپلەنمەيدۇ. دىنغا بولغان سۆيگۈ بىلەن ۋەتەنگە بولغان سۆيگۈ زىتلىشىپ قالمايدۇ.

ئەگەر مۇسۇلمان كىشى زېمىنغا يەنى ۋەتىنىگە ھاياتىغا ئېسىلغاندەك ئېسىلىدىغان ئىش بولسا، قۇرئان كەرىم ئادەم ئۆلتۈرگەن بىلەن ۋەتەندىن چىقىرىۋەتكەنلىكنى ئوخشاش ئىش دەپ بايان قىلىدى : {ئەگەر بىز ئۇلارغا ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار دەپ ئەمر قىلغان بولساق ئىدۇق، ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلالمايتى }.[1]

ئىسلامنىڭ ۋەتەنگە بولغان كۆز قارىشى ئۇنى سۆيۈش، ئۇنى مۇداپىئە قىلىش، ھمايە قىلىشتۇر. بۇنىڭدىكى ھىكمەت زېمىننى مۇقەددەس بىلىش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى مۇسۇلمانلار ئەركىن ئېسىل تۇرمۇش بىلەن ياشىسۇن، ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئەركىنلىك بىلەن ئىجرا قىلسۇن دېگەنلىك بولىدۇ. بىز ۋەتىمىزگە خىزمەت قىلساق ئىسلامغا خىزمەت قىلغان بولىمىز. ۋەتەن سۆيىشىمىزنىڭ نەتىجىسى شۇدۇر.

ۋەتەن ھمايە قىلىنىدۇ ۋە قوغدىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ۋەتەن ئىسلامنىڭ قاچىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززىتىدۇر. مۇقەددەسلىك ۋەتەنگە ياكى زېمىنغا خاس ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھقىلا خاستۇر. ئەگەر بىز ۋەتەن، مال دۇنيانى ئىسلام دىنىدىن ئارتۇق كۆرسەك ئىسلامدىن چىقىپ كېتىپ قالىمىز. شۇڭا مۇسۇلماننىڭ ھۆرمىتى تۆكۈلۈپ، ئەقىدىسى توسقۇنلۇققا ئۇچرىسا ۋە ئەركىن ئىبادەت قىلالمىسا بۇ ۋاقىتتا ئىسلامىيەت بۇ زېمىندىن ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. (بۇ كاپىرلار تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنىۋالغان زېمىننى پۈتۈنلەي تاشلاپ چىقىپ كەت دېگەنلىك بولمايدۇ).

زېمىن ئاللاھنىڭ ھۆكمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ شۇ ۋەتەننىڭ ئەزالىرى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن يارىتىلدى. ئەگەر ئىنسان ئۆز ۋەتىنىدە كاپىرلار ياكى كەززاب موناپىقلار تەرىپىدىن خارلانسا، ئىسلام ئۇنىڭغا نىسبەتەن ۋەتەندىن ياخشىراقتۇر. ئىسلام چەتكە قېقىلغان دەرىجىدىكى مىللەتچىلىك بىلەن ھەرگىز غەلبە قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى مىللەتچىلىك خەلقلەرنى بۆلۈۋېتىدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتى پۈتۈن ئەمەللىرى، پرىنسىپلىرى ۋە ئەقىدىسىنى ئىسلام بىلەن باغلايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك دىنىنىڭ بىر قىسمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىسلام ھەرىكەت يېتەكچىلىرى ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىزمىتىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەتنىڭ بىرتۈرى دەپ ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بىراق ئۇلار ۋەتەننىڭ چېگرىسىنى پەقەتلا ھازىرقى مەۋجۇت دۆلەت چېگرىسى بىلەن ئۆلچەيدىغان ۋەتەن دەۋاگەرلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇلار ۋەتەننىڭ چېگرىسىنى ھازىرقى مەۋجۇت دۆلەت چېگرىسى بىلەن ئەمەس ئەقىدە بىلەن ئۆلچەيدۇ. چۈنكى : " لا الــه الا الله محمد رسول الله " دەيدىغان مۇسۇلمان بار ھەر قانداق زېمىن ئۈچۈن، ئۇ مۇسۇلماننىڭ ئۇ زېمىنغا ھۆرمىتى، مۇھەببىتى ۋە ئىخلاسى بولىدۇ. ئۇ مۇسۇلمان ئۇ يەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ، بۇ رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداشتۇر، ئىسلام ھەرىكىتى ئۇلارئۈچۈن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈيغۇسى بىلەن ھېس قىلىدۇ، بىر تەشۋىقاتچى شائىر بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ :

ماڭا نىسبەتەن ئىسلامدىن باشقا ۋەتەننىڭ بارلىقىنى ئۇقمايمەن

سۈرىيە بولسۇن ياكى مىسىر بىلەن سۇدان بولسۇن بەرىبىر

ھەرقاچان ئاللاھنىڭ ئىسمى قايسى بىرشەھەردە زىكرى قىلىنىدىكەن

ئۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىنى ۋەتىنىمنىڭ ئىچىدىن دەپ سانايمەن.

بىز بۇ يەردە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوخشىمىغان يۈنۈلۈشلەرگە قارىتا ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ كۆز قارىشىنى بايان قىلساق ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن.

مىللەتچىلىككە نىسبەتەن:

ھەر قايسى شەھەر ۋە ھەرقايسى رايوندىكى ئىسلام ھەرىكەت يېتەكچىلىرى ئۆز مىللىتىنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە بۇنى ئۆزلىرىنىڭ پرىنسىپلىرى بىلەن تامامەن توغرا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ، بەلكى ئۇلار مىللىتى ۋە ۋەتىنىگە ئىخلاسمەن بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ، ئۇنى سۆيىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ. بۇنى ئۈمىد قىلىنىۋاتقان زەنجىرسىمان ئويغىنىش دەۋرىدىكى بىرىنچى ھالقا دەپ ئىشىنىدۇ.

بىراق ئۇلار ئەرەپ ۋە ئىسلام خەلقلىرىنىڭ ئالاقىسى پارچىلىنىش ۋە بىرلىك تۇتقۇچى ئۈزۈلىشى ئۈچۈن ياۋرۇپا مۇستەملىكچىلىرى قوزغاپ چىققان ئىرقى مىللەتچىلىككە ئىشەنمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : " ئاللاھ سىلەردىن جاھىلىيەتنىڭ مەغرۇرلىقىنى ۋە ئەجدادلىرىڭلار بىلەن ماختىنىپ پەخىرلىنىدىغان ئىشلارنى يوقاتتى. كىشلەرنىڭ ھەممىسى ئادەمدىن تۆرەلگەن، ئادەم تۇپىدىن پەيدا بولغان، ئەرەپ مىللىتىنىڭ باشقا مىللەتلەردىن تەقۋالىقتىن باشقا پەرقلىنىپ تۇرىدىغان پەرقى يوق " دېگەن.

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەت ئىرقىنىڭ بىرلىكىنى تەكىتلىدى. ئۇ كىشلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تاغاقىنىڭ چىشىدەك باراۋەرلىكى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇن ئالدىدا ئوخشاشلىقىنى ئېلان قىلدى.

بۇ سەۋەپتىن خەلقلەر ئۆز رىغبىتى بىلەن بۇ دىنىنى قوبۇل قىلىشقا ئالدىرىدى. بۇ دىنىدا ئەركىنلىكى، باراۋەرلىكى ۋە ھۆرمىتىنى تاپتى. شۇ ئارقىلىق شەكىللەنگەن بىرلىك ئاساسىدا ئۇلار بىر گەۋدىگە ئايلانغان ئىدى. بۇ بۈيۈك مەدەنىيەت ئىسلام بىرلىكىنىڭ نەتىجىسىدىن بارلىققا كەلگەن ئىدى.

مۇستەملىكچىلەر بۇ ئۇممەتنىڭ جەڭچىللىرىنىڭ روھىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەر خىل بانا سەۋەبلەر بىلەن بۇ ئۇممەتنى بۆلۈۋېتىشكە ئالدىراشتى. ئۇلار ئېلىپ بارغان بۇ ھەرىكىتىدە ھەر بىر قىسىم رايونغا بىردىن ئىسىم قويۇشتى. ھەر بىر رايوندىكى كىشلەرگە بىردىن مۇستەقىل مەدەنىيەت ۋە ئوخشىمايدىغان تارىخ پەيدا قىلىپ، ئەرەپلەر بىلەن تۈركلەرنى سوقاشتۇرۇپ ئوسمانىيە ئىسلام خەلىپىلىگىنى خانى ۋەيران قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ بۇ مەككار ئۇسۇلىنى پەرق ئېتەلمىگەن، ئايرىلىپ يېتىم قالغان ئىسلام ئۇممىتى پارچىلىنىپ كەتتى. ئەرەپلەرنىڭ ئۆزىمۇ بىر قانچە دۆلەتكە بۆلۈنۈپ ئۆز - ئارا ئۇرۇشۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ھەممىسى بىر ئەرەپ مىللىتى بولسىمۇ بۇ مىللەتچىلىكنىڭ پەزىلىتى ۋە شاراپىتىدىن ھازىرغىچە بىرلىككە كېلەلمىدى. ئىسلام ئاساس قىلىنمىسا بۇلار ھەرگىز بىرلىككە كېلەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاھىلىيەت قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ پارچىلىنىش سايىسىدا شەھەرلەر زايا بولۇپ، قىممەت ئالاھىدىلىكلەر يوقۇلۇپ، بىرلىك سۆزى پارچىلىنىپ، مۇستەملىكچى مىللەتلەر ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بويىنىغا ئومۇمىيۈزلۈك مىندى. دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىن كەلگەن يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى بىر ئۇممەت دېيىشىدۇ. مۇسۇلمانلار بولسا نادانلارچە بۆلۈنۈپ يۈرشىدۇ.

مۇستەملىكچىلەرنىڭ نەتىجىللىرىدىن بىرى مىللەتچىلىك تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولىشىدۇر، يەنى بۇ تۇيغۇ، ئىنسان ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ياكى ئۆز مىللىتىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ دېگەن مەنىدە ئەمەس. ئەگەر بۇنداق شەكىلدە بولىدىغان بولسا ئېدى ئىسلام بۇنى ئەلبەتتە قوللايتى. لېكىن بۇ مىللەتچىلىكنىڭ مەقسەت قىلىدىغىنى مۇئەييەن تۆردىكى ئىنسان ئىرقىغا ياكى مۇئەييەن بىر پارچە زېمىنغا دوستلۇق مۇھەببەت تۇيغۇسى بولسۇن دېمەكچى. بۇ دوستلۇقنىڭ تەقەززاسى بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىسلام ۋەتەنپەرۋەرلىكىدىن يۇقۇرى ئورۇنغا قويۇلىشى دېگەنلىكتۇر.

ئىلگىرى مۇسۇلمانىنىڭ ۋەتىنى " ئىسلام دىيارى"ئىدى. ئىسلام ھۆكمى يۈرگۈزۈلىدىغان، ئىسلامنىڭ شۇئارلىرى تۇرغۇزۇلىدىغان، ھەر بىر پارچە زېمىن مۇسۇلمانىنىڭ زېمىنىدۇر دەپ قارىلاتتى. مۇسۇلمان بۇ

www.islamyoli.net

ئەزىز ۋەتىنى ئۈچۈن قان تۆكەتتى. زېمىن مۇسۇلماننىڭ ئېڭىدا ئىسلام دىيارى ياكى كۇپرى دىيارى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنەتتى.

ئىمان قېرىنداشلىقى، ئىسلام ئەقىدىسى بىرلەشتۈرگەن ئىسلام ئۇممىتى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ مىللىتى ھېسابلىناتتى. مۇسۇلمان كىشىنىڭ دۈشمەنلىرى - گەرچە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقىنى بولسىمۇ - ئىسلامنىڭ دۈشمىنى ھېساپلىناتتى. چۈنكى ئاللاھ قۇرئاندا: { ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى - ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ - دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن، (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتىشى مۇمكىن ئەمەس) ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا ئاللاھ ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى } دەيدۇ [1]

ئىسلام ئىدىيىسى قايسى ئەھۋالدا بولمىسۇن ھازىرقىدەك چېگرا رايونچىلىقىنى ياكى ئىرقى ئايرىمچىلىقنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

ئىسلام زېمىنىنىڭ ھەممىسى بىردۇر، شۇڭا بىر زېمىن تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىسا ئۇ زېمىننى - ئىسلام دىيارىنىڭ بىر قىسمى، مۇسۇلمانلارنىڭ مۈلكى دېگەن ئېتىبار بىلەن - ئازات قىلىشقا بارلىق مۇسۇلمانلار ھەسسە قوشۇشى ۋاجىپتۇر. بۇ زېمىنىنىڭ كاپىرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى بارلىق مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن مەغلۇبىيەت ۋە زىياندىن ئىبارەتتۇر.

بۇ شەكىلدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ياكى مىللەتچىلىك تۇيغۇسى مۇسۇلمان كىشىنى ئەقىدىسىدىن بۇرۇن ۋەتىنىنى ئويلايدىغان، مۇسۇلمان كىشىدىن كاپىرنى ئارتۇق كۆرىدىغان -ئەگەر ئۆز مىللىتىدىن بولۇپ قالسا- دەرىجىگە ئېلىپ باردى. ئىسلامى قېرىنداشچىلىق دەپ توۋلايدىغاننىڭ ئورنىغا ئىرقى ئايرىمچىلىق، مىللەتچىلىك چاقىرىقلىرى مەيداندا كۆرۈلدى. مۇسۇلمانلار مىللەتچىلىكنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئەرەپ، تۈرك، كورد، ھىندى، ھىندونوزىيىلىكلەر، ئافغانلار دېگەن خىلمۇ - خىل مىللەتچىلىك بىلەن پارچىلىنىپ تىتىلىپ كەتتى.

مىللەتچىلەرنىڭ چېكىدىن ئاشقانلىرى بولسا ئىسلام دىنىنى ۋاختى ئۆتۈپ كەتكەن نەرسە، ئۇ شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن رولىنى يوقاتتى. شۇڭا ھازىر ئۆتۈپ كەتكەن زامانلارغا قارىماي ئالدىمىزغا قاراپ ماڭايلى. چۈنكى ئۆتمۈشنى قوبۇل قىلىش قاتماللىق، ئارقىدا قالغانلىق بولۇپ، ئۇ بۈگۈنكى زامان بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەندۇر دەپ قارايدۇ. قۇرئاننىڭ سۆزى چىقسا، ئۇلار ئۇنى مۇقەددەس نەرسە سۈپىتىدە شكاپقا تىزىپ قويايلى، ئۇنى ھازىرقى ھاياتقا تەتبىقلىغىلى بولمايدۇ. ئۇنى رادىيولاردا ئاڭلىتىپ قويساق، ئۆلۈم ئىشلىرى بولغاندا تىلاۋەت قىلىپ قويساق يېتەرلىك بولىدۇ دەيدىغان نەزەرلەر بىلەن قارىماقتا.

بۇ مىللەتچىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىسلام دىنى باسقۇچلۇق نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرەپ مىللىتى ئىسلام دىنىدىن بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇدۇ. ئەرەپ بولسا ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا، ئەمما ئىسلام دىنىغا كەلسەك ئۇ ئەرەپ تارىخىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بولدى دېيىشىدۇ. شۇڭا بۇلار بۈگۈنكى كۈندە كونا مەدەنىيىتىنى سۆرەپ چىقماقتا. بۇلارغا نىسبەتەن بۇ مەدەنىيەت مۇسۇلمانچە بولامدۇ ياكى خىرىستىيانچە بولامدۇ ياكى بۇددىزىمچە بولامدۇ بەرىبىر ھەممىسى ئوخشاش سانىلىدۇ.

ئەگەر ۋەتەن دەۋاگەرلىرى ئۆز زېمىنىنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈشنى ئىرادە قىلسا بۇ بىر تەرەپتىن كۆڭۈلنىڭ تەبىئىتىدە مەركەزلەشكەن بىر مەسىلە، يەنە بىرتەرەپتىن ئىسلامدا بۇيرۇلغان مەسىلىدۇر. ئەگەر بۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋەتەننى مۇستەملىكىچى ۋە بۇلاڭچىلاردىن ئازات قىلىش ۋە بۇ ۋەتەننىڭ ئوغلانلىرىنىڭ قەلبىگە ئىززەت، ئەركىنلىك پرىنسىپلىرىنى تىكىش لازىم دەيدىغان بولسا بىز بۇلار بىلەن بىللە ، بۇلارنىڭ بۇ پىكىرىنى قوللايمىز. ئىسلام دىنى بۇ مەسىلىنى قاتتىق تەكىتلەيدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە : { ئىززەت شەرەپ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرى ۋە مۆمىنلەر ئۈچۈن خاس، بىراق بۇنى مۇناپىقلار بىلمەيدۇ} دېدى (1)

ئەگەر بۇلار بىر رايۇن ئەزالىرى ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىشنى ئىرادە قىلىدىغان بولسا ئىسلامىيەت بۇمەسىلىنى پەرز دەپ قارايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : "ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرى بولۇڭلار " دېدى. قۇرئان كەرىم بۇ توغرىسىدا :{ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلاردىن بولمىغانلارنى (مۇناپىقلارنى) سىرداش قىلىۋالماڭلار، ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ، ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار، سىلەرگە نۇرغۇن ئايەتلەرنى بايان قىلدۇق } دەيدۇ. (1)

ئەگەر بۇلار ۋەتەنپەرۋەرلىك دەۋاگەرلىكى بىلەن ئۇممەتنى ئۆز ـ ئارا ئاداۋەتلىشىدىغان، بىر بىرىگە ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىدىغان، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە ھەر تۈرلۈك شەخسى غەرەزلەر شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائى قانۇنلارغا ئەگىشىدىغان گورۇپپىلارغا بۆلۈۋېتىشنى مەقسەت قىلىدىكەن بۇ يالغان ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر. بۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىكتە بۇ دەۋاگەرچىلەرگە ياكى خەلقلەرگە ھېچقانداق ياخشىلىق يوقتۇر، چۈنكى دۈشمەن بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ. دۈشمەن ئۇلارنى ھەقىقەتتىن ئايرىۋېتىپ باتىلغا بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر- بىرسى بىلەن ئۆز ـئارا ھەمكارلىشىشنى ۋە ئالاقە قىلىشنى چەكلەيدۇ.

دېمەك بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك دەۋاگەرلىرى بىلەن بەلكى بەك چېكىدىن ئاشقانلىرى بىلەنمۇ ۋەتەن بىلەن خەلققە مەنپەئەت تېگىدىغان ياخشى ئىشلاردا ئورتاق بولالايمىز. چۈنكى ۋەتەننى ئازات قىلىش يولىدا غايە ئوخشاش. پۈتىشەلىگەن ۋە بىرلىككە كېلەلىگەن نۇقتىلاردا ئىتتىپاقلىشىمىز، بىرلىككە كېلەلمىگەن مەسىلىلەردە ھەر بىرىمىز ئۆز پىكرىمىزدە ۋە مەيدانىمىزدا قېلىپ، بىر بىرىمىزنىڭ ئۆزرىسنى قوبۇل قىلىمىز.

ۋەتەنپەرۋەرلىك دەۋاگەرلىرىنىڭ ئاساسلىق مەقسەت قىلىدىغىنى ۋەتەننى ئازات قىلىشتىن ئىبارەت بولغان تارئېقىمدۇر. بۇ ئېقىمنى ھەقىقەتەن قايسى تەرەپ بىلەن بولمىسۇن قوللاشقا تېگىشلىك. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ غايىمىز بىلەن ئۈچرىشىدۇ، ئەمما بىزنىڭ ئىنسانىيەتنى ئىسلام نۇرى بىلەن توغرا يولغا يېتەكلەش، ۋەتەننى ماددى ۋە مەنىۋى تەرەپتىن گۈللەندۈرۈش، تەرەققى قىلدۇرۇش، ئىسلامنىڭ لەپىلدىگەن بايرىقىنى يەر شارىنىڭ ھەر تەرەپلىرىدە يۇقۇرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جېنىنى، قېنىنى ۋە مېلىنى سەرپ قىلىشى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بويىنىدىكى ئامانەت دەپ قارايمىز.

---

(1) ئالى ئىمران سۈرىسى 117 – ئايەت.

ئەگەر بۇ مىللەتچىلەر مىللەتچىلىك پرىنسىپى بىلەن پەخىرلىنىپ ئەۋلادلىرىمىز شەرەپ، ئىززەت، ھىممەتنىڭ يوقۇرى پەللىسگە يەتكەن ئاتا - بوۋىللىرىنىڭ ئىزلىرىنى بويلاپ مېڭىشنى، ئەجدادلىرىنىڭ كاتتىلىقى بىلەن پەخىرلىنىشنى ۋە ئۇنىڭدىن ئۈلگە، شىجائەت ئېلىشنى ۋاجىپ دەپ قارايدىغان بولسا بۇ ياخشى گۈزەل مەقسەت، بىز بۇنى تېخىمۇ جانلاندۇرمىز. چۈنكى ھازىرقىلارنىڭ ھىممىتىنى ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ شان - شەرەپلىرى بىلەن ئويغۇتۇش بىزنىڭ تەييارلىق چارىلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :" كىشىلەر مەدەنگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتتىكى ياخشىراقى ئىسلام دىنىنى چۈشەنسە، ئىسلامدىمۇ ياخشى كىشى دەپ سانىلىدۇ " دېگەن.

ئەمما بۇلار مىللەتچىلىك بىلەن ئىزى ئۆچۈپ كەتكەن جاھىلىيەت ئادەتلىرىنى تىرىلدۈرۈش، مىللەتچىلىك ۋە ئىرقى ئايرىمچىلىق بىلەن پەخىرلىنىش ئارقىلىق ئىسلام ئەقىدىسىدىن چېقىپ كېتىشنى ئىرادە قىلىدىكەن، بۇ ئاقىۋىتى ھالاكەتلىك بولغان ناچار روھىدىكى مىللەتچىلىك بولۇپ، بۇ خىل تۈردىكى ۋەتەنپەرۋەلىك ۋەتەنىنىڭ قەدىر -قىممىتىنى چۈشۈرۋېتىدۇ، ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە مۇقەددەس شەرەپلىك كۆرۈنۈشلىرىنى يوقتۇۋېتىدۇ.

ئەمما بۇلار مىللەتچىلىك بىلەن باشقا ئىرىقتىكىلەرنى تۆۋەن كۆرۈشكە ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىززىتى يولىدا ئۇلارغا ھەقسىز تاجاۋۇزچىلىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان دەرىجىدە ئۆز ئىرقى بىلەن پەخىرلىنىشنى مەقسەت قىلسا، بۇ ناچار ئىدىيەدىن ئىبارەت بولغان ھېچقانداق ئىنسانپەرۋەرلىك ئەمەستۇر.

ئەرەپ ىرلىكىگە نىسبەتەن :

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئەرەپ ىرلىكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، چۈنكى ئۇ چېچىلاڭغۇ ئەرەپ خەلقلىرىنىڭ بىرلىشىشىدۇر. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان خەلق ، ئۇلاربۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى بولغان ئىسلام بىرلىكىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىكى بىرىنچى قەدىمى دەپ قارايدۇ ۋە ئەرەپنىڭ ئىززىتىنى ئىسلامنىڭ ئىززىتى دەپ ئىشىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : " ئەرەپ خار بولسا، ئىسلام خار بولىدۇ " دېگەن.

مەرھۇم شەھىت ئىمام بەننا : " ئىسلام دىنى ئەرەپ خەلقلىرىنىڭ سۆزى بىرلەشمەي ۋە بۇلار ئويغانماي تۇرۇپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ، بىز ئەرەپ ۋەتىنىدىكى ھەر بىر غېرىچ زېمىننى بىزنىڭ زېمىنىمىزنىڭ ئىچىدىن، ۋەتىنىمىزنىڭ مېغىزىدىن دەپ قارايمىز. بۇ جۇغراپىيىلىك دائىرلەر ۋە سىياسى بۆلۈنۈشلەر بىزنىڭ كۆپلىمىزدە ھەرگىزمۇ دىللارنى بىر ئارزۇ ۋە بىرمەقسەتكە جۇغلىغان ئەرەپ ئىسلام بىرلىكىنىڭ مەنىسىنى پارچىلىۋېتەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەپلىكنىڭ مەنىسىنى تىل ۋە ئىسلام دەپ چۈشەندۈرگەنلىگى بۇ بابتا ئېيتىلغان مەزمۇنلارنىڭ ئەجەبلىنەرلىكىدۇر " دېدى.

ھاپىز ئىبنى ئەساكىر ئىمام مالىكتىن قىلغان رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :" ئەي خالايىق! پەرۋەردىگار بىر، دادىمۇ بىر، دىنمۇ بىر، ئەرەپلىك سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ دادىسى ياكى ئاپىسىنىڭ ئەرەپ بولغانلىقىدىن ئەمەس، ئۇ پەقەتلا تىلدىن ئىبارەت، كىم ئەرەپچە سۆزلىسە ئۇ ئەرەپ سانىلىدۇ " دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئەرەپ ئۈچۈن خىزمەت قىلساق، ئىسلام ئۈچۈن ۋە پۈتۈن ئالەمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولىمىز دەپ قارايدۇ.

3 - خەلقئارا ئىنسانپەرۋەر لىك :

ئىسلامى ھەرىكەت يېتەكچىلىرى خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىككە يۈزلەنگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ پىكىرنى قەدىرلەپ غايە ۋە نىشان قىلغان ھالدا ئومۇمى خەلقلەرنى ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىششقا چاقىرىدۇ.

ئىمام بەننا "يېڭى باسقۇچىنكى تەشۋىقاتىمىز" ناملىق كىتاۋىدا : " ئەمما ئىنسانپەرۋەرلىك ئۇ بىزنىڭ يوقۇرى نىشانىمىز، بۈيۈك غايىمىز ۋە ئىسلاھات قىسمىدىكى ھالقىلارنىڭ ئاخىرقىسىدۇر. دۇنيا شەكسىز شۇنداق بولىدۇ، ئىسلام دىنى دۇنياغا بۇ يولنى سىزىپ بەردى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دەسلەپتە ئەقىدىنى بىرلەشتۈردى، ئاندىن نىزام ۋە ئەمەللەرنى بىرلەشتۈردى، كىشىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىر، دىن مەنبىيى بىر، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس ئۇلۇغ زاتلاردۇر، ساماۋى كىتاپلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن، ئارزۇ قىلىنىۋاتقان غايە قەلبلەرنىڭ بىرلىششىدۇر: ئاللاھ مۇنداق دېگەن : { ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نۇھقا ۋەسىيەت قىلغان نەرسىنى ، ساڭا (پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام) بىز ۋەھى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئەيساغا بىز ۋەسىيەت قىلغان نەرسىنى يولغا قويىدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا بۆلگۈنچىلىك قىلماڭلار } دېدى [1]

ئىسلامى ھەرىكەت يېتەكچىلىرى ئىسلامى ئىسلاھاتنىڭ ئاساسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ :

<u>بىرىنچى ، رەببانىلىق (خۇدا كويلۇق):</u>

ئۇ تەشۋىقات تەسەۋۋۇرى، ئەخلاقى، ھۆكۈملىرى، پىكىرلىرى، ئۆرپى ـ ئادەتلىرىنى ئاللاھنىڭ مەڭگۈلۈك دىنىدىن ئالىدۇ. بۇ تەشۋىقات خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياكى شەخسى ھاجەتلەرنى قاندۇرۇۋېلىشنى نىشان قىلىدىغان داھىيلار ئۈچۈن ئەمەس. ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىنىدىغان تەشۋىقاتتۇر.

شۇڭا قەلبلەر ئۇ تەشۋىقات بىلەن ياشىرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىنسانى تۇيغۇ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا كۆتۈرۈلىدۇ ۋە كىشلەرنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسى باغلىنىدۇ.

رەببانى تەشۋىقاتچى چىدامىلىق، سەۋرچان بولۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كېتىدۇ، ئارقىغا چېكىنمەستىن دەۋەت يولىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ.

رەببانى تەشۋىقاتچى يول ھەرقانچە ئۇزۇن، توساقلار كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ ئۈمىدسىزلىككە قەتئى باش ئەگمەيدۇ. رەببانى تەشۋىقاتچى ناھەق ئىشلارغا قارشى تۇرۇشتا ئاجىزلىشىپ، بوشاپ قالمايدۇ. ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى توسۇش، دەۋەت يولىدىكى توساقلارنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن جىھاد قىلىشنىڭ قىيامەت كۈنىگە قەدەر پەرز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

<u>ئىككىنچى ، ئىنسانپەرۋەرلىك :</u>

ئۇ ئىنسانپەرۋەرلىك تەشۋىقاتى بولۇپ، بۇ لاي قاتلامنىڭ پەسكەشلىكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، چۈنكى ئىنساننى ئاللاھ ياراتتى. ئۇنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن راۋۇرۇس قىلدى ۋە ئۇنىڭغا پەرىشتىلەرنى باش ئەگدۈردى.

<u>ئۈچىنچى ، خەلقئارالىق :</u>

ئۇ تەشۋىقات ئىنسانىيەتنىڭ ھەممىسىنى ھەقىقەت ئۈستىدە قېرىنداش ۋە ياخشىلىق ئۈستىدە ياردەمچى قىلىدۇ.

---

[1] شۇرا سۈرىسى13 ـ ئايەت.

شۇڭا بۇ تەشۋىقات ئاڭ، پىلان ۋە تەشكىللەشتە خەلقئارالىق سەۋىيەگە يېتىشى لازىم. ئىسلام ئىدىيە ۋە ئەقىدىدە خەلقئارالىق نىزامدۇر. ئۇ تىل، رايون، مىللەت ۋە ئىنسان ئىرقىدىن ھالقىپ ئۆتەلەيدۇ.

بۇ ئۇچ مەزمۇن دائىرىسىدە ئىنسان باللىرى ئاللاھنىڭ زېمىندىكى خەلىپىلىرى بولۇپ ياشايدۇ، چۈنكى ئاللاھ بۇلارغا ئاسمان ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇرۇپ بەردى.

شۇڭا ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتى خەلقئارالىق ھەمكارلىقتا ئەركىنلىكنى ساقلايدىغان، ھەق - ھوقۇقنى قوغدايدىغان، پەزىلەتلىك ئالىي ئەخلاق سايىسىدا يارىدەملىشىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى قارار قىلىشتى. شۇنداقلا ئىمان بىلەن ماددىنىڭ ھەمكارلىشىشىدىن تەركىپ تاپقان يېڭى ئاساس ئۈستىدە ئىنسانىيەت مەدەنىيەتى ۋە تېنىچلىق قۇرۇلمىسىغا قاتنىشىش توغۇرلۇق قوللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

www.islamyoli.net

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىسى

ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىسى

ئىسلام ھەرىكىتى يېڭىدىن ئويغىنىش ۋە جانلىنىش ھەرىكىتىدۇر. ئۇنىڭ خىزمىتى ئىسلام ئۈممىتىنى بىرباسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا، بىرخىل ھالەتتىن يەنەبىر خىل ھالەتكە يېتەكلەشتۇر. ئىسلام ئۈممىتىنى ئىسلام دىنىدىن يىراقلىشىشتىن ئىسلامىيەت تەلىماتىغا ئېسىلىشقا، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مېڭىشقا، ئىمپورت قىلىنغان پاساتچىلىقنىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈشتىن ئىسلام شەرىئىتىنى تەتبىقلاشقا ۋە ھەرقانداق ھايات مۈشكۈلىسىگە(قىيىنچىلىقىغا) ئىسلامنىڭ ھەل قىلغۇچ ئۇسۇلىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇشقا ھەرىكەت قىلىش ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ بىردىن - بىر ۋەزىپىسىدۇر.

مەرھۇم ئۇستاز ھەسەن ھۇزەيبى : " مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىر جەمىيەت ياكى بىرئورگانغا ئىسىم بولۇپ قالغىنى يوق، لېكىن ئۇ ساپ- سۈزۈك ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ تېرىلىشى، مەشرىق - مەغرىبتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئويغىنىشىغا بىردىن بىر بايراق بولۇپ تۇرماقتا. چۈنكى بىز ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بىلەن ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلغىنىمىزدا، پەقەتلا قۇرئان كەرىمدە كەلگەن ئەھكاملارنى تەتبىقلاشنى تەلەپ قىلمايمىز، لېكىن بىز قۇرئان كەرىمنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتا ئومۇمىيۈزلۈك تەتبىقلىنىدىغان ھايات پرىنسىپى قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز " دېدى.

ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ خىزمىتى بۇ دائىرىدىلا توختاپ قالمايدۇ، چۈنكى تېخى ئۇنىڭ ئىجرا قىلىدىغان ناھايىتى قىيىن ۋە جاپالىق خىزمىتى بار. ئۇ بولسىمۇ ئىنسانىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قالايمىقان ۋە ئاڭسىز ھالەتتە دەلدەڭشىپ كېتىپ بارغان كويىقاپتىن قۇتقۇزىۋېلىشتۇر.

ئۇستاز سەيىد قۇتۇپ:" ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى زىل، جىددى ھەم نىشانلىقتۇر. ئۇ يالغۇز، مۇسۇلمانلارنى ۋە ئىسلام ئۈممىتىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى مەقسەت قىلمايدۇ، بەلكى پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆزلىرى بىلمەي كېتىپ بارغان كويىقاپتىن قۇتقۇزۇۋېلىشنى كۆزلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالەمنىڭ ھەممىسى بىزگە ئېھتىياجلىقتۇر. ئەگەر بىز تەشۋىقاتىمىزنىڭ ھەقىقىتىنى ئەمەلى تونىغان بولساق ئىدۇق، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىيەت ھاياتىدا يوقۇرى غايىلىك، ئاۋانگارات ۋە ۋەزىپىسى بار بىر ئۈممەت ئىكەنلىكىمىزنىڭ ئەھمىيىتىگە رىئايە قىلغان بولار ئىدۇق" دەيدۇ.

بۇ ئەسىردە ئىسلام دىنى ئومۇمىيۈزلۈك خىزمەتكە بەك مۇھتاج بولماقتا. بۇنى ھەربىر سادىق مۇسۇلمان كىشى ھېس قىلالايدۇ. ئۇ ئىسلام دىنىنى تونۇشتۇرۇشتىن باشلاپ، ئىنچىكە تەربىيەلەشتىن ئۆتۈپ، چوڭ نىشان، ۋە غايىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۈندىلىك ئىجرائىيەت ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىجرائىيەتلەر بىلەن ئاياغلىشىدىغان ئومۇمى خىزمەتكە بەك مۇھتاج بولماقتا. ئىسلام دىنى بۇ خىزمەتكە

ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان جامائەتكە (پارتىيىگە) مۇھتاجدۇر. چوقۇم بۇ خىزمەتنى ئۆتىمەكچى بولغان جامائەتنىڭ ئۆزى ئىشىنىدىغان ۋە شۇنىڭغا تايىنىپ ماڭىدىغان ھەرىكەت پرىنسىپى بولۇشى لازىم.

ئىسلام ھەرىكىتى دۇنيانىڭ جاي -جايلىرىدا ئىسلام ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق تەشكىلاتتۇر. ئۇ ھەرىكەت غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام تەشۋىقاتىنى ھازىرقى ئەسىرنىڭ تەقەززاسى ۋە تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن ھالەتتە ساپ، ساغلام يەتكۈزۈشكە، كىشلەرنى دەۋەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنى تەشكىللەپ خىزمەت قىلىشقا، ئۇلارنى ئىمانى تەرەپتىن يېتىشتۈرۈشكە ۋە جىھاد قىلىشقا تايىنىدۇ.

ئۇنىڭ موھىم تەشەببۇسلىردىن بىرى، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئەسلى ۋە مۇستەقىل شەخسىيىتى ئەسلىگە قايتقانغا قەدەر مۇستەملىكىچىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنىڭ ئىدئولوگىيە تەسىرى بىلەن ۋەخىلمۇ- خىل پەلسەپىلىرى بىلەن كۆرەش قىلىشتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ھەرىكىتى -دەسلەپكى كۈندىن تارتىپ ئىسلام دىنىغا يېپىشىۋالغان بىدئەت، خۇراپاتلارنى سۈپۈرۈپ تازلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقى بىلەن ماس كېلىدىغان نۇرلۇق ۋە چاقناپ تۇرىدىغان سۈرىتى بىلەن ئىسلام دىنىنى كىشلەرگە تەقدىم قىلىشقا كۆكۈل بۆلۈپ كەلدى.

ئىمام بەننا بۇ پارتىيە توغرلىق سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: "قېرىنداشلارنىڭ تەشۋىقاتىنىڭ مېغىزى كىشلەرنىڭ دىللىرىغا تاشلىنىدىغان ئىدىيە بىلەن ئەقىدىدۇر، بۇ ئەقىدە بىلەن ئىدىيە ئۈستىدە خەلق پىكرى يېتىشىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭغا قەلبلەرئىشىنىپ، ئەتراپىغا روھلار زىچ ئۇيۇشىدۇ. مانا بۇ ھاياتنىڭ ھەر تۈرلۈك ساھاسىدە ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ پرىنسىپىدۇر ".

مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە خىزمەت قىلىشنىڭ ئەھمىيتى توغرلۇق سۆز ئېچىشتىن بۇرۇن، ئىسلامى ھەرىكەت يېتەكچىلىرى كىتابلىرىدە، رىسالىرىدە بەلگىلەپ بەرگەن ۋە موھىم ۋەزىپە دەپ قارىغان پرىنسىپلارنىڭ موھىملىرىنى ئوتتۇرغا قويماق لازىم بولىدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان پرىنسىپلار

1 - ئىلمى ساھەدە: قۇرئان كەرىمنى ئەسلي ماھىيتى بىلەن ئىنچىكە شەرھىلەش، ئۇنى ھازىرقى زاماننىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان شەكىلدە باشقىلارغا كۆرسىتىش، ئۇنىڭغا چاپلىنىپ قالغان تۆھمەت، گۇمانلارغا رەددىيە بېرىش، نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە خىيالغا چۈكۈپ كېتىشتىن ئىبارەت بولغان ئىسلام ئەقىدىسىگە چاپلىشىپ قالغان نەرسىلەردىن ئىسلام ئەقىدىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت.

مەرھۇم دوكتۇر مۇستەپا سىبائى:"ساغلام ئەقىدە ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ پۈتۈن پائالىيتى ۋە يۈرۈش -تۇرىشىدا ئاللاھغا يۈزلەندۈرىدۇ، ئىنسان بۇ ئەقىدىنىڭ تەسىرى بىلەن يالغۇز ئاللاھغا بوي سۇنۇشۇم، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىم ۋاجىپدۇر دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەمما ئاللاھدىن باشقا بۇتلار، پادىشاھلار، كۈچلۈكلەر، ئۇنىڭدىن سىرىت يۈز-ئابرۇي، مال-دۇنيا، لەززەت ۋە شەھۋەتكە ئوخشاش بۇ نەرسىلەر باتىل مەئبۇدلاردۇر (ئىلاھلاردۇر). ئىنسان بۇ مەئبۇدلارغا چوقۇنسا ئۇ ئىنسانلارنى خار قىلىپ، جەمىيەتنى بۇزۇپ، ياخشى مەھسۇلاتلارنى(نەتىجىلەرنى) ۋە پايدىلىق تەرەققىياتلارنى نابۇت قىلىدۇ " دېدى.

www.islamyoli.net

2 ـ ئەمەلى ساھادە : ئىسلام ئۇممىتىنى قۇرئان كەرىمنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئۇيۇشتۇرۇش، بۇ ئۇممەت ھەقىقى قۇرئان ئۇممىتى بولۇشى ئۈچۈن ئىسلام ئوغلانلىرىنىڭ قەلبلىرىگە ئۇنىڭ ئېسىل تەسىرىنى قايتا جانلاندۇرۇش ۋەخىلمۇ ـ خىل ئىسلام پىرقىلىرى ئارىسىدىكى كۆز قاراشنى يېقىنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. يەنى ئىسلام جەمىيتىنى بىر دىن ئاساسىغا قۇرۇپ چىقىش ۋە ئىسلام پىرقىلىرى ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى كىسىپ تاشلاش دېگەنلىكتۇر. بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئىسلام دىنىنى توپ ـ توغرا گۈللەندۈرۈش، سۆزدە راستچىل بولۇش، مۇئامىلىسىدە كەڭ قورساق بولۇش، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە قىزىقىشتىن ئىبارەت ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

دوكتۇر مۇستەپا سىبائى: " ئىسلام دىنى ھاياتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىرى ئۈچۈن نىزامنامىدۇر، ئۇ ئائىلە، خەلق ۋە ھۆكۈمەتنى ئىسلاھ قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق مۇسۇلمان بۇ ھەقىقەتكە ئىشىنىپ، ئىسلامنى ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىگە تەتبىقلاپ، ئىجتىمائى ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىسلام دىنى بىلەن ئەمەل قىلىشقا ھەرىكەت قىلمىغىچە ھەقىقى مۇسۇلمان بولالمايدۇ. دۆلەت ئىسلام دىنىدىن ئايرىم قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ئىجرا قىلىنمىسا، ئۇنىڭ شەرئىتى تۇرغۇزۇلمىسا بۇنداق دۆلەتنى ئىسلام دۆلىتى دېگىلى بولمايدۇ. ھازىرقى جەمىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىجتىمائى زۇلۇملارنى تۈرمۈش ۋە بايلىقتىكى ھەددىدىن ئاشقان پەرقنى ئىسلام دىندىن دېيىش قەتئى توغرا ئەمەس " دېدى

3 ـ تەربىيە ساھاسىدە : ئىسلامنىڭ ئەخلاقى ۋە ئەقىدىسى ۋۇجۇدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان، ھاياتىدا ئىسلام رىسالىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ نىزامىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدىغان، ئىسلام ئۇممىتىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا رىئايە قىلىشقا، نەپسىنى تازىلاش ۋە نەپسىنى رەببانىيەتنىڭ ئەڭ يوقۇرى دەرجىسىگە كۆتۈرۈشكە چاقىرىدىغان ئەۋلادلارنى تەربىيلەپ چىقىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

بۇ تەربىيە خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى ھىس قىلىشى ۋە غايىسىنى بىلىشى ئۈچۈن ئىنسان ئۆزىنى ئىززەت ۋە شەرەپ ئۈستىدە تەربىيلىشى لازىم.

دوكتۇر يۈسۈف قەرداۋى : " ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى ھىس قىلىپ، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ياشاشنى ئىرادە قىلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى، شەخسىيتىنى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ھاياتتا ۋەزنىنىڭ، قىممىتىنىڭ بارلىقىنى ھىس قىلىشنى ئىرادە قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇدۇنياغا كېلىشىدە غايىنىڭ بارلىقىنى، ھاياتىدا ۋەزىپىسىنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ مايمۇن، ئۇلاغ، ھاشارەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، بۇ زېمىندا بىكاردىن-بىكار ئەھمىيەتسىز يارىتىلمىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئەقىل ۋە بايان قىلىش قابىلىيىتىنىڭ مەقسەتسىز بېرىلمىگەنلىكىنى ھىس قىلىشنى خالايدۇ.

ئىنسان ئىززەت شەرەپنى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تەبىئەتكە ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا كۈچ ـ قۇۋۋەتنى، باشقىلارنىڭ چېكىدىن ئېشىشىنى توسالايدىغان، نەپسىنىڭ شەھۋىتىنى توسۇشقا كۈچى يېتىدىغان، شۇنداقلا غايىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كېتەرلىك بولغان كۈچ-قۇۋۋەتنى ئىزدەيدۇ. ئىنسان بەخت ئىزدەيدۇ، ئۇ بەختكە پەقەتلا ئاخىرەتتە ئېرىشىشنى ئەمەس مۇشۇ دۇنيادىمۇ بەختكە ئېرىششنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ بۇ دۇنيادا ئۆزىگە تەقدىر قىلىنغان كۈنلىرىنى بەختسىز

ۋە بىچارە قىياپەتتە ئۆتكۈزۈشنى خالىمايدۇ. ئۇ ھاياتنى كۆڭلى تىنىچ، خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ ئىچكى ئەمىنلىك، روھنىڭ ھەرتەرەپلىرىنى توشقۇزۇپ تۇرغان رازىلىق، ئۇنىڭ ھايات ئۈپۈقىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان پارلاق ئۈمىد ۋە پۈتۈن تەلپۈنىشلىرى نۇر ۋە يورۇقلۇق بىلەن گۈللۈنۈپ تۇرغان ئۇلۇغ مۇھەببەت بىلەن بەھرىمەن بولغان ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئىرادە قىلىدۇ " دېدى. (1)

4 - ئىقتىسادى ساھەدە : ئىقتىسادى ساھە دېگىنىمىز ئۇ ئىسلامنىڭ مىللى ئىقتىسادىنى يوقۇرى كۆتۈرۈش، ئۇنى چەتئەلنىڭ ئىقتىسادىدىن مۇستەقىل قىلىش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يوقۇرى كۆتۈرۈش، كىشلەرئارىسىدا ئىجتىمائى ئادالەتنى تۇرغۇزۇش، ھەر بىر ۋەتەنداشنىڭ ئىجتىمائى تەرەپتىن تەمىنلىنىشگە كاپالەتلىك قىلىش، ھەر بىر ۋەتەنداشقا خىزمەت پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش، يات ئەللەرنىڭ مىللى ئىقتىسادقا ئارلىشۋېلىشىغا يول قويماسلىق ۋە يەرلىك سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ.

5 - ئىجتىمائى ساھەدە: ئىجتىمائى خىزمەتلەرگە ھەسسە قوشۇش، ساۋاتسىزلىق، كەمبەغەللىك، ھەرتۈرلۈك كېسەللىك ۋە رەزىل ئىشلار بىلەن كۆرەش قىلىش، ياخشى، پايدىلىق خىسلەتلەرگە رىغبەتلەندۈرۈش، مائارىپنىڭ روھنى ئىسلاھ قىلىش، مائارىپنى مۇستەملىكىنىڭ تەسىرى، مەدەنىيەت ھۇجۇمى، ئىدىئولوگىيە ھۇجۇمى ۋە كۆرسەتمىسىدىن ئازات قىلىش لازىم. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ئۈممەتنىڭ شان -شەرىپىنى سادىق ئىمان، يېتىشكەن بىلىم، پەزىلەتلىك ئەخلاق ئاساسىدا تىكلەيدىغان، ھاۋايى - ھەۋەستىن خالى نىيەت ۋە تولۇق ئىلمي مۇستەقىللىق مەيدانىدا تۇرۇپ ھەقىقەتلەرنى ئۆتكۈر كۆزنىڭ تارازىسىدا ئۆلچەپ مول ھوسۇل بېرەلەيدىغان كۈچلۈك دىيانەتلىك ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت.

ئىسلام ھەرىكىتى ئوغلانلىرىنى جەمىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بۇ ھاياتتىكى مۇسۇلمان شەخسنىڭ ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر دېگەن چۈشەنچە بىلەن تەربىيلەپ چىقتى. قۇرئان كەرىم بۇ ۋەزىپىنى ئۈچ تارماق قىلىپ كۆرسەتتى. بىرىنچى : ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقە، ئىككىنچى : ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق جەمىيەت بىلەن بولغان ئالاقە، ئۈچىنچىسى: دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىش ئارقىلىق بولىدىغان ئالاقىدۇر. ئاللاھ قۇرئاندا:{ ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار (پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى (يەنى خىش ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىش، يېتىم يېسىرلەرنىڭ بېشىنى سىلاش، كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئۆتەش قاتارلىق ئىشلارنى) قىلىڭلار. ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل – مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار } دېگەن [1].

شۇنداقلا ئىسلام ھەرىكىتى ئىجتىمائى ئىسلاھاتتا مەركەز، مەدەنىيەت سارىيى، ئىجتىمائى، مائارىپ ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئورگانلىرىنى قۇرۇش ئارقىلىق ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. مائارىپ، دوختۇرخانا، مىسكىنلەر ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، دىنى تەرەپتىن، ساقلىقنى ساقلاش تەرەپتىن ۋە ئىجتىمائى تەرەپلەردىن كۆرسەتمىلەرنى بېرىش ئارقىلىق قولايلىق بولغان ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئىسلام خەلقلىرىگە خىزمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

6 - ۋەتەن كۆرىشى ساھاسىدە :

ۋەتەن كۆرشى دېگىنىمىز ئىسلامىيەتنى تەشۋىقات، دۆلەت ۋە قانۇن - نىزام سۈپىتىدە مۇداپىئە قىلىش، ئىسلام ۋەتىنىگە قەدەم باسقان پاسكىنا ئاياغلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا رەددىيە بېرىش، زالىملارنىڭ - مەيلى ئۇلار ھاكىم بولسۇن ياكى پۇخرا بولسۇن - باشقىلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشىنى چەكلەش، ھەققەتنى قوغدايدىغان كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن بارلىق ئۇسۇل - چارىلارنى ئىشلىتىپ جىھاد تەييارلىقىغا باشقىلارنى سەپەرۋەر قىلىش، شۇنداقلا ئىسلام ۋەتىنىنىڭ دۈشمەنلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ھەربىر پارچە زېمىنىنى ئازات قىلىپ ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرۈش، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئازسانلىق مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەق- ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەنگە قەدەر ئۇلارغا ياردەم بېرىشتۇر. شۇنداقلا ئەركىنلىكنى ھىمايە قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قوغدايدىغان، كۆچلۈكلەر ئاجىزلارنى يۆلەيدىغان، پەزىلەتلىك ئالى ئەخلاق سايىسىدا خەلقئارالىق ھەمكارلىق جەمىيەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش، ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىنى، كۆرسەتمىلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئىچكىرى تەرەپتىن ھىمايە قىلىپ، سىرتقا يەتكۈزىدىغان نەمۇنىلىك ياخشى دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىشقا ھەرىكەت قىلىشتىن ئىبارەت.

ئىسلام ھەرىكىتى بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن شەرئى ئۇسۇل ۋە باسقۇچلارغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ، ئىسلام ھەرىكىتى پۇرسەت بولۇپ قالسىلا قوللىنىدىغان موھىم ۋاستىلارنىڭ بىرسى خەلق مەجلىسى ۋە پارلامېنت مەجلىسىگە قاتنىشىدۇ.

ئۇستاز ئۆمەر تىلمىسانى 1984 - يىلى مىسىردا ئېلىپ بېرىلغان خەلق مەجلىسى سايلىمىغا قېرىنداشلارنىڭ قاتنىشىش سەۋەبىنى ۋە ئىسلام ھەرىكىتى ۋەكىللىرىنىڭ بوينىغا يۈكلەنگەن خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق ھالدا بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ :

"قېرىنداشلارنىڭ قاتنىشىدىكى سەۋەپ، قانۇن چىقىرىش ئورگىنىدا ئىسلام تەشۋىقات ئاۋازىنىڭ يوقۇرى كۆتۈرۈلىشى ئۈچۈن، ئىسلام شەرئىتىدىن سىرىت باشقا قانۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئەركىنلىككە توسالغۇ بولىدىغان ئامىللارنى ۋە ھەربى ھالەتنى بىكار قىلىپ تاشلاشقا ئۇرۇنايلى.

ۋەتەنداشلارنىڭ بىخەتەرلىككە كېپىل بولۇش، تەشۋىقات ۋە ئىدىيە ئەركىنلىكىنىڭ ئەمىنلىككە ئېرىشىشى ئۈچۈن ئالالاھنىڭ شەرئىتىنى ئەمەلى ئىجرا قىلىش مەيدانغا ئېلىپ چىقايلى.

توغرا يولدىن بۇرۇلۇشقا ۋە نوپۇزىغا تايىنىپ باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئېگەللىۋېلىشقا يول قويمايلى.

قانۇن چىقىرىش ئورگىنى ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق تەشۋىقات ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ياخشى تەسىر قوزغىيالايدىغان دەرجىدە ئىسلاھ قىلايلى.

بىز ئۆزىمىزنىڭ تەشۋىقاتىنى كىشلەرگە قانۇنى يوللار ئارقىلىق تارقىتىشقا باشقىلاردىنمۇ بەكرەك ھېرىسمەن ئىكەنلىگىمىزنى تونۇتۇپ قويايلى.

خەلق ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەققى بۇرچىنى ئىجرا قىلىپ، مەسئۇللاردىن ھېساپ ئېلىشى ۋە شەخسى مەنپەئەتلەرنى دەپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭماسلىقى لازىم.

خەلق مەجلىسى دۆلەتنىڭ ئومۇمى ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەمەلى جەھەتتىن كۆزەتچىلىك قىلىشتا ئۆزىنىڭ ھەققى رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دىنىمىز چاقىرىۋاتقان جانلىق سەۋەپلەر بولغانلىقى جەھەتىدىن مۇسۇلمان قېرىنداشلار بۇ سايلامغا قاتنىششنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايدىغان قولايلىق پۇرسەت دەپ قارايدۇ " دېدى.

7- خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك : قېرىنداشلىقنى ئېلان قىلىدىغان ۋە نىشانغا يەتكىلى بولىدىغان يولنى كۆرستىپ بېرەلەيدىغان ۋە خەلقئارالىق ئىسلام پرىنسىپلىرىنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ماددا بىلەن روھنىڭ ھەمكارلىششىدىن كېلىپ چىققان يېڭى ئاساس ئۈستىدە خەلقئارا تېنچلىق قۇرۇلمىسى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قاتنىشىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىدا بىرلىكتە خىزمەت قىلىشنىڭ ئەھمىيتى

ۋۇجۇدىدا ئەقىدە، ئەخلاقنىڭ تەسىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىسلامى شەخسنى، ئىدىيە ۋەئىستىلى تەرەپتىن رىئايە قىلىدىغان جەمىيەتنى ۋە شەرىئەت، پىرىنسىپ، دەستۇر تەرەپتىن تەتبىقلايدىغان، ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى تىكلەش ئۈچۈن كىشلەرگە ئىسلام تەشۋىقاتىنى تارقىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش زۆرۈردۇر. بۇ خىزمەت ۋە ئۇنىڭغا چېتىشلىق ئىشلار ئىسلامى ۋاجىپدۇر. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى يېتەكلەيدىغان ھۆكۈمەت تىكلەنمىگىچە بۇ ۋاجىپ ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بوينىدىن ساقىت بولمايدۇ (مەسئۇلىيەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ). بۇ ھۆكۈمەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ھەسسە قوشماي ھورۇنلۇق قىلىش ۋە سۇسلۇق قىلىش ئېغىر گۇناھدۇر.

ئۇستاز سەيىد قۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ : " ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ ئىلاھى پرىنسىپ ئاللاھنىڭ نەزلىدىن چۈشكەنلىكى بىلەنلا يەرشارىدا ئەمەلىيلىشىپ قالمايدۇ. بۇ پرىنسىپ چۈشكەن مەزگىلنىڭ ئۆزىدە، ئىلاھنىڭ "بول "دېگەن سۆزى بىلەنلا بىۋاستە ئەمەلىيلىشىپ قالمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈپ قويۇش بىلەنلا يەنىلا ئەمەلىيلىشىپ قالمايدۇ. ئۇ بۇ پرىنسىپكە تولۇق ئىشىنىدىغان، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە توغرا يولدا ماڭىدىغان، ئۇ پىرنسىپنى ئۆزلىرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ دىللىرىدا ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر بۆلۈك جامائەت ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ. شۇنداقلا بۇ غايە يولىدا بارلىق مال -مۈلكى، كۈچ - قۇدرىتى بىلەن جىھاد قىلىدىغان ۋە ئىنسانلارنىڭ نەپسلىرىدىكى ئاجىزلىق، ھاۋايى ھەۋەس بىلەن قارشى كۆرەش قىلالايدىغان كىشلەر ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ. بۇ جامائەت ۋاقت، ئورۇن ۋە شارائىتنىڭ تەقەززاسىغا مۇناسىپ كېلىدىغان چارىلەرنى تاللاشتا ئىشلەتكەن كۈچىگە كۆرە غەلبە قىلىدۇ ياكى مەغلۇپ بولىدۇ. ھەممىدىن موھىمى ئۆزىنىڭ ئەمەلىيتى ۋە شەخسى ئىستىلىدا بۇ پىرىنسىپنىڭ ھەقىقتىنى ئەمەلى كۆرستەلىشىگە باغلىقتۇر" (1)

ئىسلامغا خىزمەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى تەكىتلەيدىغان نۇقتا، ئاللاھ تەرىپىدىن بىزلەرگە تاپشۇرۇلغان مەسئۇلىيەتتۇر. ئۇ مەسئۇلىيەت نەپلە ئىش بولماستىن بىر نەچچە نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ۋاجىپ مەسىلەدۇر :

بىرىنچى: ئىسلام دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاللاھ تەرىپىدىن پۈتۈن ئىنسانلارغا بەلگىلەنگەنلىكى ئۈچۈن پرىنسىپ تەرەپتىن ۋاجىپتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ :{ ئى پەيغەمبەر ! پەرۋەردىگارىڭ

تەرپىدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەن ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ ساڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئىجرا قىلمىغان بولىسەن }.[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىمۇ ھەقىقەتكە تەشۋىق قىلىشقا، ناھەق ئىشلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا قىزىقتۇرىدىغان ھەدىسلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : " سىلەردىن قايسى بىر كىشى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك يامان قىلىقنى كۆرۈپ قالغان بولسا، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، قولى بىلەن تۈزىتىشكە قادىر بولالمىسا تىلى بىلەن تۈزەتسۇن، تىلى بىلەنمۇ تۈزىتىشكە كۈچى يەتمىسە قەلبى بىلەن نارازىلىق بىلدۈرۈش ئارقىلىق ئۆزگەرتسۇن، دىلى بىلەن تۈزىتىش ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز قىياپىتىدۇر " دېگەن [3].

ئىككىنچى: ئىسلامغا خىزمەت قىلىش ھۆكۈم تەرەپتىن ۋاجىپتۇر. چۈنكى زېمىندا ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى، ئىجتىمائى قانۇنلارنىڭ[1] ئىنسانىيەت جەمىيىتىنى كونترول قىلىۋالغانلىقى، ئىسلام جەمىيىتىنى تۇرغۇزۇشنى، ئىسلامى ھاياتنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، كىشىلەرنى ئەقىدە، قانۇن ۋە ئەخلاقى تەرەپتىن ئاللاھنىڭ يولىغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ جىددى خىزمەت قىلىشىنى پەرز قىلىدۇ.

ئاللاھ بۇ توغرۇلۇق:{ئى مۆھمىنلەر! پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز- ئارىسىدىكى دەتالاشتا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمۈڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قىلچە غۇم بولىسمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بوي سۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ } دېدى[2].

ئۈچىنچى: دەۋرنىڭ رىقابىتىگە قارشى تۇرۇش، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ سۇئىقەستىنى بىكار قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن، ئىسلامنىڭ ئاساسىغا تەھدىت سېلىۋاتقان ۋە ئۇنى زېمىندىن قۇرۇتۇپ تاشلاش ئۈچۈن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئاتېزىم ۋە ماددى دولقۇننىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن ئىسلامغا خىزمەت قىلىش زۆرۈر بولغان ۋاجىپ ئىشتۇر.

ئۇستاز ئەبۇئەئلامەۋدۇدى مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھنىڭ زېمىندا ئىسلام خەلپىلىكىنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئىسلام نىزامىدا ئاجايىپ خىسلىتى، يېتەرلىك ئەھمىيىتى باردۇر. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنگەن، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلىپ ماڭغان ھەر بىر مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئىسلامنىڭ قېلىپىدا قۇيۇپ چىقىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلمىغىچە ئۇ كىشىنىڭ خىزمىتى تۈگىمەيدۇ. بۇ ئۇلۇغۋار مەقسەتنى بىرلىكتە ھەل قىلىشتىن باشقا چارە تېپىلمىغاندىكىن، ئۇنداقتا ھەقىقەت پرىنسىپىگە ئىشىنىپ، ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان، ئىنسانىيەتچىلىك ھاياتىدا ھەقىقەت نىزامىنى تۇرغۇزۇشتىن باشقا غايىسى بولمىغان ياخشى بىر جامائەتنىڭ بولىشى لازىمدۇر ".

<u>ئىسلام دىنىدا بىرلىكتە خىزمەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى ھەققىدە:</u>

ئاللاھ يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەشۋىقاتنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىشنى ۋاجىپ قىلىدىغان بىرقانچە تۈرلۈك ئامىللار بار :

1 ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامنى تەشۋىق قىلىش، جاھىلىيەتكە قارشى تۇرۇش، ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش يولىدىكى ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى ئىسلام پائالىيىتىدە بىرلىششىنىڭ ۋە ئىتتىپاقلىششىنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلەيدىغان پاكىتتۇر. ئەگەر بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىغا

ۋە ئىسلام دۆلىتىنى قانداق قۇرۇپ چىققانلىقىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەشۋىق قىلىش جەريانىدا ئۇلارنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرماي، پىرقىمۇ - پىرقە ھالىتىدە تاشلاپ قويمىغانلىقىنى ئەلبەتتە بايقايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قوماندانلىق ئاستىغا يىغىپ، بىر جامائەتكە (تەشكىلات، ئۇيۇشما) تەشكىللىدى ۋە جاھىلىيەت جەمىيىتىدىن ھەر قايسى جەھەتتە ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ۋە ئىسلام ئېڭى سىڭگەن ئىسلام ئۇممىتىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئۇ بۇ جامائەتكە تەشۋىقاتنى باشلىغاندىن تارتىپ، تەشكىللەش خىزمىتىنى باشلىغان ئىدى. بۇ جامائەت يېڭى ئەزالارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن كۆپىيىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئىسلام دۆلىتىنى تۇرغۇزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جامائەتكە يېڭى ئەزالار قوشۇلغاندا ئۇلارنى جامائەتتىن يىراقلىشىشتىن چەكلەپ:" بۆرىمۇ توپتىن ئايرىلىپ قالغان قوينى يەيدۇ" ¹ دەپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇراتتى. ئۇ بۇ توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: "مەن سىلەرنى بەش تۈرلۈك ئىشقا بۇيرۇيمەن، ئۇنىڭ قاتارىدىن جامائەتتىن ئايرىلماسلىق..... كىم جامائەتتىن بىرغېرىچ مىقداردا يىراقلىشىدىكەن ئۇ ئادەمنىڭ بويىنىدىن ئىسلام تۇتقۇچى ئاجراپ چىقىپ كېتىدۇ ."

شۇڭا ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشتىكى بىردىن- بىر يول بىرلىكتۇر، بىرلىك ئۇ ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىش يولىدىكى ئىسلامنىڭ قوراللىدۇر.

2 -ئىسلامىيەت بىزنى ياخشى ۋە گۈزەل ئىشلاردا ھەمكارلىشىشقا بۇيرۇيدۇ، بىرلىك پائالىيىتى بولسا ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىق ئىشلىرىنىڭ ئەڭ موھىمراقىدۇر.

3 - ھەر ئىنسان ئۆزى يالغۇز يىگانە شەخستۇر، قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلسا كۆپچىلىكنى ھاسىل قىلىدۇ. مەيلى ئىخلاسى قانچىلىق تولۇق ۋە ساپ بولۇپ كەتسۇن، يەككە – يىگانە ئىش قىلغۇچىنىڭ كۈچى ئارزۇ قىلىنغۇاتقان نىشاننى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا يەتمەيدۇ. چۈنكى يىگانە ئادەمنىڭ كۈچى ئاز، قۇدرىتى چەكلىك، تەسىر كۆرسىتىشى ۋاقىتلىق بولىدۇ. ئەزالار كۆپ بولسىمۇ، يۆنۈلۈشىنىڭ بىرنەچچە بولۇشى، خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ ھەر خىل بولۇشى، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلار ئارىسىدا باغلىنىشنىڭ بولماسلىقى،كۈچلەرنى بۆلۈپ، خىزمەتنىڭ تەسىرىنى ئازايتىۋېتىدۇ. ئەمما بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتتە كۈچلەر بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، ئىشلار رەتلىنىپ، بىر بىرىگە ماسلىشىپ قول تۇتۇشۇپ ماڭالايدۇ.

4 - ئىسلامغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان قارشى كۈچلەرنىڭ ھەر خىل ئوخشىمىغان ئىسم، نىشان ۋە ۋاستىلىرى تۇرۇۋلۇق ئۇلار بىرلىك، ئۇيۇشما، پارتىيە ۋە تەشكىلات شەكلىدە خىزمەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. سىستېمىلىق،تەشكىللىك، ۋە پىلانلىق خىزمەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيۇشما كۈچلىرىگە يىگانە چېچىلاڭغۇ كۈچ بىلەن قارشى تۇرۇش ئەقىلغا سىغمايدۇ. تەشكىلاتقا ئوخشاش تەشكىلات بىلەن ياكى ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك ئۇيۇشما بىلەن قارشى تۇرغىلى بولىدۇ.

<u>بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئاساسلىرى :</u>

مۇئەييەن نىشاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇئەييەن پىروگىرامما، پىرىنسىپ ۋە پىلان بويىچە ئىش قىلىدىغان ئىنتىزاملىق پارتىيە تەرىپىدىن قىلىنغان ھەر قانداق پائالىيەتنى بىرلىك ۋە تەشكىللىك خىزمىتى دېيىشكە بولىدۇ. ئىسلام ھۆكمىدە ھەر قانداق خىزمەت ئىنتىزاملىقتۇر. ھەر قانداق

سىستېمىلىق ۋە تەشكىللىك ئىشنىڭ بېشىدا قوماندان بولىدۇ. قوماندان ياكى يېتەكچىنى سايلاپ چىقىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى تەكىتلەيدىغان بىرنەچچە پاكىتلار بار.

تەشكىلات دېگەنلىك، مەسئۇل رەھبەر، ئىتائەتچان ئەسكەر ۋە قوماندان بىلەن ئەسكەر مۇناسىۋىتىنى ئىنتىزامغا سالىدىغان، ھەر بىرەيلەننىڭ ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان، ھەربىكەت ئۆزىنىڭ ئىدارە ئورگانلىرىدا مۇھتاج بولىدىغان ئۇسۇل -چارە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كېتەرلىك نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئاساسى نىزامنىڭ بولۇشى دېگەنلىكتۇر. ئەسكەرلىك بولسا، قوماندان تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇقلارنى مەيلى ئاسانچىلىق، قىيىنچىلىق شارائىتىدا بولسۇن، مەيلى كۆڭلى ئۇچۇق بولغان ياكى خاپۇلاپ قالغان شارائىتلاردا بولسۇن، كۆڭلى تاتقان ياكى دىلى ياقتۇرمىغان ۋاقىتلاردا بولسۇن، ئېنىق گۇناھ بولمايدىغان ئىشلار بولىدىكەن، جامائەتنىڭ ئىدىيىسى(پىكرى) ئۈچۈن شەخسى ئىدىيىسىدىن يېنىپ، قوماندانغا ئىتائەت قىلىشقا رىئايە قىلغان ھالدا ئىجرا قىلىشى لازىم.

بىرلىكتە ھەر بىكەت قىلىشنىڭ ئاساسلىرى تۆۋەندىكىچە :

خىزمەتنىڭ تەشكىلات ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىشى؛

بۇ تەشكىلاتنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ سىستېمىلىق ۋە رەتلىك بولۇشى ؛

بۇ تەشكىلاتنىڭ مەسئۇل قوماندانى ۋە ئىتائەتچان ئەسكىرى بولۇشى ؛

ھەربىكەت ياكى خىزمەت مۇئەييەن پىروگىراما ۋە ئۇسۇل بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى ؛

بۇ ھەرىكەتنىڭ مۇئەييەن نىشانغا قاراپ ئاتلىنىشى لازىمدۇر.

ئۇنۇملۇك بىرلىك خىزمىتىنىڭ شەرتلىرى :

بىرلىك خىزمەتنىڭ ئۇنۇملۇك مېۋە بېرىشى، جامائەتنىڭ (تەشكىلات) ئۆز مەقسىتىگە يېتىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئامىللار شەرت :

1 - خىزمەتنى نىشانغا يېتىشتىن ئىلگىرى ۋە نىشانغا يېتىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۇزمەي داۋاملاشتۇرۇش لازىم. قولدىكى مېۋىنى ساقلاشمۇ سەل قارايدىغان مەسىلە ئەمەس. خىزمەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى نەتىجىنىڭ تەسىرىنى يوقىتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭدىن كېيىن ئورۇندالغان خىزمەت يېڭى نەتىجە بەرمەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال دەسلەپكى خىزمەتنى تەكرارلاشتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرىنچى قېتىملىق ئىش زايا بولۇپ يوقالغان بولىدۇ. بىرلىك ھەرىكىتى ئۈزۈلۈپ قېلىشقا يولۇقسا ئۇ خىزمەتنىڭ تەسىرى ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ ياكى تەسىرى يوقۇلۇپ، يېڭىدىن ئىش باشلاشقا مۇھتاج قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاز بولسىمۇ دۋاملاشقان ئىشنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى ئۇ ئىش ئاز بولسىمۇ داۋاملىق بولسا نەتىجىلىك بولىدۇ. خىزمەت ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ ئۈزۈلۈپ قالسا تەسىرى ئاجىز بولىدۇ.

2 - تەشكىلاتنىڭ ساغلام، جامائەتنىڭ ئىناق - ئىتتىپاق بولۇشى، ئارلىقتا يوچۇق، ئەيىپ نوقسان، جىدەل – ماجرا ۋە پىتنە - پاساتنىڭ بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى تەشكىلاتتا يوچۇق، جامائەت ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك ۋە يوچۇقنىڭ تېپىلىشى بىرلىك خىزمىتىنىڭ توختاپ قېلىشىغا سەۋەپچى بولىدۇ. چۈنكى جامائەت ئىختىلاپىنى يوقۇتۇش، يوچۇقنى ئىسلاھ قىلىش، تەشكىلاتنى ئەسلىگە ئەكىلىش بىلەن ئاۋارە بولىدۇ.

3 - جامائەت ئەزالىرىنىڭ قىزغىنلىقى كۆچلۈك، مەنىۋىيتى يۇقىرى سەۋىيەدە ساقلىنىشى لازىم. ئەگەر ئۆزۈلۈپ قېلىش، ھورۇنلۇق قىلىش سادىر بولۇپ قالسا بىرلىك خىزمىتى ئاجىز ۋە تەسىرسىز بولۇپ قالىدۇ.

4 - خىزمەت قىلىۋاتقانلار سەۋىرچان بولىشى، مەنزىلىنىڭ ئۇزاقلىقى تۈپەيلىدىن نەتىجىگە ئېرىشىشكە تېز ئالدىراپ كەتمەسلىكى لازىم.

## تۆتىنجى بۆلۈم

## ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ نىشان غايىللىرى

## ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ نىشان ۋە غايىللىرى

ھەر قانداق تەشۋىقاتنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كۆزلەنگەن نىشانى بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئىسلامى ھەرىكەت يېتەكچىلىرى، ھەر بىر مۇسۇلمان شەخسىنىڭ خىزمەت قىلىشى ۋاجىب بولغان ۋە ئىسلام دىنى پەرز قىلىپ بېكىتكەن نىشان غايىلىرىنى بەلگىلەپ بەردى. بۇ نىشانلار كۆپ ھەم تۈرلۈك بولۇپ، چوڭ نىشان، شاخچە نىشان ۋە باسقۇچلۇق نىشانلار دەپ بىر قانچە تۈرگە ئايرىلىدۇ.

<u>چوڭ نىشان :</u> ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتۇر. بۇ نىشان شاخچە ۋە باسقۇچلۇق نىشانلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ.

<u>شاخچە ۋە باسقۇچلۇق نىشانلار:</u>

1 ـ ئىسلام دەۋەت قىلىۋاتقان نەرسىنى ئومۇمىيۈزلۈك سۈرەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىسلام قانۇنى بىلەن ئەمەل قىلىدىغان، دىيانەتلىك مۇسۇلمانلار يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ھەقىقى ئىسلامى ھۆكۈمىتىنى تىكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ بىرىنچى نىشاندۇر.

2 ـ قۇرئان كەرىمنى قانۇن- تۈزۈم قىلىدىغان، ئىسلام دىنىدىن چەتنەپ كەتمەيدىغان ئىسلام جەمىيىتىنى تۇرغۇزۇش ؛

3 ـ ئىسلام دىنىنى ئەمەلى تەتبىقلاش ئارقىلىق، ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش؛

4 – قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈملىرىنى تەتبىقلاش؛ ئاللاھ قۇرئاندا :{ ئاللاھ چۈشۈرگەن ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشلەركاپىرلاردۇر } دېدى. (1)

5 ـ كىشلەرنى، ئائىلە ۋەجەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، توغرا بولمىغان تەسەۋۋۇرلارنى كىشلەرنىڭ دىللىرىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تەۋھىد ئەقىدىسىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت.

ئىسلامى ھەرىكەت يېتەكچىلىرى تەشۋىقاتقا قارىتا نىشانلارنى بەلگىلەپ بەردى. ئۇلار بۇ نىشانلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن ئىلمى تەشكىللەش ئۇسلۇبى، باسقۇچلۇق پىلان تۈزۈش ئۇسلۇبى ۋە ئۇزۇپ قويماي خىزمەت قىلىش يولىنى قوللاندى.

قېرىنداشتىن تەلەپ قىلىنىدىغان خىزمەت دەرىجىلىرى :

1 ـ <u>ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش :</u> بەدىنى كۈچلۈك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش، ئەقلى قابىلىيىتىنى تولۇق يېتىلىشدۈرۈش، كەسپى ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، ئەقىدىسىنى توغرىلاش، ئىبادىتىنى رۇس قىلىش، نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، ئىشلارنى تەرتىپلىك قىلىش ۋە باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش تەرەپلەردىن ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش.

(1) مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەت.

2 - ئىسلام دىنىغا ئۇيغۇن ئائىلە قۇرۇش : ئائىلىسىنى ۋە پەرزەنتىنى ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيلەشكە كۆڭۈل بۆلۈش، قىزنىڭ ياخشىسىنى تاللاش ۋە ئەۋلادلارنى ئىسلام پىرىنسىپى ئۈستىدە تەربىيلەشكە ئەھمىيەت بېرىش.

3- جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىش : جەمىيەتتە ياخشىلىقنى قانات يايدۇرۇش، رەزىل ۋە ناچار قىلىقلار بىلەن كۈرەش قىلىش، پەزىلەتلىك ئىشلارغا رىغبەتلەندۈرۈش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، ئىسلام ئىدىيىسىنى خەلق ئىدىيىسىگە ئۆزگەرتىش ھەر بىر قېرىنداشنىڭ ۋە جەمىيەتنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك ئالاھىدە مەجبۇرىيىتىدۇر.

4- ۋەتەننى ئازات قىلىش : ۋەتەننى سىياسى، ئىقتىسادى، ھەربى ۋە مەنىۋى ساھەلەردە چەتئەلنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتقۇزۇش.

5- ھۆكۈمەتنى ئىسلاھ قىلىش : ئىسلام پرىنسىپىغا مۇۋاپىق ھۆكۈمەت قۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىش. شۇنداق بولغاندا بۇ ھۆكۈمەت ئىسلام ئۈممىتىگە نىسبەتەن خىزمەتچى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئىجرا قىلىدىغان بولىدۇ.

6- ئىسلام ئۈممىتىنىڭ خەلقئارالىق نوپۇزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش: ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بېسىۋېلىنغان ۋەتەنلىرىنى ئازات قىلىش، شان- شەرىپىنى قوغداش، مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە ئۈلارنى بىرگەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق قولدىن كەتكەن ئىسلام خەلپىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش.

7- ئالەمنىڭ ئۇستازلىقنى قىلىش (يەنى ئىنسانىيەت كارۋىنىنى يېتەكلەپ مېڭىش): ئىسلام تەشۋىقاتىنى دۇنيانىڭ بۇلۇڭ -پۇچقاقلىرىغىچە تارقىتىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى توغرا دىنغا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ بەختىنى تېپىۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى جاھىلىيەت رەزىللىك قاينىمىدىن چىقىرىۋېلىش لازىم. ئاللاھ بۇ توغرىسىدا : {ئاللاھ ئۆز نۇرىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ}ُ دېدى (1)

ئىمام بەننانىڭ " تەلىماتلار رىسالىسى " دىن باشقا ئەسەرلىرىدە نىشان ھەققىدە بايان قىلغانلىرى تۆۋەندىكىدەكتۇر، ئۇ مۇنداق دېگەن: " گەپىنىڭ نىگىزى، بىز، مۇسۇلمان كىشى ، مۇسۇلمان ئائىلە، مۇسۇلمان خەلق، ئىسلامى ھۆكۈمەت ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنى يېتەكلەيدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى جەملەيدىغان، ئۇلارنىڭ شان- شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان، ئۇلارنىڭ بۇلاڭ تاراجغا ئۇچىرغان ۋەتەنلىرىنى قۇتقۇزىدىغان، ئىنسانلارنىڭ ئىسلام تەلىماتى بىلەن ئۆز بەختىگە ئېرىششى ئۈچۈن جىھاد بايرىقى ۋە تەشۋىقات تۇغىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان شەخسلەرنى ئىرادە قىلىمىز ".

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: "ٌ ئېسىگىلاردىن چىقىپ كەتمىسۇن! سىلەرنىڭ ئاساسلىق ئىككى نىشانىڭلار بار :

" 1 - ئىسلام ۋەتىنىنى ھەرقانداق جاھانگىر ۋە زومگەر مۇستەملىكىچىنىڭ چاڭگىلىدىن ئازات قىلىش لازىم. بۇ مەسىلىنى زومگەر مۇستەبىت زالىمىدىن باشقىسى ئىنكار قىلمايدىغان ھەر بىر ئىنساننىڭ تەبئىي ھەققىدۇر.

" 2 - بۇ ئازات قىلىنغان ۋەتەندە، ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرى بىلەن ئەمەل قىلىدىغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائي تۈزۈمىنى تەتبىقلايدىغان، ئۇنىڭ ئادىل پرىنسىپلىرىنى ئېلان قىلىدىغان ۋە ئىسلامنىڭ ھىكمەتلىك تەشۋىقاتىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزىدىغان مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇپ

چىقىش لازىم. ئەگەر بۇ دۆلەت تىكلىنىپ مەيدانغا كەلمەيدىكەن، ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ھورۇنلۇق قىلغانلىقى، ۋەزىپىسىنى تولۇق ئۆتىيەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن ھىساپقا تارتىلىدۇ.

ئۇستازئەبۇلئەئلامەۋدۇدى:" ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرىغا ئەسلەتمە" ناملىق ئەسرىدە شۇنداق دېگەن :" ئەگەر بىز تەشۋىقاتىمىز، غايىمىز ۋە نىشانىمىزنى ئۆز ئىبارەتلىرى بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولساق، ئۇنى ئاساسلىق ئۈچ تۈرگە بۆلىمىز:

بىرىنچى : پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن ئومۇمى، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خۇسۇسى قىلىدىغان تەشۋىقاتىمىز، يىگانە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىلىشتۇر.

ئىككىنچى : ئىسلام دىنىغا رازىلىقنى ئىزھار قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ نەپسىلىرىنى مۇناپىقلىق ئالامەتلىرىدىن ۋە ئەمەللىرىنى قارىمۇ- قارشىلىقتىن پاكلىشىدۇر.

ئۈچىنچى : بارلىق ئىنسانلارنىڭ زالىملار ۋە زومىگەرلەر ئىگەللىۋالغان ھۆكۈم ئاساسلىرىنى پارچىلاپ تاشلاش ئۈچۈن ئىنقىلاپ قوزغاپ ئىدىيۋى ۋە ئەمەلى ھوقۇقلارنى ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن تارتىۋىلىپ، پاساتچىلىق قىلمايدىغان ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان شەخسلەرگە تۇتقۇزۇش لازىم.

مانا بۇ ئالى پرىنسىپلار، يۇقۇرى نىشانلارنى ئىسلامى ھەرىكەت يېتەكچىلىرى ئېلان قىلىپ، ئۇنى ئەمەلى تەتبىقلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا. ئۇلار بۇ ھەرىكەتتە دىللارنى ئويغۇتۇپ، قەلب- ۋىجدانلارنى تىترەتمەكتە.

ئىسلام شائىرى مەھمۇت دىللى مۇنداق دەيدۇ :

مانا بىزنىڭ ئاساسىمىز قوياشتەك نۇر چاچىدۇ،
ئاللاھ بىزنىڭ غايىمىزدۇر دەپ جەزملەشتۇرىمىز،
دەستۇرىمىز قۇرئاندۇر، قۇرئاندىن باشقىسىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا،
رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىشىغا رازى بولمايمىز ،
خالايىقلارنى ئويغۇتۇپ ئۇلارغا ئىلھام ئاتا قىلىدىغان،
ئىسلامدىن باشقا نۇرلۇق تەشۋىقاتنى كۆرمەيمىز،
تەرسا باشنى ئېگىدىغان ۋە پاچاقلاپ،
تاشلايدىغان ئىسلامدىن باشقا كۈچنى تونۇمايمىز.

# ئىككىنجى باب

# ئۇسۇل ۋە پرىنسىپ

بىرىنچى بۆلۈم

نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى خىزمەت باسقۇچلىرى

ئىككىنچى بۆلۈم

تەشۋىقاتنى ئېلىپ بېرىشنىڭ باسقۇچلىرى

ياشلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەت

تەشۋىقاتتىكى مەخپىيەتچىلىك ۋە ئاشكارىچىلىق

ئۈچىنچى بۆلۈم

تەشۋىقاتنىڭ ئومۇمى ۋاستىلىرى

تەشۋىقاتنى يەتكۈزۈشنىڭ ئۇسۇل – چارىلىرى

نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى قائىدىلەر

پرىنسىپنى رىئاللىققا ئايلاندۇرۇشتىكى ھەرىكەتنىڭ تەييارلىقلىرى

# كىرىش سۆز

ئىسلام ھەرىكىتى ئۇچۇق نىشانلارنى بەلگىلەپ، غايىسىگە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان يوللارنىمۇ بايان قىلىپ بەردى. شۇنداقلا پىلانلىرىنى ئىجرا قىلىش، نىشانلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۇسۇل- چارىلەرنى بەلگىلىدى. ئۇلار مۇئەييەن پرىنسىپ بويىچە سىستېمىلىق تەشكىلات شەكلىدە ئىش ئېلىپ بارىدىغان بىرلىك جامائەت ھەرىكىتى ئۇسۇلىغا تاياندى. تەربىيە يولى گەرچە قىيىن،ئۇزۇن ۋە ئاستا يول بولسىمۇ، ئىشەنچلىك، مۇقىم ۋە ساغلام يول بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يولنى قوللاندى.

مانا بۇ بىردىن- بىر قوللىنىشقا تېگىشلىك يولدۇر. ئۇ بولسىمۇ يېتەكچى ھەسەن ھۇزەيبى بايان قىلغان تەدرىجى تەربىيە يولدۇر، ئۇ مۇنداق دېگەن: " ئىسلام دۆلىتىنى دىلىڭلاردا تۇرغۇزساڭلار، ئاندىن ئۇ ۋەتىنىڭلاردا تۇرىدۇ ".

ئۇستاز ئەھمەد راشىد "ئۇ" يولنىڭ مۇقەددىمىسى" ُ ناملىق كىتاۋىدا قوللىنىلىدىغان قەدەملەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : " بۇ يولنىڭ قەدەملىرى؛ ئىسلام ئېڭىنى تارقىتىش، بىر گەۋدىگە جەملەپ تەربىيلەش، نورماللىق ھالىتىنى ساقلاپ كېڭىيىش، ئىختىساس ئىگىللىرىنى يېتىشتۈرۈش، قولايلىق پۇرسەت كېلىپ قالسا قولدىن بەرمەسلىك ۋە ئاللاھ دىن مۇسۇلمانلارغا رەھىم قىلىشنى تىلەپ خالىس دۇئا قىلىشتىن ئىبارەت ".

بۇ يولنىڭ ئاساسىنى ئىمام بەننا ئۇزۇن ئويلىنىش، چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ۋە يىراقنى نەزەر سېلىش ئارقىلىق ئوتتورىغا قويغان ئىدى. ئۇ بەك ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىغىنى قاتتىق ئەسكەرتىپ، قىزىق قانلىق قىلىپ جىددىلىشىپ كەتكەنلەرنى ئاگاھلاندۇردى. شۇنداقلا " قەدەمنى تەدرىجى بېسىش، ۋاقىت كۈتۈش، نەتىجىگە ئالدىراپ كەتمەسلىكنىڭ بۇ تەشۋىقاتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا تەلىم بەردى.

ئۇ ئىسلام خىزمىتىدىكى پرىنسىپىنى بايان قىلىپ : « ئۆتۈپ كەتكەن ئەسىرنىڭ تەسىرى ۋە ئۆتمۈشتىكى ھادىسىلەرنىڭ نەتىجىسىنىڭ تەسىرى، دىللاردىكى ئارزۇ-ئارمانلار، گېزىتلەرگە يېزىلىدىغان ماقالىلەر ۋە ئاممىغا سۆزلىنىدىغان خۇتبە بىلەن يوقىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈچۈن تەمكىنلىك بىلەن ئېغىر بېسىقلىقنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىشلارنى ئۇزۇپ قويماي ئېلىپ بېرىش ۋە قاتتىق سەۋرچانلىق بىلەن پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك » دېگەن.

# بىرىنچى بۆلۈم

## نىشانلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى خىزمەت باسقۇچلىرى

نىشانلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى خىزمەت باسقۇچلىرى

ئىسلام خىزمىتى دىگەنلىك مۇسۇلمان كىشىنىڭ شەخسىيىتى ، ۋۇجۇدى ۋە ۋىجدانى ئىسلام پرىنسىپىنىڭ تەلىماتى، تەلىپى ۋە نىشانى بىلەن تەسىرلەنگەنلىكى ۋە چىقىشقانلىقىدىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇ ئىسلام پرىنسىپى ئىنسانىيەتنىڭ هايات پروگرامىسىنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە يولغا قويۇلدى.بۇ پرىنسىپ ئۆزۈپ قويماي ئىخلاس بىلەن قىلىنغان خىزمەت يولى ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدۇ.

بۇ خىزمەتنىڭ پىلانى ۋە تەشكىللىنىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا قويغان خىزمەت پىلانى ۋە تەرتىپىگە مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: { سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر }.[1]

يەنە: { پەيغەمبەر سىلەرنى نىمىگە بۇيرۇسا شۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار، نىمىدىن چەكلىسە ئۇنىڭدىن دەرهال يېنىڭلار } دىدى [2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشۋىقات خىزمىتى ئۈچۈن قۇربان بىرىش، پىداكارلىق كۆرستىشتە ئاجايىپ يوقۇرى نەمۇنە ئىدى. ئۇنىڭ هاياتى ئىسلام خىزمىتىگە بېغىشلانغان هايات ئىدى. ئۇ دىننى يەتكۈزۈش ئۈچۈن دۇنيانى تەرك ئېتىپ، ئۇنىڭ تەلىماتىنى كىشلەرگە بايان قىلدى. ئۇ ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرىغا تەشۋىقات ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشنى ۋەسىيەت قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

بۇ خىل ئەھۋالدا تەشۋىقاتچىلارنىڭ تەشۋىقات قىيىنچىلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن چىقالىغىدەك سەۋىيەگە يېتىش ئۈچۈن بىرقانچە باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام خىزمىتى داۋاملىق هەرىكەتتە بولۇشى، ئېنېرگىيسى ئىخلاسمەن تەشۋىقاتچىلاردىن بولۇشى، تەمىناتى ئىسلام ئىدىيىسى بولۇشى لازىم.

ئىمام هەسەن بەننا ئىسلام خىزمىتى ماۋزۇسىنى مۇكەممەل شەكىلدە بايان قىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ نىشان تەلەپلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىسلام خىزمىتىنىڭ يەتتە تۈرلۈك باسقۇچىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

### بىرىنچى باسقۇچ : مۇسۇلمان كىشىنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش

بۇ باسقۇچلاردىكى باشلىنىش نۇقتىسى بىر شەخسدىن ئىبارەتتۇر، ئۇ شەخس جەمىيەتنىڭ ئاساسلىق ئۇرغىدۇر. ئۇ شەخس تۈزەلسە ئائىلە تۈزۈلىدۇ. ئائىلە ئىسلاھ بولسا ئۈممەت ئىسلاھ بولىدۇ. دەسلەپكى يېتەكچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قانچە ئادەملەرنى - ئۇلارنىڭ ئالىجاناپ ئىنسان سۈپىتىدە ئۈلگە بولۇشى ئۈچۈن - تەربىيلەشتە ياشلىق باهارىنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى كىممۇ ئۇنتۇپ قالسۇن! ئۇ بىرىنچى نىشانىنى ئادەم " ياساپ " چىقىش ۋە ۋىجدانلارنى " قۇيۇپ " چىقىشقا قاراتتى. ئۇ نەزەريەنى قوللار بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان، كۆزلەر بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئەركەكلەرگە

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى21 - ئايەت .

ئۆزگەرتەتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇ ئىنسانىيەتكە دۇنيا تەۋرەپ كېتىپ بارسىمۇ، مۇستەھكەم تۇرالايدىغان ئەركەكلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئۇيۇقنى چاك - توزاڭنىڭ باسقانلىقى، كىشلەرنىڭ قاپىقىنى تۈرگەنلىكى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇزۇۋېتەلمەيتتى. چۈنكى ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ ياردىمىگە ئىشىنەتتى، ھەر تۈرلۈك ھادىسىلەر بۇ ئادەملەرنى قورقىتالمايتتى. چۈنكى بۇلار ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدە ياشايتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت ئۈستىدە تەربىيلەپ چىققان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئۇ يولدا مېڭىشىمىز بەكمۇ موھىم بولىدۇ. ئۇ بۇ توغرۇلۇق نۇتۇق بايان قىلىپ :" مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ئەگەر سىلەر ئۇ ئىككى نەرسىگە چىڭ ئېسىلىپ ماڭساڭلار ھەرگىز ئازمايسىلەر" دېگەنىدى. بىز ئۆزىمىزنى ۋە بىزگە ئەزا بولغان ئەزالارنى ھەقىقەت ۋە كۈچ -قۇۋۋەت ئۈستىدە تەربىيلىشىمىزگا توغرا كېلىدۇ. كۈچلۈك مۇسۇلمان كىشى داۋاملىق ئىسلام ئېڭىدىكى باشلىنىش نۇقتىسى بولالايدۇ. ئۇ مۆمىن كىشى ئىسلامنىڭ روھلۇق، جانلىق خۇسۇسىيەتلىرنى ساقلاپ، ئاينىپ كەتمەيدىغان، ئاجىزلىق تۈپەيلى مەگدەپ كەتمەيدىغان، مەغرۇرلۇق بىلەن كاردىن چىقمايدىغان، مال -دۇنيانى كۆرسە شۆلگىيى ئاقمايدىغان، قىلچىنى كۆرسە تىترىمەيدىغان ھالەتتە ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مۇسۇلمان كىشىنى يېتىلدۈرۈشنى نىشان قىلىپ ماڭىدۇ.

ئىسلام ھەرىكىتى " كىشلەرنىڭ بېشىدا يېڭى ئەقىل، زېمىن يۈزىدە يېڭى ئېتىقاد تۇرغۇزۇشنى، ئىنسانىيەتنىڭ (ئاڭ-پىكرئەقىدىسىنى) يېڭىلاپ، ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىنى تۇتاشتۇرۇشنى " مەقسەت قىلىدۇ.

بۇ تەشۋىقاتچى بېشىدىن كەچۈرىدىغان ئەڭ زىل - نازۇك باسقۇچلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ، بۇ باسقۇچ قالغان باسقۇچلارنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ باسقۇچ ئارقىلىق مۇسۇلمان شەخس ئۆزىنى ئىسلام پرىنسىپىنىڭ تەلىپىگە لايىق دەرجىدە تەربىيلەيدۇ.

نىشانلار چوڭ بولسا، خىزمەت ئېغىر ۋە جاپا مۇشەققەتلىك بولىدۇ. ئۇ تەشۋىقاتچىلاردىن ھېرىپ-چارچاشتىن قاچماسلىقنى، جىھاد قىلىش، پىداكارلىق كۆرسىتىش، سەۋر قىلىش ۋە چىداملىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى تەشۋىقات يولى گۈللەر تېزىلغان خۇشپۇراق يول بولماستىن، توسالغۇلار بىلەن توشۇپ كەتكەن تىكەنلىك يولدۇر.

گەرچە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپ، بايلىقى مول، ۋەتەنلىرى كەڭرى بولسىمۇ، ئۇلار خار ۋە ئاجىز ھالەتتە تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ قانلىرى جاي - جايلاردا تۆكۈلگەن، ئابرۇيلىرى دەپسەندە قىلىنىشقا ئۇچرىغان ۋە بايلىقلىرى كۆز ئالدىدىن بۇلۇنۇپ كېتىلگەن كۆرۈنۈشلەر ھەر زامان كۆز ئالدىمىزدا رويى بېرىپ تۇرىدۇ.

دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش، ھەقىقەت يولىدىكى ئۆلۈمدىن قورقۇش، مۇسۇلمانلارنى بوشاڭلىق كىسىلىگە گىرىپتار قىلماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئۆز دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەسلىكى، دىنىنىڭ پرىنسىپىدىن غەپلەتتە قېلىشى، ھۆكۈم – تۈزۈملىرىدىن يىراقلىششى، دۈشمەنلەر بىلەن بىرلىشىپ تېخىمۇ ئۇلارنى خاراپ قىلماقتا. دۈشمەنلەر ئۇلارنى كاتتا ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، راھەت ھورۇنلۇقنى ياخشى كۆرىدىغان، قايسى بىرخىل ئۇسۇل بىلەن بولسۇن شەھۋەت قوغلىشىدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. ھەتتاكى شەھۋەت ئۇلارنىڭ بىردىن-بىر غايىسىگە ئايلىنىپ قالغان. مال يىغىسىمۇ شەھۋەت ئۈچۈن، چوڭراق ھوقۇققا ئىرىشسىمۇ شەھۋەت ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر ھالغا كېلىپ قالغان.

شۇڭا جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئىسلام پرىنسىپى، ئىمانىنىڭ ئاساسىدىن يېتىشىپ چىققان جەڭگىۋار مۇسۇلمان شەخسنى تەربىيلەپ چىقىش، ئۇ نىشانلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر. بۇ ئاللاھنىڭ كائىنات ھاياتىدىكى قانۇنىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەزالارنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكى بىلەن ئالدىنىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، كىشلەرنىڭ تەبئىتىنى چۈشەندۈرۈپ: " كىشلەر يۈز تۆگىگە ئوخشاش،.... سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساڭا يارىغۇدەك بىرەر تۆگىنى تېپىشىڭ تەسكە توختايدۇ" دېگەن ئىدى.

ھەقىقى مۇسۇلمان شەخسنىڭ قىممىتىنى بۈيۈك خەلىپە، يەككە ـ يىگانە قوماندان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھىس قىلىپ: « بۇ مەسچىتنىڭ ئەبى ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھدەك كىشلەر بىلەن توشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن » دېگەن. ئىمام بەننا بۇ نۇقتىنى ئىزاھلاپ : « مەن سىلەر بىلەن ئوچۇق بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن. سۆز قىلىش مەيدانى خىيال مەيدانىغا ئوخشىمايدۇ. خىزمەت قىلىش مەيدانى سۆز قىلىش مەيدانىغا تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ. جىھاد قىلىش مەيدانى خىزمەت قىلىش مەيدانىغا ئوخشىمايدۇ. ھەقىقى جىھاد قىلىش مەيدانى خاتا جىھاد قىلىش مەيدانىغا ئوخشىمايدۇ. كۆپلىگەن كىشلەرنىڭ خىيال قىلىشى ئاسان، لېكىن كاللىدا چۆگىلىگەن ھەر بىر خىيالنى تىلىدىكى سۆز بىلەن تەسۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. كۆپلىگەن كىشلەر سۆزلىيەلەيدۇ، لېكىن ئەمەل قىلىدىغان مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرىدىغنى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. كۆپلىگەن كىشلەرنىڭ ئەمەل قىلالىشى مۇمكىن، لېكىن بۇلاردىن ھەقىقى جىھاد مۇشەققىتىنى كۆتۈرەلەيدىغانلار يەنىلا ئاز چىقىدۇ » دېگەن.

ئۇ يەنە : "ھەقىقى مۆمىن ئىنسان تېپىلسا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە غەلبىنىڭ ھەممە سەۋەبلىرى تولۇق تېپىلىدۇ " دېگەن.

ئىمام بەننا بۇ باسقۇچ ھەققىدە : " مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلىشى ۋاجىبتۇر. ئۇ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدا بىر قانچە ئالاھىدىلىكلەر تولۇق تېپىلىشى كېرەك، چۈنكى بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۇنى ئىسلام خىزمتى قىيىنچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈپ كېتىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ " دېگەن.

بۇ ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكىچە :

<u>1 ـ ئەقىدىسى ساغلام بولۇش :</u>

ئەقىدىنى سۈزۈكلەشتۈرۈپ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش كېرەك. چۈنكى ئەقىدە ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقى ھايات ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئىنسان ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ موھىم نەرسىدۇر. ئۇ ئىنساننىڭ ھايات سەپىرىنى توغرا يولغا يۈزلەندۈرۈپ تۇرغۇچى ئاساسلىق ئېنېرگىيە سانىلىدۇ. ئۇ ئەخلاق ۋە ئىستىل ئۆلچىمىدۇر. ئىنسان ساغلام ئەقىدە ئارقىلىق ھايات ئالاننى تۈزلىيەلەيدۇ. شۇ سەۋەپتىن دۇنيا ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ غايىسىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ ۋە ئۇنى ھەقىقى ھاياتى بولغان ئاخرەتتىن مەشغۇل قىلىپ قويمايدۇ. ئەقىدە ئىنساننىڭ كۆڭلىدە، ۋىجدانىدا ياخشىلىق ئېنېرگىيەلىرىنى، گۈزەل ئىشلارنى ۋە پەزىلەتلىك ئەخلاقلارنى ئېتىلدۇرۇپ چىقىپ، ئۇ ئىنساننى مادىدى ۋە مەنىۋى تەرەپتىن يۇقىرى سەۋىيىگە ئۆرلەشكە، تەرەققى قىلىشقا ئۈندەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆمىن ئىنسان روھلۇق ۋە ئاكتىپ پائالىيەتچان بولۇپ قىسقىغىنە مۇددەت ئىچىدە، ئازغىنە كۈچ بىلەن غايەت زور نەتىجىلەرنى ـ ئاللاھ بىلەن مەدەت تىلىگەن، ئۈمىدسىزلىك ياكى ئاجىزلىقنى ھىس قىلمىغان ھالەتتە ـ ۋۇجۇتقا ئېلىپ

چىقىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى قىسقا بولسىمۇ تەشۋىقات ساھەسى، جىھاد ساھەسىدە كۆزگە كۆرنەرلىك مەھسۇلاتلار بىلەن توشاق بولىدۇ. ساغلام ئەقىدە ئىنسانغا سەۋرچانلىق، چىدامىلىق ۋە ئىرادە ئاتا قىلىدۇ. ئەقىدە ئىنساننىڭ ۋىجدانى تەرپىنى توشقۇزۇپ، ئۇسسۇزلىقنى قاندۇرۇپ، ئۇنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

ئىلگىرى ئەقىدە خەلقتىكى كۈچ ئىدى. ئەمما بۈگۈن (ئىلمى كالام) جىدەل ۋە سۆز دائىرسىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئەقىدە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى ۋە قەلبلەرنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئۇ ئىنساندىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە. ئۇ پارچىلىنىپ كەتكەن كۈچلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قارمۇ-قارشى ھالەتتىكىلەرنى كېلىشتۈرۈپ، ھەممىسىنى بىر يۆنۈلۈشكە چاقىرىدۇ. ئەقىدە ساپ بولغاندا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە زېمىندا ماكىدىغان نۇر ئاتا قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ ۋە ئۇ ئادەمدىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىنى توسۇپ قالىدۇ. ئەقىدىلىك ئىنسان خاتىرجەملىك ۋە مەنىۋى راھەت بىلەن ھوزۇرلىنىدۇ. ئاللاھ ﴿ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ ﴾ دېدى.[1]

ئە قىدە ئىنساننىڭ ئىدىيىسى، ئىستىلى، ئەمىلى ۋە ئالاقە نەزىريەلىرىنىڭ ھەممىسىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. ئۇ مەدەنىيەتنىڭ ئوخشىماسلىقىدىكى ئاساستۇر. ئۇ ئىنسان ھاياتىدىكى بۇ موھىم جىددى خىزمەتنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئاساسلىق مەركىزى كىرىش ئېغىزىدۇر.

ئەقىدە ئىسلاھاتى پىكرى، مەنىۋى ۋە ئەخلاقى ساھەلەردە تەرەققىيات قۇرۇلۇشىنىڭ ھۇلىدىن ئىبارەت. ئەگەر ئەقىدىدە ئازراق ئەيىپ-نوقسان تېپىلسا، ئۇنىڭ تەسىرى ئىنساننىڭ نەپسىدە، پىكرىدە، ئىستىلىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئالاقىلىرىدە كۆرۈنىدۇ. ئەقىدە تارىختىن بۇيان ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھات ھەرىكىتى نەزىريىسىنىڭ ئاساسلىق بۆسۈش ئېغىزى بولۇپ كەلمەكتە.

مۆمىن ئىنسان ئاللاھقا تايانغان ۋاقتىدا نېمىدىن ئىككىلىنىسۇن! ئۇ ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدە تۇرۇپ نېمىدىن قورقىسۇن ؟ دىنى ئەقىدىسى بىلەن پەخىرلىنىدىغان مۇسۇلمان كىشى ئۇرۇشقا " ئىسلام چوقۇم غەلبە قىلىدۇ "دېگەن ئاڭ بىلەن كىرەلەيدۇ. ئاللاھ كىم بىلەن بىللە بولسا، ئۇ ئىنسان ھەر قانچە قىيىنچىلىقتا قالسىمۇ ئاللاھدىن باشقا بىرسىگە ئېھتىياجى بارلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچى زاتتۇر. ئۇ ئۇنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇۋېلىشقا قادىردۇر. ھەقىقى پاك ئەقىدىلىك ئىنسانغا شەك- شۇبھە، ۋەسۋەسە، ئىككىلىنىش ۋە داۋالغۇش ياكى غەم قىلىش دېگەندەك ئىشلار ھەرگىزمۇ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بىز بۇ تەسەۋۋۇرغا كەلگەن ۋاقتىمىزدا ئەلۋەتتە ۋىجدانىمىز تىترەپ، ھىس-تۇيغۇلىرىمىز ئۇنىڭ بىلەن ماسلىشىدۇ. ئۇ تەسەۋۋۇرنىڭ ئۇقۇمى ئەزالىرىمىزدا كۆرۈنىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ئەمەلى ھاياتىمىزدىمۇ ئىزھار بولىدۇ. ئەقىدىنىڭ ساغلام بولىشى مۇسۇلمان شەخس ئاللاھدە ئېتىبارغا ئېلىشقا تېگىشلىك مەسىلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: " كىم پەرۋەردىگار جەھەتتە ئاللاھ بىلەن، پەيغەمبەر جەھەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن، دىن جەھەتتە ئىسلام دىنى بىلەن رازى بولسا ئۇ ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرىشى ۋاجىب بولدى " دېگەندى. [1]

---

[1] رەئدە سۈرىسى 28 -ئايەت .
[1] مۇسلىم بايان قىلغان .

ئىمان دېگىنىمىز پەقەتلا تىل بىلەن دەپلا قويسا بولىدىغان، قول بىلەن قىلىپ قويسىلا ئاياغلىشىدىغان، زېھنى بىلەن چۈشىنىپ قويسىلا بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئىمان ھەقىقەتتە كۆڭۈلنىڭ چوڭقۇرىغا چۆكىدىغان، ئىرادىنى كۈچلەندۈرۈپ، ۋىجدانىنى قوزغايدىغان مەنىۋى نەرسىدۇر. ئەقىدە ئىنسانىنى ئەمەل ۋە ھەرىكەتكە ئىتتىلدۈرىدۇ. قەلب ئىماننىڭ تەمىنى تېتىپ، ئىمان كۆڭۈلدە رەسمىي يەرلەشكەن ۋاقىتدا، ئىمان ئۆز ھەقىقىتىنى ئەزالاردا، كىشىلىك دۇنيادا ۋە ئەمەلى ھاياتتا كۆرسىتىشكە باشلايدۇ.

ئەقىدە ھەقىقىتىنىڭ چوغى، ئىماننىڭ مەشئىلىدۇر. ئۇ دىلغا ئورۇنلاشقان ۋاقىتدا، كاپىرلارنىڭ بايرىقى لەپىلدەۋاتقان، ئىماننىڭ مونارى تۆۋەنلىشىپ كەتكەن، پاساتچىلىق ۋە رەزىللىك يامراپ كەتكەن مۇنداق پەيتتە ئادەمنى شۇك تۇرغىلى قويمايدۇ. ئۇ ئىنسانىنى موتۇردەك ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

تەشۋىقاتچىنىڭ پۈتۈن ھاياتى، ئىمكانىيىتى، كۈچى ئىسلامغا يۈزلەندۈرۈلىشى، ئىسلام بايرىقىنىڭ يوقۇرى كۆتۈرۈلىشىگە ئىشلىتىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەقىدە جانلىق ياش دىللارنى، ئۈچقۇنداپ تۇرغان جەسۇر قەلبلەرنى ۋە يوقۇرىغا ئىنتىلىدىغان ئارزۇ - ئۈمىدى يوقۇرى روھلارنى تەربىيلەپ چىقىدۇ.

ئىسلام ئەقىدىسى ئىنسانغا نىسبەتەن سۇ بىلەن ھاۋا زۆرۈر بولغاندەك لازىم بولىدۇ. ئىنسان ئەقىدىسىز بولسا ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىنى يوقاتقان ھالدا يوقىلاڭ نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

راستچىل ئەقىدە بىلەن ئىمان مەدەنىيەت بەربا قىلالايدۇ، ئۈممەتلەرنى تۈزلىيەلەيدۇ، نىزاملارنى تۇرغۇزۇپ، ئىنسانىيەت جەمىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرىدۇ. ھەقىقى ئىماننىڭ ئالدىدا ھېچقانداق نەرسە توسالغۇ بولۇپ تۇرىۋالالمايدۇ. تارىختىكى ھادىسىلەر، پىداكارلىقلار ۋە قۇربان بېرىشلەرنىڭ ئاساسى ئىمان ئىدى. ئىمان ۋە قۇربان بېرىش مەسىلىسى مۆمىنلەرنىڭ كۆڭلىدە خۇرسەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىنىدىغان لەززەتكە ۋە نېئمەتكە ئايلىنىدۇ. تەشۋىقاتچىلارنىڭ تارىخى شۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى شۇنداق دەيدۇ : " دۈشمەنلىرىم مېنى تۇتىۋالغان تەقدىردىمۇ نېمە قىلالىسۇن؟ مېنى ئۆلتۈرسە شېھىت بولىمەن، تۈرمىگە تاشلىسا ئاللاھ بىلەن مۇڭدىشىدىغان خالى پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ، پالىۋەتسە ساياھەت بولىدۇ ".

ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ تەقەززاسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇششىدۇر. ئىسلام ئەقىدىسى، سەلبى تەسىر كۆرسەتمەيدىغان ئىجابى ئەقىدە بولۇپ دۈشمەنلەرگە تەسلىم بولۇشنى رەت قىلىدۇ. ئەقىدىنىڭ ئورنى قەلب بىلەن ئەمەلى ھاياتتۇر. دىن دۈشمەنلىرى بۇنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئەقىدىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن بۇزۇۋشقا ئورۇنۇپ باقىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھىلىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئىسلام ئەقىدىسى ئەقىلنى قۇرۇق خىياللاردىن، قەلبلەرنى خۇراپاتلىقتىن ئازات قىلىدۇ. ئۇ مۇستەملىكىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىگە قارشى تۇرىدۇ.

مۇسۇلماندىكى چوڭقۇر ئىمان ئۇ كىشى ھەر قانچە خاپىلىق ياكى قىيىنچىلىقتا قالسىمۇ تەۋرەپ قالمايدۇ. كاپىرلار پۈتۈن دۇنيانى بېسىۋېلىپ، ئۇ ئىمان يالغۇز قالسىمۇ مۇستەھكەم تۇرىۋېرىدۇ.

ھەر بىر مۇسۇلمانغا مۇشۇنداق چوڭقۇر سابىت ئىمان زۆرۈر بولغان يەردە، ھازىرقى دەۋردىكىدەك ئىسلام سۆزى ئاجىزلىشىپ قالغان، كۇپرى سۆزى ئۈستۈن ئورۇننى ئىگەللىۋالغان، نەپسىلەردە ئىمان بۇلىقى قۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ خاپىلىقى ۋە جاپاسى كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان ۋە كاپىرلارنىڭ سۆلتى چوڭىيىۋاتقان بۇ كۈنلەردە تەشۋىقاتچىغا نىسبەتەن بۇنداق ئىمان تېخىمۇ لازىم ۋە زۆرۈردۇر. بۇ

خاپىلىق ۋە قايغۇلۇق ئەھۋاللار تەشۋىقاتچىنى ھەيرەتكە سالمىسۇن!، بەلكى بۇ ئەھۋاللار ئۇ كىشىنى ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە بوگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ قىينچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چارە ئىزدەشكە سەۋەبچى بولىشى مۇمكىن.

ئىمام بەننا بۇ نۇقتا توغۇرلۇق مۇنداق دەيدۇ :

1- مۇسۇلمان قېرىنداش داۋاملىق، ئاللاھ بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، سۆزلىرىمىزنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ دەيدىغان تۇيغۇدا بولۇپ، قىلغان ھەر بىر ئەمەلىدە نىيىتىنى خالىس قىلىشى، ئاخىرەتنى ئەسلىشى، ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىشى، ئاللاھغا نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن يېقىنلىششى ۋە قايسى خىل ئەھۋالدا بولمىسۇن كۆپ زىكرى دۇئا ئېيتىشى؛

2- ماددى ۋە مەنىۋى پاكىزلىققا رىئايە قىلىشى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تاھارەت بىلەن يۈرىشى ؛

3- نامازنى ۋاقتىغا رىئايە قىلغان ھالدا تولۇق ئادا قىلىشى، نامازنى مەسچىتتە جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە رامىزاننى تولۇق تۇتىشى؛

4- داۋاملىق تۆۋبە بىلەن ئىستىغفارنى يېڭىلاپ تۇرىشى، چوڭ گۇناھلاردىن سىرت كىچىك گۇناھلاردىن ساقلىنىشى، ۋاقتىنى قەدىرلىشى، ھارام ئىشلارغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن گۇمانلىق ۋە شەكلىك ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلىشى؛

5- داۋاملىق جىھادقا تەييارلىق قىلىپ، جىھاد قىلىش نىيىتى بىلەن تۇرىشى ۋە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىشى؛

6 - نەپسى بىلەن قاتتىق جىھاد قىلىشى، كۆزىنى ھارام ئىشلاردىن يۇمىشى، ھىسىياتىنى كونترول قىلىشى ۋە شەھۋەت تۇيغۇلىرى بىلەن قارشى كۆرەش قىلىشى لازىمدۇر.

2 - ئىبادەتنى توغرا بولۇش :

ئىبادەتنىڭ ساغلام بولىشىدىن ئاساسى مەقسەت، ئىبادەتنىڭ تەربىيە تەسىرىنىڭ كۆرۈنىشى، تەقۋالىق ئۇزۇقى بىلەن ئوزۇقلىنىشى ئەمەلىلەشكەندەك گۈزەل شەكىلدە ئادا قىلىشتۇر. ئىسلامدىكى ئىبادەت بولسا، ئىنسانغا سائەتمۇ - سائەت ئېنىرگىيە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مەركەزدۇر. كائىناتنىڭ ھەممىسى مۆمىن ئىنساننىڭ ئىبادەتخانىسىدىن ئىبارەت، مۆمىن ئىنسان قايسى بىر ئىش بىلەن قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە ئىبادەتكە يۈزلىنىدۇ. ئىبادەت بولسا ئاللاھنىڭ كاتتىلىقىنى ھېس قىلىشتىكى يوقۇرى پەللە ۋە ئاللاھ بىلەن بەندە ئارىسىدىكى ئالاقە يولىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قىلىنغان ئىبادەت جانلىق ۋە تىرىك بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ ئاللاھغا ئىبادەت قىلىشىمىز بىز ئۈچۈن چوڭ شەرەپتۇر. تەقۋالىق بولسا ئىبادەتنىڭ مېۋىسىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە: ﴿ ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار﴾ دېدى. [1]

يەنە: ﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى﴾ ُ دېدى. [2]

مۇسۇلمان كىشى مەنىۋىيىتىنى يوقۇرى كۆتۈرۈشى ئۈچۈن، ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى بەجا كەلتۈرىشى، ئىلمى دائىرىسىنى كېڭەيتىشى، ئىسلامى ئەخلاقنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرىشى ۋە سالامەتلىكىنى ھىمايە

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 20 - ئايەت .

[2] بەيىنە سۈرىسى 5 - ئايەت .

قىلىش ئۈچۈن تاماق ۋە ئۇيقۇ ئىشلىرىدىن تارتىپ ئىسلام نىزامىغا سىڭىشى لازىم. ئىبادەتنىڭ قەلبى خاتىرجەملىك، نەپسى راھەت ، روھى خۇرسەنلىكتىن ئىبارەت تەربىيە نەتىجىسى كۆرۈنىشى كېرەك. ئىسلام ئىبادەت ئىشلىرىدىمۇ نورمال ھالەتنى ساقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن : " ئۈچ نەپەر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىدىغان تائەت- ئىبادىتىدىن سورىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى ئاز ساناپ: ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆتكەنكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى كەچۈرگەن تۇرسا، بىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلەيتتۇق، دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى: مەن ھەمىشە كېچىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ چىقىمەن، دېدى. يەنە بىرسى: مەن ھەمىشە روزا تۇتىمەن، ھەرگىزمۇ ئېغىزىم ئوچۇق يۈرمەيمەن، دىدى. يەنە بىرسى:مەن ئاياللاردىن يىراق بولىمەن، ھەرگىزمۇ ئۆيلەنمەيمەن، دىدى. رەسۇلۇللاھ كېلىپ ئۇلارغا : سىلەر مۇنداق - مۇنداق دەپسىلەر، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە قارىغاندا ئاللاھدىن بەك قورقىمەن ۋە ئەڭ تەقۋادارمەن. مەن بەزىدە روزا تۇتىمەن، بەزىدە تۇتمايمەن، كېچىسى ناماز ئوقۇيمەن، ھەم ئۇخلايمەن، ئۆي ئوچاقلىقمۇ بولىمەن، كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمنى تەرك ئېتىدىكەن، ئۇ مېنىڭ سۈننىتىمگە مەنسۇپ ئەمەس" دېگەنىدى. (1)

ئىبادەت مۇسۇلمانلارنىڭ يىمىرىلمەس قورالى سانىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا ياكى ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. بىز ئىبادەت قىلغان ۋاقتىمىزدا ئاللاھغا پۈتۈن دەرتلىرىمىزنى تۆكۈپ ئاللاھدىن ياردەم تىلەيمىز. ئاللاھغا ھەقىقى ئىخلاس بىلەن قول ئۇزاتساق ئەلۋەتتە ئاللاھ قۇرۇق قول ياندۇرمايدۇ ، ئاللاھ بۇنىڭدىن خۇرسەن بولىدۇ. بىز ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ غەلىبە قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بىز سانىمىزنىڭ كۆپلىكى ، تەييارلىقىمىزنىڭ تولۇقلىقى بىلەن غەلىبىگە ئېرىشەلمەيمىز. چۈنكى دۈشمەن بۇ تەرەپتە بىزدىن كۆپ ئىلغار، بىز بۇ ماددى قورالغا ئىمانى قورال بىلەن قارشى تۇرالايمىز. چۈنكى ئاللاھ مۇجاھىدلار بىلەن بىللىدۇر. دۈشمەندىن غەلىبە قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىمىزنىڭ نەپسىدىكى قورقۇنچاقلىق، شەيتانى ھەۋەسلەر، روھى چۈشكۈنلۈك، ئىرادىسىزلىك ۋە ئۆلۈم يولىدىن قورقۇش دېگەندەك بۇ توسالغۇلاردىن، ئىبادەتنى خالىس قىلىش، ئىماننى مۇستەھكەملەش يولى ئارقىلىق زەپەر قۇچايلى.

ئەقىدىمىزنىڭ ساپ بولماسلىقى، ئىبادىتىمىزنىڭ توغرا بولماسلىقى، نىيتىمىزنىڭ خالىس،سەممىي بولماسلىقى، ئىسلام بايرىقىنى قايسى بىر كىشىنىڭ قولى ئارقىلىق بولسۇن يوقۇرى كۆتۈرۈشنى غايە قىلماسلىقىمىز بىزگە نىسبەتەن غەلىبە شارائىتىدە ئەڭ چوڭ توسالغۇدۇر.

ئىلگىرىكىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىبادەتنىڭ توغرا چۈشەنچىسى ئىنسانىيەت ۋۇجۇدىنىڭ غايىسى ئىدى. ئۇلار ئىبادەتنى تار دائىرىگە كىرگۈزۈپ قويمىغان ئىدى. ئىسلامدىكى ئىبادەت، مەسئۇلىيەتلىككە تارتىلغاندىن تارتىپ تا ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى - نىيەت توغرا بولسا، چەكلەنمىگەن ئىش بولۇپ قالمىسا، ئىبادەتنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا : { ئى

(1) بۇخارى بايان قىلغان .

مۇھەممەد ! ئىپتىقنىكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (يەنى ھاياتىمدا قىلغان ئىشلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر} دېدى. [1]

پەرز قىلىنغان ئىشلار ئىبادەت بولۇپ، قالغان ئىشلار ئىبادەتنىڭ قاتارىدىن سانالمايدىغان بۇنداق ئىش يوق. ساھابىلەر ھايات ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگەندەك تولۇق پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرۇقلۇق يەنىلا ئىبادەتنى جايىدا ئادا قىلاتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى چوڭ ئىبادەت، ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە خىزمەت قىلىش ئىدى. ئىبادەتنىڭ تار دائىرىگە كىرىپ قالغىنى ئەمەلى ھاياتتا چوڭ يامانلىقلارغا ئېلىپ بارىدۇ. ھازىر بىز نامازنى ۋاقتىدا مەسچىتتە ئادا قىلىپ تۇرۇپ، يالغان سۆزلەيدىغان، ئالدامچىلىق قىلىدىغان، خىيانەت قىلىدىغان، گېپىدە تۇرمايدىغان ۋە ئەخلاقسىزلىق قىلىقلارنى قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنى كۆرەلەيمىز. مۇسۇلماننىڭ كۈندىلىك پائالىيىتى مەيلى ئۇ ئىجتىمائى، سىياسى، ئىقتىسادى، جىھادى ياكى خەلقئارالىق پائالىيەت بولسۇن ئىبادەتنىڭ دائىرىسىگە كىرىشى لازىم. بۇ مەسىلىنى ھازىرقى ئەسىردىكى ياش ئەۋلادلار ئوبدان چۈشىنىشى ۋە ئىسىدىن چىقارماسلىقى لازىم. ئىبادەت دېگەن مەنىسىز شەكىل ياكى ئۆلۈك ھەرىكەت ئەمەس. ئۇ ئىككىنچى ئورۇنغا قالدۇرۇپ قويىسمۇ بولىدىغان مەسىلىمۇ ئەمەس، ئۇ ئاللاھغا ئىخلاس قىلىش مەسىلىسىدۇر. ئۇ مۇسۇلمان كىشىنى كۆرەش قىلىش، جىھاد قىلىشقا ئىنتىلدۈرىدىغان روھى ئېنىرگىيەدۇر. مانا بۇ ئىبادەتنىڭ توغرا تەسەۋۋۇرىدۇر، بۇ ئۇممەتنى ئۆتمۈشتە نېمە ئىسلاھ قىلغان بولسا، ھازىرمۇ شۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسە ئىسلاھ قىلالمايدۇ.

3 -<u>گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش</u>

مۇسۇلمان كىشىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا، ئەقىدە بىرىنچى دەرىجىدە رول ئوينىغان بولسا، ئىبادەت ئىككىنچى دەرىجىدە رول ئوينايدۇ. گۈزەل ئەخلاق نەمۇنىلىك ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا ئۈچىنچى دەرىجىلىك رول ئوينىيالايدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ تەشەببۇس قىلغان ئەخلاقى، ئەسكى ئادەت ۋە ناچار قىلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جاھىلىيەت ئۇممىتىنى ئەڭ ياخشى ئۇممەتكە ئايلاندۇرۇۋەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدەك ئەخلاققا ئىگە بولىشى ئۈچۈن، ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: { سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگە } [1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :" مەن گۈزەل ئەخلاقنى مۇكەممەللەش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇرمەن" دېگەن [2]. ئائىشە (ئاللاھ ئۇ ئايالدىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى توغۇرلۇق سورالغاندا : "ئەخلاقى قۇرئان ئىدى " دەپ جاۋاب بەرگەن. تەشۋىقاتچى كىشى ئەقىدە، ئەسكەرلىك ۋە ھايات ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتىغا ئەگىشىپ مېڭىشى لازىم. ئۇممەت ئۆزىنى ئەخلاق ئارقىلىق قوغدىيالايدۇ. ئەخلاقلىق كىشى گۈزەل ئەخلاقنىڭ نەتىجىسىنى كۆرەلەيدۇ. ئۆتكۈر ئىرادە، سەۋرچانلىق، چىدامىلىق، يوقىرى ھىممەتلىك، پىداكارلىق كۆرسىتىشكە تەييار تۇرۇش، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلىش، خىلمۇ - خىل پوزىتسىيەلەرنى ئۆلچەشتىن ئىبارەت ئىبقتىدارغا ئىگە بولمىسا، شۇنداقلا كۆڭۈل ھىسياتى ۋە نەپسى تۇيغۇللىرىنى كونترول قىلالمىغان ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا نەتىجىگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇسۇلمان كىشى پەزىلەتلىك ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ناچار ئەخلاقلاردىن يىراقلىشىشقا ئادەتلىنىشى كېرەك. بۇ خىل ئەھۋال

نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشقا، ئۇنى شەرئەت پرىنسىپىغا بويسۇندۇرۇشقا تېگىشلىكتۇر. ئاللاھنىڭ ئۆزگەرتىشتىكى قانۇنىغا قارايدىغان بولساق، ئۇ ئۆزگەرتىش قانۇنىنىڭ ئەخلاقتا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھىس قىلالايمىز. ئاللاھ بۇ ھەقتە:{ ھەر قانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ } دېدى [1].

شۇنداقلا تارىخ ئۇنى تەكىتلەيدۇ. ئۈممەتلەرنىڭ ئۆزگىچە ـئۆزى خوجا بولۇپ مۇستەقىل دۆلەت ھالىتىدە تۇرالىشى ياكى ۋەيران بولىشى ئەخلاقتا بەك مۇناسىۋەتلىكتۇر. شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق شېئىر ئېيتقان :

ئۈممەتلەرچوقۇم ئەخلاق بىلەن قالۇر

ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەخلاقى يوقالسا ئۇلارمۇ يوقۇلۇر.

كىشلەرگە تەشۋىق قىلىۋاتقان، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان تەشۋىقاتچى مۇلايىملىق، كەمتەرلىك ۋە سىلىق ـسىپايىلىق سۈپەتلىرى بىلەن ئەخلاقلىنىشى، نادانلىق قىلغانلارغا مۇلايىملىق بىلەن چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ توغرىدا كۆرسەتمە بېرىپ: { ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار ئەتراپىڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن } دەيدۇ.[1]

ئېسىل ئەخلاق ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق نىشانىدۇر. ئېسىل ئەخلاق ئىماننىڭ دەلىلى ۋە مېۋىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : "قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ ياخشىلىق مىزانىدا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىرراق ئۆلتۈرىدىغان نەرسە بولمايدۇ " دېگەن. [2]

يەنە : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : " دىن دېگەن نېمە؟ دەپ سوئال سورالغاندا :" ئۇ گۈزەل ئەخلاقتۇر" دەپ جاۋاب بەرگەن ' [3]

ئىمام بەننا مۇسۇلمان كىشىدە تېپىلىشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاقى قائىدەلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ :

1- مۇسۇلمان قېرىنداشىنىڭ تۇيغۇسى ئىنچىكە، ئىنكاسى تېز، گەپ - سۆزلىرىدە راستچىل ۋە كەمتەر بولىشى؛

2- راستچىل بولۇشى، ھەرگىز يالغان سۆزلىمەسلىكى، ئىككىلەنمەيدىغان دەرىجىدە ئىرادىسى كۈچلۈك بولۇشى، شارائىت قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر قىلغان ۋەدىسگە خىلاپلىق قىلماي ۋاپا قىلىشى ؛

3- چىداشچانلىقى بۈيۈك، ئىرادىسى كۈچلۈك ۋە شجائەتلىك بولىشى كېرەك، شجائەتنىڭ ئەۋزىلى : ھەققەتتە ئوچۇق بولۇش، سىرلارنى ساقلاش، خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئىنساپلىق بولىشى؛

4- جددىيلىك ۋە كەسكىنلىكنى تاللايدىغان ئېغىر بېسىق بولىشى، تەمكىنلىك ئۇنى راس چاقچاق قىلىشتىن، تەبەسسۇم كۈلكىدىن ۋە ئۆز يولىدا ئېچىلىپ يېيىلىشتىن توسۇپ قويماسلىقى؛

5 - يامان ھەمرالاردىن، بۇزۇق دوستلاردىن ۋە ئەھمىيەتسىز ئويۇن ـكۈلكىلەردىن يىراق بولىشى ؛

6- باشقىلارنى مەسخىرە قىلىشتىن، كەمسىتىشتىن، ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ۋە سۆخەنچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم.

## 4 – بەدىنى كۈچلۈك بولۇش:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " كۈچلۈك مۆمىن ئاللاھقا ئاجىز مۆمىندىن مۇھەببەتلىكتۇر، بىراق ھەر بىر مۆمىن كىشىدە ياخشىلىق بار"ُ دېگەن.

ئىسلام خىزمىتىنىڭ بەدەن ساغلام، جىسىم كۈچلۈك بولمىسا ئۆتىگىلى بولمايدىغان ۋەزىپىسى، مەسئۇلىيتى، ئېغىرچىلىقى ۋە قىيىنچىلىقى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدەنگە كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئۇنى كىسەللەردىن مۇھاپىزەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

ئىسلام دىنىمىز كۈچ- قۇۋۋەت سەۋەبلىرىنى ھاسىل قىلىشقا چاقىردۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: { دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش)ئۈچۈن ، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە ھەر خىل كۈچ - قۇۋۋەت بىلەن تەييارلىق قىلىڭلار } دەيدۇ [1].

بەدەن كۈچلۈك بولسا ھەرىكەتنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئىشلىرىدا، تەشۋىقات يولىدا توختاپ قالماي ئالغا بېسىشقا، ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. پىلان تۈزىدىغان، ھەرىكەت قىلىدىغان ئەقلمۇ بەدەنىنىڭ ساغلام بولىشغا باغلىقتۇر.

كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىپ بەدىنىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك لازىم. كۈچىنى ئاياپ قېلىش زۆرۈر، ئۇنى ئىشلىتىدىغان مۇناسىپ پەيتى بولىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام : "بەدىنىڭنىڭ سەندە ھەققى بار "ُ دېگەن.

تەشۋىقات يولى ئۇزۇن ۋە جاپا - مۇشەققەتلىك بولغانلىغى ئۈچۈن تەشۋىقاتچى كۆپ كۈچ چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا كېلىشمەسلىكلەرگە ئۇچراپمۇ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەدەنىنىڭ ساغلام ھەم كۈچلۈك بولىشى تەشۋىقاتچى كىشىگە نىسبەتەن زۆرۈردۇر. ئاجىزلىق ۋە كېسەل سەۋەبلىرى خىزمەتكە توسالغۇ بولىۋالماسلىقى لازىم.

ھەق ھوقۇقنى قوغداش ئۈچۈن كۈچ كېرەك. قانچىلىغان ھەق - ھوقۇقلا ر ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان كۈچنىڭ بولمىغانلىغى سەۋەبىدىن زايا بولۇپ كەتمەكتە. بۈگۈنكى كۈندە، كىمنىڭ كۈچى كۆپ بولسا گەپ شۇنىڭ بولماقتا. شۇ سەۋەپتىن مۇسۇلمان كىشى يەر يۈزىدىكى بارلىق ھەق- ھوقۇقلارنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن كۈچلۈك بولىشى لازىم.

ساغلام ئەقىل ساغلام بەدەندە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان كىشى ئىرادىسى كۈچلۈك، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى يوقۇرى ۋە نەتىجە قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ھەقىقەتنى سۆزلەيدىغان بولىشى لازىم. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ٌ "كىشلەرنىڭ ھەيۋىتى سىلەرنىڭ ھەق گەپ قىلىشىڭلارنى توسۇپ قويمىسۇن " دېگەن[1].

مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ۋە ئىززەت- شەرەپ ھىس قىلىدىغان بولىشى كېرەك. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام : " دۈشمەنلەر تەرپىدىن قىلىنىۋاتقان ئاھانەت ۋە خورلۇقا باش ئىگىپ، ئۇنىڭغا رازى بولۇپ تۇرمۇش كېچىرگەن كىشى مەندىن ئەمەس(يەنى مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس) " دېگەن[1]

مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھىممىتى يوقۇرى، مەيدانى مۇستەھكەم، بەدىنى كۈچلۈك، ئىلمى تەتقىقات ئورۇنلىرىدا يوقۇرى نەتىجە قازانغان ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلالايدىغان سالاھىيەتكە ئىگە بولغان بولىشى كېرەك.

ئىمام بەننا "تەلىماتلار" كۆرسەتمىسىدە مۇنداق دېگەن : "مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرتۈپ تۇرىشى، كىسەل ئالامەتلىرى كۆرۈلسە داۋالىتىشى، بەدەننى كۈچلەندۈرىدىغان ئامىللارغا ئەھمىيەت بېرىشى، بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدىغان ئامىللاردىن يىراق بولىشى، بەدەن چېنىقتۇرۇش تۈرلىرىدىن قايسى بىر تۈرىگە قىزىقسا ئۇنى داۋاملاشتۇرىشى ۋە بەدەنگە زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم.

دورىنى زۆرۈر بولمىسا ئىشلەتمەسلىكى، يوقۇملۇق كېسەللەردىن ساقلىنىشى، پاكىزلىققا دىققەت قىلىشى، تاماكا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا چېكىملىكلەرنى ئىستىمال قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.

5 - ئەقلى ئۆتكۈر بولۇش

تەشۋىقاتقا بىر نەرسىنى ئاڭقىرالمايدىغان ئىخلاسمەن كىشى ياكى ئىدىيىسى تار تەشۋىقاتچى مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىش زۆرۈر. ئەبى دەردا : "ئالىم بولمىغىچە تەقۋادار بولالمايسەن، بىلىم بىلەن ئەمەل قىلمىساڭ، گۈزەل بىر ئىنسان بولالمايسەن " دېگەن. تەشۋىقاتچىدا ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرەلىگىدەك دەرىجىدە نۇتۇق سۆزلەش ئىقتىدارى ۋە ئاڭ سەۋىيەنىڭ بولىشى زۆرۈر ئىشلاردىندۇر.

تەشۋىقاتچى خامۇش، پىكرى يۈزەكى، قاتمال ئەقىللىق، تار پىكىرلىك بولىشى، ۋە سىياسى، ئىجتىمائى ئامىللارنىڭ سەۋەبىدىن باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەقلى مۇھاكىمىسىز دورايدىغان بولۇپ قېلىشى تەشۋىقاتچىغا ياراشمايدىغان بىر ئىشتۇر. تەشۋىقاتچى ئىجادىيەتچان بولىشى لازىم. چۈنكى ئۇنىڭ مىللەتنى ئويغۇتۇش ئۈچۈن ئاتلانغان خىزمىتى جاپالىق ھەم قىيىن خىزمەتتۇر. تەشۋىقاتچى نەتىجە قازىنىشى ئۈچۈن كىشىلىك جەمىيەتكە چۆكىشى زۆرۈر مەسىلىدۇر. زىيالى، ئاڭلىق ۋە سەۋىيەلىك ئەقىل ئىگىسىگە ئوخشاش ياكى ئۇنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئەقىلگە ئىگە بولىشى كېرەك.

غەپلەت، چۈشكۈنلۈك، بىلىمسىزلىك ۋە ھىممەتسىزلىك بىلەن دۆلەت قۇرغىلى بولمايدۇ.

بۇ دەۋر ئىسلام دۇنياسىغا نىسبەتەن يات ئىدىيە ھۇجۇم دەۋرى بولماقتا. دىن دۈشمەنلىرى ئىدىيە ئارقىلىق قورال -ياراق بىلەن قىلالمىغان ئىشلارنى قىلماقتا، ئۇلار بىزنى قورال بىلەن يېڭىيەلمەيدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇن چۈشىنىپ يەتكەن. شۇڭا ئىسلام ئوغلانلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى زەھەرلەپ، ئۇلارنىڭ ئىسلامى مىڭىسىنى يۇيۇپ، ئىسلامىيەتكە زىت كېلىدىغان پىكىرلەر بىلەن ئۇلارنى تەربىيلەپ، بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ياۋرۇپانىڭ ياكى شەرقنىڭ سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولغان كىشلەرنى خىزمەتكە سېلىپ ئىسلام دىنىغا توسالغۇلۇق قىلماقتا. شۇ سەۋەپتىن ئىسلام جەمىيىتىدە ئىلمانىلار[1]، مىللەتچىلەر ۋەئۇلاردىن باشقا ھەرخىل ئىدىيە ئېقىملىرى ئاشكارا بولۇپ، بۇلار ئىسلام دىنىغا دىن دۈشمەنلىرى قىلىپ بولالمىغان زىيانكەشلىكنى بىلىپ - بىلمەي قىلماقتا. ھەقىقى مۇجاھىد بولغان مۆمىنلەرنى گۇناھسىز شېھىت قىلماقتا. ئۆزىنىڭ ئىسمى مۇسۇلمانچە بولسىمۇ، ئۆزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن سانىۋالسىمۇ ئەقلى، قەلبى، قىبلىسى غەرىب ياكى شەرىقچە بولىدىكەن، يەنىلا ئىسلام دىنىغا قارشى مۇش ئېتىپ غەرىبنىڭ چاكىنا دەللىلىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ كىشلەرگە قورال بىلەن قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ. بۇلارغا ئىدىيە، مەدەنىيەت بىلەن قارشى تۇرماق لازىم. ئەگەر بىز ئەقىدىمىزنى مۇداپىئە قىلىش، تەشۋىقاتىمىزنى ھىمايە قىلىش، تارىخىمىزنى قايتىدىن ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، ئىدىيە قورالىنى ئىشلىتىشتىن چەكلەنسەك، ئۇ چاغدا ئەمەلى تۆمۈر قورالىنى ئىشلەتمەي بولمايدۇ.

غەرىپ ئۇلارنى شۇ قەدەر ئۆزگەرتىشكە قادىر ئىكەن، بىز ھەقىقى ئىسلامنىڭ خىزمەتكارلىرى بولساق بىز نېمە ئۈچۈن، شۇلاردەك تېز ھەم جىددى ھەرىكەت قىلىپ ئىسلام ئېڭىنى ياش ئوغلانلارنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرەلمەيمىز؟ ئۇلار بىزدىن نېمە ئۈچۈن قاچىدۇ؟ دۈشمەنلەر قورال كۈچىگە تايىنىپ بىر مىللەتنى - شۇ مىللەتنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ قالغان پىسلار، ئىپلاسلارنىڭ قولى بولمىسا - مۇستەملىكە ئاستىدا تۇتۇپ تۇرىشى مۇمكىن ئەمەس. بۈگۈنكى كۈندە ئىلمانى ئېقىمدىكىلەر ئىسلام دىنىنى تار كاتگورىيەگە سىقىپ كىرگۈزۈش ئۈچۈن قاتتىق جىددى ئىدىيە ھۇجۇمى قوزغىماقتا. بىزنىڭ پەيغەمبەرنىڭ مىراسخورى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇنىڭغا قارشى تۇرغىدەك سەۋىيەمىز بولىشى كېرەك ئىدى. ئىسلام نەدە؟ ياشلارنىڭ كاللىسى نەدە؟ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، بىز ئۇلارغا قانچىلىك ئىسلام پىكرىنى يەتكۈزەلىدۇق؟ زىياللارغا قارىتا مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلالىدۇقمۇ يوق؟ ياشلار، زىياللار جەمىيەتنىڭ ئاساسى قاتلاملىرى ئەمەسمۇ؟ باشقىلار ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى باشقا نەزەرىيەلەر بىلەن ئۆزگە جەلىب قىلىپ كەتسە، بىز ئۇششاق مەسىلىنى تالىشىپ ئولتۇردۇق!.

ئىسلامى ئەقىل قاتتىق زەربىگە ئۇچىرماقتا. ئىدىيمىز، ئەقىدىمىز ۋە ئەخلاقىمىز ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنماقتا. ئىدئولوگىيە ھۇجۇمى سەۋەبىدىن دىن بىلەن ئىلىم- پەن كېلىشەلمەيدۇ، دىندا سىياسەت يوق دېگەندەك ھۇجۇملارغا ئۇچراپ كەلدۇق. بەزىلىرىمىز بىلىپ -بىلمەي بۇنىڭغا تەڭ ئۇسۇل ئويندۇق. تېزراق ھۇشىمىزنى تاپايلى! شۇڭا بۈگۈنكى كۈنلەردە بىز ئىسلامى ئاڭ سەۋىيەگە ئىگە شەخسلەرنى قايتا شەكىللەندۈرۈپ، ئىدىيە دۇنياسىنى قايتا رېمۇنت قىلىپ، مەدەنىيەت بۇلاقلىرىنى كۆپەيتىپ، زېرەك ئەقىل ئىگىلىرىنى بەربا قىلىپ، ئىسلامنى ئەمەلىيەت دۇنياسىغا تەتبىقلاپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىنى ۋە ئەخلاقىنى قايتىدىن تۈزىتىپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ توغرىدا ھازىرقى زاماننىڭ بىلىملىرى موھىم رول ئوينايدۇ. زىيالى ئەقىلغا زىيالى ئەقىل بىلەن، دېھقان ئەقىلغا دېھقانچە ئەقىل بىلەن خىتاب قىلماق لازىم. غەرىب ئەللىرى ئىدئولوگىيە تەرەپتە ئىلگىرلەپ، تىنىقمىزدىن تارتىپ تەتقىق قىلغىدەك ھالغا كەلدى ۋە ئەمەلىيەتتە شۇنداق قىلماقتا. بىزچۇ؟ ئىلگىرى ئۇرۇشتا قىلىچ ئەسقاتاتتى، ئەمما ئۇ بۈگۈنكى ئۇرۇشتا قىلىچ ئەسقاتمىغاندەك، بۇ ئەقىل كۆرشىدىمۇ كونا ئەقىل كۆپ ئەسقاتمايدۇ ۋە ئەقلى كۆرەش مەيدانىغا دادىل قەدەم بىلەن چۈشەلمەيدۇ.

تەشۋىقاتىمىز ئىلىم بىلەن ئەمەلنى بىرلەشتۈرگەن تەشۋىقاتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دىل بىلەن ئەقىلنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى بىردەك يوقاتماق لازىم.

بىز ئىدىيە ئېقىملىرى كۆپ، خىلمۇ - خىل بولغان بىر دەۋىردە ياشىۋاتىمىز. ئىدئىولوگىيەگە ئىدئىولوگىيە بىلەن قارشى تۇرۇش بۇ ئىسلامنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپىدۇر. شۇ ۋەجىدىن تەشۋىقاتچى ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ئىسلامنىڭ ئەقىدە پەلسەپىسى بىلەن قارشىلىشىدىغان ئىدىيە دولقۇنلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشى لازىم.

ئۇستاز پەتھى يەكەن " تەشۋىقات ۋە تەشۋىقاتچىنىڭ مۇشكۈلى" ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ : " تەشۋىقاتچى دەسلەپتە ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلىشى ۋە بۇ دىنىنىڭ ئىنسانىنىڭ نەپسىگە، جەمىيەتكە، دۆلەتكە قارىتا ھۆكۈملىرى، قانۇنى، نىشانى، غايىسى ھەققىدە تەشۋىقاتچى كىشىنىڭ نەزىرىدە ئوچۇق تەسەۋۋۇر تىكلىنىشى ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنى قۇرئان كەرىم، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە تەرجىمھالىدىن ئىبارەت ئەسلى مەنبەسىدىن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قىممەتلىك ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ توغرا چۈشۈنۈشى لازىم".

بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز ئىلىم مەرىپەتكە قىزىقتۇرىدۇ ۋە ئەقلىنىڭ ئورنىنى قەدىرلەپ يوقۇرى ئورۇنغا قويىدۇ. قۇرئان كەرىم ئەسىرلەر بويى، پۈتۈن مىللەتلەرنىڭ ئەقلى بىلەن ۋىجدانىغا خىتاب قىلىپ كەلمەكتە. شۇنداقلا بۇ كائىناتقا چوڭقۇر نەزەر تاشلاشقا، ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بۇ زېمىندا ئورۇنلاشتۇرغان سىرلارنى كەشىپ قىلىشقا چاقىرىدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا:{ ئاللاھ نىڭ بەندىللىرى ئىچىدە ئاللاھ دىن پەقەتلا ئالىملارلا قورقىدۇ }' دەيدۇ (1).

يەنە :{ ئۇلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ،ئۇلار: پەرۋەردىگارىمىز ! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن دەيدۇ } 'دەيدۇ (2).

ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئىلمگە ۋە مەدەنىيەتكە ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر بولسا، ئەلبەتتە ئەقىدىلىك ئادەملەرنىڭ بۇ دەۋردە كۆپ نەتىجىلەرنى قازىنىشى ئۈچۈن بۇ بۈيۈك خىزمەتنىڭ كاتتىلىقىغا مۇناسىپ ھالەتتە يوقۇرى دەرىجىدىكى سەۋىيەدە يېتىلىشى تېخىمۇ لازىمدۇر.

ئىسلام دىنى ھاياتقا نىسبەتەن مۇكەممەل پىرىنسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋەتىنىمىزنى ئىسلام پرىنسىپى ئۈستىدە قۇرۇش پىلانىمىزدا، دۆلەتنىڭ ھەر تۈرلۈك ئورگانلىرىدا ۋە ھەر قايسى ساھەلىرىدە يېتىشكەن ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ بولۇشى لازىمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : "" ھىكمەت مۆمىننىڭ يۈتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر، ئۇ ئۇنى قەيەردە تېپىۋالسا، باشقىلاردىن ئۇنىڭغا بەكرەك ھەقلىقۇر" 'دېگەن (1).

ئىسلام دىنى سەۋىيەنىڭ تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن ئىلىم تەلەپ قىلىشنى ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز قىلغانلىقى ھەممىزگە ئاياندۇر.

ئىمام بەننا " تەلماتلار ' كۆرسەتمىسىدە مۇنداق دېگەن :

1 - تەشۋىقاتچى كىتاپنى ياخشى ئوقۇشى، يېزىقنى چىرايلىق يېزىشى، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ كۆرىشى، كىچىك بولسىمۇ ئۆيىدە كۈتۈپخانىدىن بىرنى قۇرىشى، خاس ئوقۇغۇچى بولسا، ئىلمىغا چوڭقۇرلاپ چۆكىشى ۋە ئومۇمى ئىسلاھات تەرەپلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرىشى؛

2- قۇرئان كەرىمنى چىرايلىق تىلاۋەت قىلىشى، مەنىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى، ساھابىلارنىڭ تارىخىنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئوقۇشى ، زۆرۈر بولغان قائىدە ۋە قوشۇمچە ھۆكۈملەرنىمۇ تولۇق ئۆزلەشتۈرىشى؛

3- ئىسلام دىنىغا قارشى يۈزلىنىۋاتقان بارلىق ئىدئولوگىيەلەرنى ياخشى چۈشۈنۈشى؛

4 - ئىسلامغا قارشى پارتىيىلەرنى ۋە ھەيئەتلەرنى ئوبدان تەتقىق قىلىشى ؛

ئۇنىڭدىن سىرىت بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋر ھەر خىل مەدەنىيەت ۋە تۈرلۈك ئىدئولوگىيە دەۋرىدۇر. بۇ دەۋىر ھەر خىل ئىلىملار بىلەن توشۇپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان كىشى ، ئىلىم - مەدەنىيەت ۋە ئاڭ - سەۋىيەنى قورال قىلغانلارغا قارشى تۇرالايدىغان بولىشى ئۈچۈن كۆپ ماتىريال كۆرىشى موھىم مەسىلىدۇر.

## 6 - نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشى

---

(1) تىرمىزى بايان قىلغان

تەشۋىقاتچى ئۆزىنى مۇكەممەل تەربىيە پرىنسىپىگە ئاساسەن تەربىيىلەشكە داۋاملىق شەكىلدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: ﴿بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلبەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز﴾ دەيدۇ [1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : "مۇجاھىد دەپ، ئاللاھ يولىدا ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلغان ئادەمنى مۇجاھىد دەيمىز " دېگەن [2].

ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە ئاتلانغان كىشى ئەلبەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىيىتىنى ئىنچىكە ۋە ئاگاھلىق ھالەتتە چۈشىنىشى لازىم. بۇنى چۈشەنمىگەن كىشى ئەلبەتتە ئۆزىنى ئۆزگەرتىشتىن ئاجىز كېلىدۇ. قىسقىسى جەمىيەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇ پىلان تۈزۈشتىن ئىلگىرى ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىك تەرەپلەرنى ھېس قىلىشى، كېسەلنى ئەينەن بەلگىلىشى كېرەك.

ئىمانى تەرەپ نەپسى تەربىيەنىڭ ئەڭ موھىم تەرىپىدۇر. ئىسلامدىكى ئىمان دەپلا قويسا بولىدىغان گەپ ياكى دەۋا قىلىپ قويسا ئاقىدىغان قۇرۇق دەۋا ئەمەس. ئۇ بىر ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرى ئەقىلغا بۇسۇپ كىرسە ئۇنى قانائەتلەندۈرىدىغان، ھېس – تۇيغۇسىغا تەسىر كۆرسەتسە ئۇنى قوزغايدىغان، ئىرادىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان نەرسىدۇر. نەپسىنى ئىسلاھ قىلماي تۇرۇپ باشقىلارنى ئىسلاھ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۆزۈڭىزنى ئىسلاھ قىلىپ ئاندىن باشقىلارنى ئىسلاھ قىلىشقا باشلاڭ!. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : "ئاللاھ سىلەرنىڭ سۈرتۈڭلارغا ۋە قىلغان ئەمەللىرىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى، قەلبىڭلارغا قارايدۇ " دېگەن.

تەشۋىقاتچى قېرىنداش ئىسلام تەلەپ قىلىۋاتقان نەرسىلەرگە نەپسىنى ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆتكۈر ئىرادىلىك ۋە پاراسەتلىك بولۇشى لازىم. ئۇ ئىسلامىيەتكە زىت كېلىدىغان قىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تەرەپكە چۆرۈپ تاشلاپ، ھاياتى ئەقىدىسىگە مۇۋاپىق بولۇش ئۈچۈن شەيتانى شەھۋەتنى بېسىپ چۈشىشى ۋە ئۆزىنى ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ ئەسىرلىكىدىن قۇتقۇزۇشى لازىم. نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش مۇسۇلمان شەخسىدىن تەلەپ قىلىنغان بىر مەسىلىدۇر. چۈنكى ئۇ ناھايىتى قىيىن، جاپالىق شارائىتلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئەگەر ئىنسان ئۆزىنى قىيىنچىلىقلارغا ھەم جاپا مۇشەققەتلەرگە ئادەتلەندۈرمىسە، ئۇ چاغدا ھەرگىزمۇ ئۇ ئىنسان ھەر خىل شارائىت ۋە قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

ئاللاھ يولىدىكى جىھاد مۆمىن ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جىھادنىڭ بىرىنچى دەرىجىسى نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشتۇر.

بىز ئاللاھ بىلەن گۇناھ قىلىپ قارشىلىشىپ، ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىمىز. گۇناھ قىلماق ئاللاھقا قارشى چىققانلىقتۇر. ئەگەربىز ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشتا، ۋەتىنىمىزنى قۇرۇپ چىقىشتا راستچىل بولىدىغان بولساق ئاللاھ تەرەپكە قايتايلى، ئۇنىڭغا قايتىدىن ئەھدىنامە بېرىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرەيلى. ئۇنى رەنجىتىپ قويىدىغان بارلىق نەرسىلەردىن يىراق بولايلى.

ئاللاھ بىلەن قارشىلاشقانلىقىمىز ئۈچۈن، ئەھۋالىمىز كۈچ - قۇۋۋەت، ئىززەت- شەرەپ نېمىتىدىن ئاجىزلىق، خارلىق، ئارقىدا قېلىپ قېلىش ۋە بۆلۈنۈشكە ئوخشاش ئازاپقا يولۇقتۇق. ئەگەر بىز بۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنى، ئىززەت -شەرەپكە ئېرىشىشنى ئىرادە قىلساق، ئىمان قورالى بىلەن قوراللىنىپ، تەقۋالىق ئوزۇقى بىلەن كۈچلىنىپ، ئاللاھقا قارشى مۇش ئېتىشتىن توختايلى !. ۋەتەن قۇرۇش دېگەن،

بىنا قۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئادەم "قۇرۇش" دېگەنلىك بولىدۇ. ۋىجدانسىز، ئەخلاقسىز، جانسىز ۋە ئۆلۈك ئادەملەر بار بىنانىڭ نېمە پايدىسى؟

بىنانىڭ ھۇلى، دىلى قۇرئان بىلەن تەسىرلىنىپ، قەلبى ئېرىپ، ئاللاھ زىكرى قىلىنغاندا يۈرىكى تىترەيدىغان كىشلەرنىڭ قولى ئارقىلىق قۇرۇلىدۇ.

ئۈممەتلەرنى يېتىلدۈرۈش، خەلقنى تەربىيلەش، ئارزۇ-ئارمانلارنى رېئاللىقتا ئايلاندۇرۇش ۋە پرىنسىپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بۇ ئىشلارغا چاقىرىۋاتقان جامائەتتىن ئاز دېگەندىمۇ بۈيۈك نەپسى پىداكارلىقتا مۇھتاجتۇر، بۇپىداكارلىق بىر قانچە ئىشلاردا كۆرۈلىدۇ : ئاجىزلىق يولىيالمايدىغان كۈچلۈك ئىرادە، ھېلىگەرلىكنى تونمايدىغان راستچىل ۋاپادارلىق، بېخىللىقنى تونمايدىغان مەرتلەرچە قۇربان بېرىش، پرىنسىپنى تونۇش، ئۇنىڭغا ئىشىنىش ۋە ئۇنى قەدىرلەش ئىشلىرىدا كۆرۈلىدۇ.

ئۈممەتلەرنىڭ ئاجىزلىشىشى، خارلىنىشى، شۇ ئۈممەتنىڭ نەپسىنىڭ ئاجىزلىقى، نەپسىنىڭ بوشلۇقى، قەلبىنىڭ پەزىلەتلىك ئەخلاق ۋە ئەرلىك سۈپەتلەردىن خالى ئىكەنلىكى ئۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. نەپسنى تازىلاش غەلبىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئاللاھ قۇرئاندا: {كىم نەپسىنى پاك تۇتىدىكەن ئۇ كىشى غەلبە قىلىدۇ، كىم ئۇنى بۇلغايدىكەن ئۇ زىيان تارتىدۇ} دېدى.

مۇسۇلمان قېرىنداش داۋاملىق ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرىشى، نەپسىدىن ھساپ ئېلىپ تۇرىشى، ئۆزىگە - ئۆزى كايىپ تۇرىشى، ئۆزىگە كۆندىلىك شەكىلدە ئىبادەت ياكى ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى شەرت قىلىۋېلىشى، سۈننەت نامازلارغا ئەھمىيەت بېرىشى، كېچىلىرى ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىشى، ھەر ئايدا رامىزان تۇتىشى، قۇرئان كەرىمنى كۆنلۈكى ئوقۇشى ۋە قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىشى لازىم.

ئىمام بەننا : " نەپسىڭ بىلەن قاتتىق جىھاد قىلىپ ئۇنى بويسۇندۇرشۇڭ، كۆزۈڭنى توغرا بولمىغان ئىشلارغا قاراشتىن يۇمۇشۇڭ، ھسياتىڭنى كونترول قىلىشىڭ، كۆڭۈلدىكى شەھۋەت تۈيغۇلىرى بىلەن قارشىلىشىپ ۋە نەپسىڭنى تازلاپ يوقۇرى دەرجىگە كۆتۈرۈشۈڭ كېرەك" دەيدۇ.

<u>7 -كەسىپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش</u>

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى ھالال مال- دۇنيا تېپىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا چاقىرىدۇ، ھورۇنلۇق قىلىش، سۇسلۇق قىلىش ۋە دىۋانىچىلىق قىلىشنى رەت قىلىدۇ. ئىسلام دىنى خىزمەتنىڭ تەبئىتىگە (ئوتانچىلىق كەسپى بولسىمۇ) چوڭچىلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. خىزمەت، ئىش ھەرىكەت قىلىش ئىسلام دىنىدا ئىبادەتنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ ۋە شەرەپ، ئىززەت ھساپلىنىدۇ. كىشلەرگە تايىنىپ جان بېقىش، تىلەمچىلىك قىلىش خورلۇقتۇر. شۇ سەۋەپتىن تەشۋىقاتچى ئۆزىنىڭ تەشۋىقات سەپىرىنى جانلىق داۋاملاشتۇرىشى ئۈچۈن كەسىپ قىلىش ئىقتىدارى ئارقىلىق تۇرمۇشىنى مۇقىم ئورۇنلاشتۇرىۋېلىشى موھىمدۇر.

يېمەكلىكنىڭ ياخشىسى تەر ئارقىلىق قولغا كەلگەن يېمەكلىكتۇر.كەسىپ قىلىپ تۇرمۇش كېچۈرۈشتىن توسۇپ قويىدىغان ئىبادەتتە ياخشىلىق بولمايدۇ.

ئىسلام دىنى ھورۇنلۇق قىلىشتىن توسىدۇ. سۇسلۇق قىلىپ ئولتۇرۇۋېلىشنى چەكلەيدۇ. ساھابىلەر نامازغا ئەزان توۋلانسا ئۇدۇل مەسچىتكە يۈگرەيتى، ناماز ئاياغلاشقاندىن كېيىن :"ئى، ئاللاھ بىز سېنىڭ

www.islamyoli.net

چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشتۇق، پەرزىڭنى ئادا قىلدۇق، نامازدىن سەن بۇيرۇغاندەك تارالدۇق، بىزگە رىزىق ئاتا قىلغىن!" دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : "ئاللاھ كەسىپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ھۈنەرۋەن مۆمىننى ياخشى كۆرىدۇ " دېگەن.

ئىمام بەننا " تەلىماتلار " كۆرسەتمىسىدە مۇنداق دەيدۇ :

1 - قېرىنداش ھەر قانچە باي بولۇپ كەتسىمۇ بىر خىل ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىشى موھىمدۇر، چۈنكى ئۇ خىزمەت قىلىش ئارقىلىق باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا پايدا يەتكۈزىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ.

2 - ھۈنىرىگە ساختىلىق ئىشلەتمەي پۇختا قىلىش؛

3 – ئىقتىسادى مۇئامىلىرىنىڭ ھەممىسىدە جازانىدىن يىراق بولۇش؛

4 - قىمارنىڭ بارلىق تۈرلىرىدىن يىراق بولۇش؛

5 - كەسپىنىڭ ياكى قىلغان خىزمىتىنىڭ ساۋابىنى ئاللاھدىن كۈتۈش؛

6 - ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئىمكان قەدەر ئارلاشماسلىق، قولايلىق پۇرسىتى كېلىپ قالسا رەت قىلماسلىق؛

7 - جىددى ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ بىر بۆلۈك ئىقتىسادىنى ئېھتىياتى مەبلەغ قىلىپ ساقلاپ قويۇش، ئىسراپخورلۇقتىن ساقلىنىش، بىر تىيىن بولسىمۇ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىككە دىققەت قىلىش لازىم.

8 - ۋاقتقا ئەھمىيەت بېرىش، ئىشلىرى تەرتىپلىك بولۇش

ۋاقت ھاياتتۇر، ئىنساننىڭ ھاياتى تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر بولغان ئارىلىق قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان پۇرسەتتىن ئىبارەت، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقت ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىكتۇر. ۋاقتنى قەدىرلىمەي ئۆتكۈزىۋېتىدىغانلار ئەڭ كۆپ زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ئىنساننىڭ ھاياتى تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ياشىغان يىللارنىڭ سانى بىلەن ئۆلچەنمەي، ئۇ ھاياتىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ۋە بۇ پائالىيەتنىڭ ئىنسانچىلىق ھاياتىدىكى ئەۋلادلارغا بولغان تەسىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ۋاقت سىكۈنتتىن ئىبارەت. ئىنسان قىيامەت كۈنى ئۆمرىنى نېمىگە سەرپ قىلىپ تۈگەتكەنلىكى، ياشلىق باھارىنى نېمىدە يوقاتقانلىقى، بىكار ۋاقتىنى نېمە ئىش قىلىپ ئۆتكۈزگەنلىكى ھەققىدە سوراققا تارتىلىدۇ.

ساھابىلەر ۋاقتىغا قاتتىق ھېرىسمەن بولۇپ، دىنىغا قارىتا مەجبۇرىيەتلىرىنى ئىجرا قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئاللاھ دىن ۋاقتلىرىغا بەركەت بېرىشنى تىلەپ دۇئا قىلار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقتنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەھمىيتى ۋە قىممىتىنى بايان قىلىپ : "ھەر سەھەر تاڭ يوروغاندا تاڭ: ‶ئەي ئىنسان! مەن يېڭىدىن يارىتىلدىم، مەن سېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭغا گۇۋاھچىدۇرمەن، شۇڭا سەن مەندىن پايدىلىنىۋالغىن، مەن قىيامەت كۈنىگە قەدەر قايتا ئەسلىگە كەلمەيمەن دەپ توۋلايدۇ ‴

دېگەن.

شۇڭلاشقا مۇسۇلمان كىشى ئالدىدىكى قىممەتلىك ۋاقتىدىن پايدىلىنىشى، ئۇنى ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلار ۋاقتتىن كۆپتۇر. ئاڭلىق

ئىنسان بىر سكونتىنمۇ بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەي پايدىلىنىشنى بىلىدۇ. ۋاقتىنىڭ بەركىتى ئۇنى تەرتىپكە سېلىشتا كۆرۈلىدۇ. مۇسۇلمان كىشى ئىشلىرىدا رەتلىك بولسا ئاللاھ ئۇنىڭ ۋاقتىغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ.

ئاڭلىق مۇسۇلمان كىشىنىڭ ۋاقىتلىرى رەتلىك، تەرتىبلىك ۋە مىنۇت ئۆلچىمى بىلەن قىلىدىغان ئىشلىرى بەلگىلەنگەنلىك بولىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ مۇشۇنداق قىلىش موھىمدۇر، ۋاقىت ھاياتنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟

ئۈممەتلەرنىڭ تەرەققى قىلىشى، مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ياكى بۇ مىللەتنىڭ ئارقىدا قېلىشى ۋاقىت بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ھورۇن، كوچىلاردا دەلدەڭشىپ يۈرىدىغان، قەھۋەخانىلاردا لاغايلاپ يۈرىدىغان، قورسىقى ئاچسا كەلگەن يېرى بىلەن ئاستا ئۆيگە بېرىشنى بىلىدىغان ئۈممەت ھەرگىز روناق تاپالمايدۇ، بەلكى زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ. بۈگۈنكى بۇ ھايات ھورۇنلارغا ئەمەس ئىشلىگەنلەرگە ۋە ھەرىكەت قىلغانلارغا مەنسۇپتۇر.

مۇستەملىكىچى مىللەتلەر ئۇلارنى ئۇخلىغاچ تۇرسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا سۇسلۇق ۋە ھورۇنلۇقنىڭ باكتېرىيىسىنى تېرىۋەتكەن. ئۇلارنى يېيىشنى، ئىچىشنى ۋە نەسىللىنىشنى بىلىدىغان كۆلەڭگىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئۇلارغا خىزمەت بەرسىمۇ ئەھمىيەتسىز، ئاددى ئىشلارنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۇلاردىن سايمان ئورنىدا پايدىلانغان. قارا نىيەت مۇستەملىكىچىلەر ئىزىلگەن خەلقلەرنى بۇ ھىيلە بىلەن ئۇخلىتىپ، ئۇلارنىڭ بايلىقىنى بۇلاپ، ئەقىللىرىنى كاردىن چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئۆزى خالىغانچە بىرخىل شەكىلگە ئايلاندۇرىۋەتكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلماي، ئىزىلگەنلىكىنى تەقدىرگە ئارتىپ قويىشىدۇ.

مۇستەملىكىچىلەر شۇ يەرنىڭ ئىگىلىرى مۇستەملىكىنى قوبۇل قىلمىسا، بىر زېمىننى مۇستەملىكە قىلىۋېلالمايدۇ.

ئاڭ ـسەۋىيەلىك زىيالى ئىنسان ۋاقىتنىڭ قەدىر قىممىتىنى چۈشىنىدۇ. ئۇ شۇ ۋاقىتلىرىدا زامانى قاتلاپ، مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىشلارنى قىلالايدۇ. مانا ياپونىيە ئازغىنا ۋاقىت (10 يىل) ئىچىدە شۇنداق تېز تەرەققى قىلىپ كۆتىرىلىپ كەتتىغۇ ! ئەگەر ئۇلار ئۇخلىغان ۋە ھورۇنلۇق قىلغان بولسا شۇنداق بولۇپ قالارمىدى. مال-دۇنيانى قايتا تېپىۋالغىلى بولغان بىلەن ھاياتلىقنى ئىككىنچى قېتىم قايتا تېپىۋالغىلى بولمايدۇ.

نىزاملىق ئىش قىلىش مۆمىننىڭ بىردىن ـ بىر نىشانى ۋە ئالامىتىدۇر. قىلىدىغان ئىشلار ۋاقىتتىن كۆپتۇر، ئەگەر مۇسۇلمان ئىشلىرىنى رەتلىك بېجىرمەيدىكەن كۆپ ۋاقتى ۋە كۈچىدىن زىيان تارتىدۇ. ھەر بىر ئىشلىرىدا نىزاملىق، تەرتىپلىك ۋە سىستېمىلىق قەدەم بېسىش لازىم.

ئۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى قائىدىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك:

(ھەر بىر ئىشنى دەل ۋاقتىدا قىلىپ كۆنۈش؛

ھەپتىلىك بېجىرىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى تېزىملايدىغان خاتىرە تۇتۇپ، شۇ بويىچە ۋاقتقا رىئايە قىلىپ ئادەتلىنىش، جەدۋەل بولمىسا بۇ پىروگراممىنى ئۆزگەرتمەسلىك ؛

كۈندىلىك قىلىدىغان ئىشلىرىنى سائەتكە بۆلۈپ بىر تەرەپ قىلىش ؛

ۋاقىتلىرىنىڭ بىر- بىرىگە تاقىشىپ قالماسلىقىغا قاتتىق دىققەت قىلىش ؛

بىر ۋاقىتتا بىر قانچە ئىشنى بېجىرىۋېلىش ؛

ھەر كۈنى جەدۋەللەشكەن ۋاقتىغا رىئايە قىلدىمۇ ياكى قىلمىدىمۇ ئۆزىدىن ھېساپ ئېلىپ تۇرۇش؛

ھەر بىر ئىشقا مۇناسىپ ۋاقت بەلگىلەش لازىم).

## 9 - باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش

ئىسلام خىزمىتى باشقىلارنى خاتالىقتىن ۋە زايا بولۇپ كېتىشتىن قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان تەشۋىقاتتۇر. شۇڭلاشقا تەشۋىقاتچى بولغان ئىنسان باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " ئاللاھغا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان كىشىلەر باشقىلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان ئىنساندۇر " دېگەن. ئەمەلىيەتتە كۆپلىگەن كىشىلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە غەپلەتتە كېتىپ بارماقتا. ئۇلار توغرا يولغا يېتەكلەپ ماڭىدىغان ئادەملەرگە مۇھتاج بولماقتا، بۇ خىل ئەھۋال بىزنىڭ ئۇلارغا قارىتا ياردەم بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى باشقىلاردىن رەھمەت، مەدھىيە ۋە مەنپەئەت كۈتمەي ئۇلارغا خالىسانە ياخشىلىق قىلىشقا ئۆزىنى ئادەتلەندۈرىشى لازىم. باشقىلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىش تەشۋىقاتنىڭ تەقەززاسىدۇر.

ئىمام بەننا: ٌ تەلىماتلار ُ كۆرسەتمىسىدە مۇنداق دېگەن:

1 - مۇسۇلمان قېرىنداش ئاممىۋى خىزمەتلەرگە ئادەتلىنىشى، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش قولىدىن كەلسە خۇرسەنلىك بىلەن قىلىپ بېرىشى، كىشىلەرنى يوقلىشى ۋە ئاجىزلارغا غەمخورلۇق قىلىشى؛

2- قەلبى كۆكسى كېڭرى، رەھىمدىل بولىشى، ئەپۇچان بولىشى، كېڭچىلىك قىلىشى، كىشىلەر بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولىشى، ئىجتىمائى ئەخلاقلارغا رىئايە قىلىشى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرگە كۆيۈنىشى ۋە غەيۋەت- شىكايەتتىن يىراق بولىشى لازىم.

## 2 - باسقۇچ : ئىسلامى ئائىلە قۇرۇش

ئائىلە ئۇ جەمىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسى ھۈجەيرىدۇر. ئەگەر بۇ ھۈجەيرە ساغلام كۈچلۈك بولسا جەمىيەتمۇ ساغلام كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەت نەسلىنى قوغداش، ئۇلارنى گۇناھ ۋە كېسەللەردىن ساقلاش ۋە بالىلارنىڭ نەسىبىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن تۇرمۇش قۇرۇشنى يولغا قويدى. ئىسلام قانۇنىدا، ئىسلامى ئائىلىنىڭ نەقەدەر يوقۇرى ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكى روشەن مەسىلىدۇر. ئائىلە ھەر قانداق بىر جەمىيەتنىڭ ئۇرىغىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ تۈزۈلسە جەمىيەتمۇ تۈزۈلىدۇ.

ئىسلامى ئائىلە ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمى ھاياتىدىكى ئەڭ موھىم قۇرۇلمىلارنىڭ بىرى ھىساپلىنىدۇ. ئۇ كۈچلۈك ئالاقە رىشتىسىغا ئىگە ئىجتىمائى قۇرۇلما بولۇپ، ئائىلىنىڭ بەختى شۇ ئالاقە ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. ئائىلىنىڭ ئەزالىرى بۇ قۇرۇلمىنىڭ مەسئىلھەتچىلىرى ھىساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسى تەركىۋى ئەر ۋە ئىخلاسمەن سىر ساقلىغۇچى ئايالدىن تەركىپ تاپىدۇ. چۈنكى ئائىلە كەلگۈسىنىڭ ئاۋانگارتلىرى، بىنانىڭ ھۇلى ۋە ۋەتەننىڭ قورغىنى بولغان پەرزەنتلەرنى يېتۈشتۈرۈپ چىقىش ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئىسلامى ئائىلە نەمۇنىلىك پەرزەنتلەرنى جەمىيەتكە تەربىيىلەپ بېرىدۇ. مۇسۇلمان ئائىلە كىچىك بىر جەمىيەت بولۇپ دوستلۇق، رەھىمدىللىك، ماددى ۋە مەنىۋى خاتىرجەملىك ئۈستىگە

قۇرۇلغاندۇر. ئىسلامى ئائىلە ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتە مەكتەپ، جەمىيەت بىلەن ھەمكارلاشقان بولسا، بۇ ئائىلىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە ئەڭ چوڭ ھەسسىسى بولغان بولىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ تەربىيىلەنگەنلىكىنىڭ، ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىشتا ياخشى تەسىرىنىڭ بارلىقى تەبىئىي مەسىلىدۇر. ئەر بىلەن ئايال تۈزۈلسە، ئىسلامىيەت ئوتتۇرىغا قويغان قائىدە ئۈستىگە نەمۇنىلىك ئائىلە قۇرۇشقا قادىر بولالايدۇ. ئىسلامىيەت ئائىلىنىڭ قائىدىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەر بىرەيلەننىڭ ھەق ـ ھوقۇقى ۋە ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بەردى. ھەر ئىككەيلەنگە مۇۋىسى پىشىپ يېتىلگەنگە قەدەر بۇ تۇرمۇشنىڭ مۇۋىسگە كۆڭۈل بۆلۈشنى ۋاجىپ قىلىپ بېكىتتى. ئەر- ئاياللىق ھاياتىغا توسالغۇ بولىۋالىدىغان قىيىنچىلىقلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلدى.

شۇڭا بىرىنچى باسقۇچنى نەتىجە بىلەن بېسىپ ئۆتكەن تەشۋىقاتچى، ئائىلە ھايات ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى قوغداپ ئىھتىرام نەزىرى بىلەن قارايدىغان ئىسلامى ئائىلە قۇرۇشى ۋە دەۋەت خىزمىتىگە ماسلىشىپ ياردەملىشىدىغان ياخشى قىز تاللىشى لازىم. ئەگەر ئۇ تاللىغان قىز ئىسلامنىڭ ئەدەپ- ئەخلاقىغا رىئايە قىلمايدىغان قىز بولۇپ قالسا، تەشۋىقاتچىنىڭ يولىغا توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ. قىسقىسى تەشۋىقاتچىنى دەۋەت يولىدىن توسىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق قىز تاللاشقا رىغبەتلەندۈرگەنىدى. ئىسلامىيەت ھايات شېرىكى، ئۆمۈر ھەمرىيى بولىدىغان قىزنى ياخشى تاللاشنى قاتتىق تەكىتلىدى. ئىسلامدىكى تۇرمۇش قۇرۇشنىڭ تۈنجى نىشانى، تەشۋىقات ۋەزىپىسنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان ياخشى ئاۋانگارت پەرزەنتلەرنى تەربىيلەپ چىقىشتۇر.

<u>3- باسقۇچ : جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىش</u>

موھىتنىڭ ئادەم تەربىيىلەشتە كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان موھىم تەسىرى بار، دەسلەپكى ئىسلام جەمىيتىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن شەخسلەرگە قارايدىغان بولساق ئۇلار ئىسلام تەربىيىسى بىلەن تەربىيىلىنىپ، ئىمان بىلەن قەلبىنى ساپلاشتۇرىدىغان ھەرىكەتلەرگە مۇھتاج بولمىغان ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ جەمىيتى ئىسلامى ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى.

ئۇ جەمىيەتتە ئۆسۈپ يېتىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئۇ جەمىيەتنىڭ ئادىتى بىلەن قوراللانغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر خىزمەت قىلىۋاتقان ئىسلامى تەشكىلاتلار، ئەزالىرىنىڭ ۋە ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ پاساتچىلىقنىڭ قاينىمى ۋە پىتنىنىڭ ئوتىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ئىسلامى جەمىيەتنى قۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە. تەشۋىقاتچىلار ئائىلىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، جەمىيەتتىن ئۆزلىرىنى بىر چەتكە تارتىشى توغرا بولمايدۇ. جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە: {سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ياخشى ئىشلارغا چاقىرىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن چەكلەيدىغان بىر تەشكىل (تەشكىلات ، پارتىيە) بولسۇن } دېدى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " ئاللاھنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن چېگراسىغا رىئايە قىلىپ تۇرغان ئادەم بىلەن چېگرادىن ھالقىپ ئېشىپ كەتكەن ئادەمنىڭ مىسالى، كېمىدە ئورۇن تالىشىپ قېلىپ، ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۆز- ئارا چەك تاشلاشقان ئادەملەرگە ئوخشايدۇ، چەك تاشلاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بەزىسى كېمىنىڭ ئۈستىگە ئېرىشكەن بولۇپ يەنە بەزىلىرى كېمىنىڭ ئاستىن قەۋىتىگە ( ئىچىگە) ئېرىشكەن. ئاستىن قەۋەتتە تۇرىۋاتقانلار سۇ ئالماقچى بولسا ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتەتتى،

ئاستىدىكىلەر ئۆز- ئارا ئويلىشىپ، ئەگەر بىز كېمىنىڭ ئاستىدىن بىر نەچچە تال شالنى قومۇرۇپ ئېلىپ سۇنى مۇشۇ يەردىنلا ئالساق ئۆزىمىزمۇ جاپا تارتمايدىكەنمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈستىدىكى كىشىلەرگە ئۆتۈش ئىشلىرى بىلەن ئازار بەرمىگىدەكمىز دېيىشتى. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۈستىدىكىلەر بۇلارنى بۇ ئوي - پىكرىدىن توسۇۋالماي، بۇلارنىڭ خالىغان ئىشلىرىغا قويۇپ بەرسە كېمىنىڭ چۆكۈپ كېتىش نەتىجىسىدە ھەممىسى تەڭ تۈگىشىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنى توسۇپ قالالىسا ھەممىسى ساق قالىدۇ" دەپ جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر مەسىلە ئىكەنلىكىنى مىسال تەرىقىسىدە بايان قىلىپ بەرگەن.

مەسىلە مۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامىيەتكە كېڭىرى دائىرىدە تەشۋىق ئېلىپ بېرىش ۋە جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىمىز دەپ ئويلاپ، خاتا ئىش قىلىۋاتقانلارنىڭ ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانلارنىڭ قولىنى تۇتىۋالماق لازىمدۇر.

جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىش خەلقنى ياخشى ئىشلارغا قىزىقتۇرۇپ، رەزىللىككە قارشى ئوت ئېچىپ، پەزىلەتكە رىغبەتلەندۈرۈپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ئىسلام پىكرىنى ئومۇمى خەلق پىكرىگە ئايلاندۇرۇپ، ئومۇمى ھايات مەيدانىنى ئىسلامى بوياق بىلەن بوياشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇنداق بولىشى ئۈچۈن ئىسلام تەشۋىقاتىنى كىشىلەر نىڭ ئۆيلىرىدە، سورۇنلىرىدا، بالا چاقىلىرى ۋە دوس -بۇرادەرلىرى بىلەن پاراڭلىشىدىغان موھىم مەسىلىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش كېرەك.

ئىسلامى تەشۋىقاتقا ئەھمىيەت بىرىشىمىز، ئۇنى ھەر قانداق سورۇن ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا قەدەر كېڭەيتىشىمىز، قولايلىق پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىشىمىز موھىمدۇر. ئىسلامىيەت ۋىجدانلاردا گۈللىنىپ، كىشىلەرنىڭ مەشغۇلاتىغا ئايلانغانغا قەدەر يېزىقچىلىق، نۇتۇق، نەسىھەت قىلىش، ھەرىكەت قىلىش ۋە خىزمەت قىلىشتىن توختاپ قالماسلىقىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى ئاللاھ يولىغا تەشۋىق قىلىدىغان دىنىدۇر، شۇڭلاشقا دۇنيانى قۇرئان نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرۇپ گۈللەندۈرۈشكە جىددى قەدەم بېسىشىمىز لازىم. بىزنىڭ دىنىمىز ھەق ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان دىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ غايىمىز مۇسۇلمانلارنى بەختلىك قىلىش دائىرىسىدە توختاپ قالمايدۇ، بەلكى پۈتۈن ئىنسانلار ھىدايەت تاپقانغا قەدەر سوزۇلىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا: { بىز سىنى پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق } دېدى [1].

جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىش باسقۇچى، ئىسلام خىزمىتى نىشانىنىڭ ئەڭ يوقۇرىسى ھىساپلىنىدۇ. ئاللاھ بۇ توغرىدا :{ سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھغا ئىشىنىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر } دېدى[2].

ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئاساسى پۇختا، مۇستەھكەم بولىشى لازىم. بىنا قانچە ئېگىز بولسا شۇنچە چىڭ ھەم مۇقىم ئاساسقا مۇھتاج بولىدۇ.

ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ ئىسلام جەمىيتىنى تۇرغۇزۇشى خۇتبە، لىكسىيە ياكى كىتاپ - ئەسەرلەرنى يېزىش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدىغان ئاسان ئىش ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ زىھنىدا ئويغۇق بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ قەدەم بېسىش نۇقتىسى بولۇشى ئۈچۈن مىللەت ئوغلانلىرىغا

---

[2] ئالى ئىمران سۈرىسى 110 - ئايەت .

www.islamyoli.net

يۈزلەندۈرۈلگەن بۇ تەشۋىقاتنىڭ تەبىئىتىنى ئەينەن ئىپادىلاشقا تىگىشلىكتۇر. بۇ مەسىلە ھەققىدە تەشۋىقات تەجرىبىسىنى بىشىدىن ئۆتكۈزگەن ئالىملارنىڭ پىكرلىرىنى بىلىش لازىم.

بۇ يىتەكچىلەرنىڭ پىكرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەشۋىقات مەيدانىدىكى تەجرىبىسىنى بىر قاتار كۆرۈپ چىققان كىشى ئەلبەتتە ھازىرقى زامان ئىسلامى ھەرىكەت ئوغلانلىرىنىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان موھىم بىرقانچە ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ھىس قىلىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ موھىملىرى تۆۋەندىكىچە :

1 - ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىدىغان، گۈزەل خىسلەتلەر بىلەن ئەخلاقلىنىدىغان كىشلەرگە ئوخشاش مۇسۇلمان بولۇشىمىز بىلەنلا دىنىمىزنىڭ كۆپايىلىنىپ قالمايدىغانلىغىنى ھەرىكەت ئوغلانلىرى بىلىشى كىرەك. ئىسلامىيەت بۇ چۈشەنچە بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ.

ئۇستاز مۇستەپا مەشھۇر مۇنداق دەيدۇ : " ئىسلام دىنىمىز بىرلىك دىنىدۇر. ئۇ ھايات نىزامى، ھۆكۈم، قانۇن، دۆلەت، جىھاد ۋە بىر ئۈممەتتۇر. ئىسلامىيەتنى بۇ خىل ئاڭدا توغرا چۈشىنىش، جەمىيەتنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، قانۇنى ۋە ئىجتىمائى تەرەپلىرىنىڭ ھەممە ساھەسىدە ئىسلامى قائىدە-پىرىنسىپلىرى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىزنىڭ ئورۇندىشىمىزغا تىگىشلىك مەسئۇلىيەت ۋە ئومۇمى ۋەزىپىلەرنى پەرز قىلىدۇ. بۇ دىنىنىڭ زىمىندا مۇقىملىششى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز ۋە ئۇنى پۈتۈن كىشلەرگە يەتكۈزىشىمىز ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىمىز بىزنىڭ بۇ دىنغا بولغان ۋەزىپىلىرىمىزنىڭ قاتارىدىندۇر.

2 - بۇ تەشۋىقاتنىڭ كىشلەرنى ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىگە مۇستەھكەم ئىپسىلىشقا قىزىقتۇرۇش ئۈستىگە قۇرۇلشى ۋاجىب ئىكەنلىكىنى بۇلار بىلىشى كىرەك. ئىسلام جەمىيىتىنى قۇرۇش ھاكىملار ياكى ئالىملارنىڭلا ۋەزىپىسى بولۇپ قالماستىن، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىدۇر.

3 - ئىسلام خىزمىتىنىڭ يولى ۋە تەشۋىقات يولى قىيىن ھەم جاپالىق يول ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم. تەشۋىقات يولى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى ئارقىلىق باشلانغاندىن تارتىپ تا بۈگۈنگە قەدەر كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يولغا گۈل، چىچەكلەر تىزىلغان ۋە يېيىلغان ئەمەس.

ئۇستاز يەتھى يەكەن مۇنداق دەيدۇ : " بۇنىڭغا ئوخشاش جاپا - مۇشەققەتلىك يول، بۇنىڭدەك چوڭ نىشانلار ۋە بۇنىڭدەك چوڭ مەسئۇلىيەتلەرگە ئىمانى ئاجىز ئادەملەر بەرداشلىق بىرەلمەيدۇ. بۇنداق ئىشلارغا ھاياتىنى ئاللاھ يولىدا جىھادقا ئاتىۋەتكەن ئادەمدىن باشقىسى كۆكرىكىنى كىيىپ چىقالمايدۇ ۋە چىڭ تۇرالمايدۇ. ئىسلام خىزمىتىنى قىلىش شەرىپىگە تىلى بىلەنلا تەشۋىق قىلىپ قويغان ياكى بايان - نۇتۇقنى پاساھەتلىك چىقىرىپ ۋاقىراپ قويغان ئادەملەر ئىرىشەلمەيدۇ. بۇ شەرەپكە ئىسلام ئۈچۈن ياشايدىغان، ئىسلام ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان، ئاللاھنى زىكرى قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن جىھاد قىلىش يولىدىن تىجارەت، مال - دۇنيا ئىشلىرى توسالغۇ بولالمايدىغان ئادەملەر ئىرىشەلەيدۇ ".

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلام جەمىيىتىنى تۇرغۇزىمىز دەپ تەشۋىق قىلىۋاتقانلار جەمىيەت تەرىپىدىن قاتتىق، قوپال مۇئامىلىگە دۇچ كىلىدىغانلىقلىرىنى بىلىشى لازىم. شۇنداقلا ئۇ جەمىيەتنىڭ ئۆزى ئادەتلىنىپ كەلگەن ۋە داۋاملاشتۇرۇپ كىلىۋاتقان ئۆرپ - ئادەتلىرىنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن كۈچىنىڭ بىرىچە تەشۋىقاتچىلار بىلەن تىركىشىدىغانلىقىنىمۇ بىلىشى كىرەك.

4 ـ تەشۋىقاتچىلارنىڭ تەشۋىقاتنى كىشىلەرنىڭ زېھنىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقان ۋاستىلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋەبىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلىشى لازىم. خۇسۇسەن بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە ئىلگىرىكى زامانىدا تېپىلمايدىغان يېڭى ۋاستىلار بارلىققا كەلدى. شۇڭا تەشۋىقاتچىلار تەشۋىقاتنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ ۋاستىلارنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنىشى لازىم. ئىمام بەننا مۇنداق دەيدۇ : " ھازىرقى تەشۋىقات ۋاستىلىرى تۈنۈگۈنكىگە ئوخشىمايدۇ. تۈنۈگۈنكى تەشۋىقات ۋاستىلىرى خۇتبىدە ياكى يىغىلىشتا سۆزلىنىدىغان سۆز ياكى رىسالە ۋە مەكتۇبقا يېزىلىدىغان سۆز ئارقىلىق بولاتتى. ئەمما بۈگۈنكى تەشۋىقات ۋاستىلىرى ژورنال، گېزىت، رىسالە، دىراما، ئۇنئالغۇ، رادىيو ۋە تېلېۋىزور ئارقىلىق بولىۋاتىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىسلام ئىدىيىسى پۈتۈن كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئۇلار نەدە بولمىسۇن تېز ۋاقىت ئىچىدە يېتىپ بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇڭا ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرىمۇ قىلغان ئىشلىرىنىڭ تېز ۋاقىت ئىچىدە ئۈنۈم بېرىشى ئۈچۈن بۇ ۋاستىلاردىن تولۇق پايدىلىنىشى لازىم.

5 ـ تەشۋىقاتچى ئىسلام تەلىماتىنى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتكە ئاساسلىنىپ تولۇق روشەن شەكىلدە شەرھىلەپ بېرىشى كېرەك.

تەشۋىقاتچى مەسىلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جىھاد قىلىشى، ھاياتلا بولىدىكەن كۆرەش قىلىشى، پۈتۈن كىشىلەرگە تەشۋىق قىلىشى، بۇ يولدا بارلىق نەرسىسىنى ئىشلىتىشى، شۇ ئارقىلىق ئىززەت ـ شەرەپ بىلەن ياشىشى ياكى مەرتىلەرچە قۇربان بولىشى لازىم.

## <u>4 ـ باسقۇچ : ئىسلام ۋەتىنىنى ئازات قىلىش</u>

ئىسلام ۋەتىنىنى سىياسى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە روھى تەرەپتىن، غەرب ياكى شەرق، خىرستىيان ياكى كوممۇنىستلاردىن ئىبارەت ھەر بىر يات ھۆكۈمرانلىق تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان زېمىنىنى ئازات قىلىش لازىم. چۈنكى ئىسلام دىنى ھەر تۈرلۈك شەكىلدىكى خارلىق ۋە زۇلۇم بىلەن كۆرەش قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە خارلىق ۋە زۇلۇمنى قوبۇل قىلغان كىشىلەرنى دوزاققا كىرگۈزۈش بىلەن ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەت قىلماي كاپىرلار بىلەن بىللە رازى بولۇپ تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: ﴾ (دىنىڭلار نىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلار: "زېمىندا (يەنى مەككە زېمىندا) بىز (دىنىنى بەربا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق "ُ دەيدۇ. پەرىشتىلەر : ﴾ ھىجرەت قىلساڭلار ئاللاھ نىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى ؟ دەيدۇ، ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان) لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمە دېگەن يامان جاي! ﴿ [1]

مۇسۇلمانلار خارلىشىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنسا جىھاد ھەر بىرئەر ۋە ئايال مۇسۇلمانغا پەرز ئەينىگە ئايلىنىدۇ. ئاللاھ بۇ توغرۇلۇق : " دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار ئاللاھ يولىدا (جېنىنى، پۇل ـ مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر بېرىمىز ﴿ دېدى [2].

مۇستەملىكىچىلىك دېگەنلىك پەقەتلا چەتئەل قوشۇنلىرىنىڭ ئىسلام زېمىنىنى بېسىپ تۇرۇشى دېگەنلىك ئەمەس. مۇستەملىكىچىلىك بەزى ۋاقىتلاردا ئىقتىسادى تەرەپتىن ياكى ئىدئولوگىيە ياكى

ھەربى تەرەپتىن بولىدۇ. ئىدئولوگىيە ياكى ئىقتىسادى مۇستەملىكچىلىك ھەربى مۇستەملىكچىلىكتىن خەتەر جەھەتتە ئاز ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىزگە قارىتا ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشان ۋە ئىنچىكە تۈزۈلگەن پىلان ئىچىدە مەدەنىيەت ۋە روھى ھۇجۇمنى تۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. كۆپلىگەن ئىسلام ئەللىرىدىكى مائارىپ تۈزۈمى ئىسلام دۇنياسىنى 25 يىل ئىچىدە دىنىدىن ئايرىۋېتىشنىڭ شەكلى ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان " زۇۋەيمىر " ناملىق پوپنىڭ رىياسەتچىلىكى ئاستىدا 1902 يىلى ھىندىستاندا ئېچىلغان (لىكىنو قۇرۇلتىيى) نىڭ قارارى بىلەن تامامەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: { ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار، كاپىرلار، يەھۇدىلار، خرىستىيانلار) ئاللاھنىڭ نۇرىنى (ئىسلام دىنىنى) ئېغىزلىرى (يەنى يالغان - ياپىداق بوھتانلىرى) بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ، ئاللاھ ئۆز نۇرىنى، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ } دېدى[1].

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ياشلىرى روھى، ئەقلى ياكى ئۆرپى - ئادەت تەرەپتىن بولسۇن كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشى لازىم. ئاللاھ قۇرئاندا: { ئاللاھ كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ } " دەيدۇ[2].

ئىسلام ياشلىرى بارلىق ئىسلام ۋەتىنىدىن مۇستەملىكچىلەرنى ئىقتىسادى، سىياسى، ئىدئولوگىيە، ھەربى، شەرقى ياكى غەربى تەرەپلەردىن بولسۇن ئومۇمى شەكىللىرى بىلەن قوشۇپ قوغلاپ چىقىرىشى لازىم.

يەنە ئاللاھ قۇرئاندا: { ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە(دۇئا قىلىپ): " ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل " دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر،ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر } دەيدۇ[3].

مۇسۇلمانىنىڭ قىنى دۇنيادىكى باھاسى ئەڭ ئەرزان باھالىق قان بولۇپ تۆكۈلمەكتە. بۇ قىسقا ئىبارەت بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دەرت ئەلەملىرىنى خۇلاسىلىغىلى بولىدۇ. شەرقتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى غەربتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىدىن كۆپ پەرىق ئەتمەيدۇ. بۇ مەسىلىنى بايان قىلىش ھاجەتسىز. چۈنكى گېزىت - ژورناللارغا قارايدىغان بولساق بۇ ئەھۋاللارنى كۆرەلەيمىز. دۇنيادىكى قىيىنچىلىقى بار ئورۇنلار ئاساسەن دېگىدەك ئىسلام دىيارلىرىدىن ئىبارەت بولماقتا.

5 - باسقۇچ: ئىسلام ھۆكمىنى تۇرغۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىش:

كۆپ يۇخرالىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، چەتئەل مۇستەملىكىسىدىن ئازات بولغان بىر جەمىيەتتىكى خەلقنىڭ ئىسلام ھۆكمىدىن باشقا بىر ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىشى تەبئى ئىش ئەمەس. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئومۇمى پرىنسىپلىرىگە ياكى ئۇنىڭ قانۇنى روھىغا زىت كېلىدىغان ھەر قانداق بىر پرىنسىپنى قوللۇنۇشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى. شەرىئەتتىن باشقا بىرەر پرىنسىپنى تەدبىقلاشتىن قەتئى مەنئى قىلدى. ئىسلام شەرىئىتىدىن باشقا بىر پرىنسىپقا ئەمەل قىلغانلىقىنى خاھىشگە ئەگەشكەنلىك، باشقىلارنى ئازدۇرغانلىق ۋە قۇرئان كەرىمگە كاپىر بولغانلىق دەپ ھىساپلىدى.

زېمىنـدا ئىسلام ھۆكمىنى تىكلەش ئاسان قىلغىلى بولىدىغان ئارزۇ ئەمەس. بەلكى ئۇ جىددى كۆرەش ۋە قىيىن سىناقتىن ئىبارەت. ئىسلام دىنى ئىلگىرى ئەبۇ جەھل ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي قاتارلىقلار ئۈستىدىن غەلبە قىلغاندەك يەنە ھازىرمۇ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلبە قىلىدۇ.

ئىمام بەننا ئىسلام ھەرىكىتى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ سۈپەتلىرىنى " تەلىماتلار " رىسالىسىدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: " ئىسلام ھۆكۈمىتى دېگەنلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى ئۇچۇق ئاشكارا گۇناھ سادىر قىلمايدىغان، ئىسلامنىڭ پەرزلىرىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان ۋە ئىسلامنىڭ ھۆكۈم تەلىماتلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولۇشى دېگەنلىكتۇر. ئۇ ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈممەتكە خىزمەتچى سۈپىتىدە ئورۇنلايدۇ. بۇ ھۆكۈمەت زۆرۈر تېپىلغاندا -چوڭ موھىم مەنسەپلەردىن باشقا ئورۇنلاردا - مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرنى ئىشلىتىپ پايدىلانسا مەسىلە يوق. ھۆكۈمەتنىڭ شەكلى ئىسلامنىڭ ھۆكۈم نىزامىدىكى ئومۇمى قائىدىلەرگە ئۇيغۇن بولىدىكەن، ھۆكۈمەت قايسى بىر خىل شەكىل ياكى قايسى بىر تۈرنى قوللانسا مەسىلە يوق.

ھۆكۈمەتنىڭ سۈپىتىدىن: مەسئۇلىيەتنى تونۇش، خەلققە كۆيۈنۈش، خەلق ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش، خەلق ئىقتىسادىنى شەخسى مەنپەئەتكە ئىشلەتمەسلىك.

ۋەزىپىلىرىدىن: بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش، مائارىپنى گۈللەندۈرۈش، ھەربى كۈچنى تەرەققى قىلدۇرۇش، سەھىيە ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، ئومۇمى خەلق مەنپەئەتىگە رىئايە قىلىش، ئىقتىساتنى جانلاندۇرۇش، ئۇنى ھىمايە قىلىش، ئەخلاقنى كۈچەيتىش ۋە تەشۋىقاتنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش ئىبارەت.

ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلسا ئېرىشىدىغان ھەق-ھوقۇقى: ئەگەر ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىيالىسا ،پۇخرالارنىڭ بۇ ھۆكۈمەتكە جېنى ۋە مال -مۈلۈكلىرى بىلەن ياردەم بېرىشى، ئىتائەت قىلىشى لازىمدۇر. ئەگەر ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىنى تولۇق ئۆتىيەلمىسە ئۇنىڭغا دەسلەپتە نەسىھەت قىلىشى، توغرا يوللارنى كۆرسىتىشى، ئۇمۇ پايدا قىلمىغاندا ئاندىن ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىشى لازىم، چۈنكى ئاللاھقا گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردا، بەندىگە ئىتائەت قىلغىلى بولمايدۇ.

### 6 - باسقۇچ : ئىسلام ئۈممىتىنىڭ خەلقئارالىق نوپۇزىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش:

ئىسلام دىيارلىرىدىن بىرەر دىياردا ئىسلام دۆلىتى مەيدانغا كەلسە، بۇ دۆلەت تۆۋەندىكى ئىشلارنى بېجىرىشى لازىم :

1 - بۈيۈك ئىسلام ۋەتىنىگە تەۋە ھەربىر غېرىچ زېمىننى چەتئەل ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازات قىلىش؛

2 - ئىسلامى بىرلىك ئىدىيىسىنى گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق ئىسلام خەلىپىلىگىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش زۆرۈر.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ خەلقئارالىق نوپۇزىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇقەددەس مەجبۇرىيەتلەرنىڭ بىرسىدۇر. ئاللاھ نىڭ ئىسمى بايان قىلىنغان ھەر بىر غېرىچ زېمىن ئىسلام ۋەتىنى ھېساپلىنىدۇ. ئاللاھ ھەققەتەن توغرا ئېيتقان : { سىلەرنىڭ ئۈممىتىڭلار ھەقىقەتەن بىرئۈممەت، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار}.[1]

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 92 - ئايەت .

ئىسلام ۋەتىنىنىڭ تېررىتورىيە دائىرىسى 35 مىليون كۋادرات كىلو مېترغا يېتىپ، بىر مىليارتتىن ئارتۇق ئىنسانلار بىرخىل تۇيغۇنى ھېس قىلاتتى، ئۇلارنى بىرئەقىدە باغلاپ تۇراتتى. ... مۇستەملىكىچىلەر بۇ بۈيۈك ئۈممەتنى پارچىلاپ، دۆلەت ۋە پارتىيىلەرگە بۆلۈپ تاشلىدى.. ئاللاھ قۇرئاندا بۆلۈنۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ : {ھەربىر پىرقە، ھەر بىر پارتىيە ئۆزىنىڭ قىلمىشاتقان ئىشلىرىدىن خۇرسەندۇر}ُ دېدى. [2]

يەنە : {دىنىدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلىدىغانلاردىن سەن ئادا ـ جۇدا سەن } دېدى. [1]

ئىسلامنىڭ خەلىپىلىكتىن ئىبارەت بۈيۈك قۇرۇلۇش ئۆرۈلۈپ چۈشتى، بۈيۈك ئۈممەت ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان ئۇششاق دۆلەتلەرگە ۋە ۋىلايەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتتى.

ئىسلام دۆلىتىنىڭ بىردىن ـ بىر ۋەزىپىسى باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىنى يېتەكلەپ مېڭىش، مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە يوقۇلۇپ كەتكەن نوپۇزىنى قايتا تىكلەشتىن ئىبارەت. بۇ ئاللاھغا نىسبەتەن قىيىن ئىش ئەمەس. بۇنداق كۈنلەر كىشلەر ئارىسىدا ئالمىشىپ تۇرىدۇ. پۈتۈن ئىنسانلار ئىسلامنىڭ تەلىماتى بىلەن بەختىنى تېپىۋېلىشى ئۈچۈن بۇ دۆلەت جىھاد ۋە تەشۋىقات بايرىقىنى تەڭ كۆتۈرىشى لازىم. بۇ يەردىكى جىھاد قىلىشتىن مەقسەت، ھەقىقەت بىلەن ئادالەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئاللاھنىڭ سۆزىنىڭ زېمىندا ئۈستۈن بولىشى ئۈچۈن، ئەقىدىنى ھىمايە قىلىش ۋە تەشۋىقات ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە خىزمەت قىلىش دېگەنلىكتۇر.

### 7 ـ باسقۇچ : ئالەمنىڭ يېتەكچىلىك ۋەزىپىسىنى قىلىش:

ئىسلام تەشۋىقاتىنى ئالەمنىڭ بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىغىچە قانات يايدۇرۇش، ئىسلام دۆلىتىنىڭ رەھمىتى ۋە بەركىتىنى يەر شارىدىكى خەلقلەرگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئالەمنىڭ يېتەكچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش كېرەك.

ئىمام بەننا: ّ" يېڭى باسقۇچتىكى تەشۋىقاتىمىز ُ" ناملىق رىسالىدە بۇ باسقۇچ ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ : "ئىنسانپەرۋەرلىك بىزنىڭ يوقۇرى نىشانىمىز ۋە بۈيۈك غايىمىزدۇر، ئۇ ئىسلاھات قىسمىدىكى ھالقىلارنىڭ ئاخىرقى تۈگەنجىسىدۇر. ئۈممەتلەرنىڭ تونۇلىشىشى، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشىشى، كۈچ- قۇۋۋەت پەيدا قىلىشى ئۈچۈن ئاجىزلارنىڭ بىرلىشىشى، بۆلۈنۈپ كەتكەنلەرنىڭ قايتىدىن بىر ـ بىرىگە قوشۇلىشى، ئىنسانىيەت جەمىيىتىدە خەلقئارالىق(بىرلىك) پىكرىنىڭ باش رولىنى ئىگەللەيدىغانلىقىغا ئاساس سېلىپ بېرىدۇ.

ئىسلام دىنى دۇنياغا بۇ يولنى بەلگىلەپ بەردى. دەسلەپتە ئەقىدىنى بىرلەشتۈرۈپ ئاندىن نىزام بىلەن خىزمەتلەرنى بىرلەشتۈردى. چۈنكى كىشىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىر، دىنىنىڭ ئاساسى بىر، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ زاتلار، ساماۋى كىتاپلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن. ئۇنداقتا بۇ يەردىكى غايە قەبىلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا يېقىنلىشىدۇر. ئاللاھ : {ّ ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نۇھقا

---

[2] رۇم سۈرىسى 32 ـ ئايەت .

[1] ئەنئام سۈرىسى 159 ـ ئايەت .

تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا بىز ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا ۋە ئىيساغا بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى يولغا قويدى. سىلەر دىننى بەرپا قىلىڭلار، دىندا بۆلگۈنچىلىك قىلماڭلار ُ { دېدى. (1)

يەنە: { شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) سىلەرنىڭ كىشلەرگە گۇۋاھچى بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە گۇۋاھچى بولۇشى ئۈچۈن بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق { دېدى. (2)

قۇرئان كەرىم ئەرەپ تىلى بىلەن چۈشۈرۈلگەن، ئۇ بۇ دىننىڭ ئاساسىدۇر، ناماز بولسا ئاللاھغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ ياخشى ۋاستىدۇر. ئۇ ئىمانىنىڭ بىرلىكىدىن كېيىن تىلنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ئەمەلى ۋاستىدۇر. بۇ تەشۋىقاتىمىز باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلىدىغان تەشۋىقاتتۇر، ئۇنىڭ ئارقىمۇ -ئارقا بىر -بىرلەپ ئەمەلىيلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىكە ئىگە بولغانلىقى ۋە ئىسلام تەشۋىقاتىنىڭ بارلىق ئىنسانلارغا يۈزلەندۈرۈلگەن خەلقئارالىق تەشۋىقات ئىكەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ باسقۇچ ئىسلام تەشۋىقات باسقۇچلىرى قىسمىدىكى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچدۇر.ئۇ باسقۇچ ئىسلام تەشۋىقاتىنى دۇنياغا تارقىتىش ئارقىلىق ئالەمنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتۇر. ئىنسانلار قېرىنداشلىق بايرىقى ئاستىغا كېلىپ ئۇنى يوقىرى كۆتۈرمىگىچە، كىشلەرنىڭ ئەمنلىك ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس. كىشلەر بۇنىڭغا ئىسلامدىن باشقا يېتەكلەپ ماڭىدىغان مۇۋاپىق يول تاپالمايدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە: { ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز بىر ئەر بىر ئايالدىن، بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز -ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر { دېدى. (1)

## ئىككىنچى بۆلۈم

---

(1) شۇرا سۈرىسى 13 - ئايەت .

(2) بەقەر سۈرىسى 142 - ئايەت .

(1) ھوجۇرات سۈرىسى 13 - ئايەت .

## تەشۋىقاتنىڭ مەخپىيەتچىلىك ۋە ئاشكارىلىق

### تەشۋىقات يولىنىڭ باسقۇچلىرى

ئىمام بەننا " تەلىماتلار " ناملىق رىسالدە بەيئەتنىڭ ئىتائەت تارمىقى ھەققىدە سۆز قىلىش ئارلىقىدا تەشۋىقاتنىڭ باسقۇچلىرى توغۇرلۇق توختۇلۇپ، بۇ تەشۋىقاتنىڭ جەريانىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلدى:

<u>1 - تونۇشتۇرۇش باسقۇچى</u> : ئۇ تەشۋىقاتنى مۇمكىن بولغان بارلىق ۋاستىلار بىلەن كىشلەرگە تونۇشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ باسقۇچتىكى تەشۋىقات نىزامى ئىدارە جەمىيەتنىڭ نىزامىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇ باسقۇچتىكى تەشۋىقاتنىڭ ۋەزىپىسى ياخشى ئىشلارغا ئاتلىنىشدۇر، ۋاستىسى بولسا نەسھەت قىلىش، توغرا يولغا يېتەكلەش، پايدىلىق قۇرۇلمىلارنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلمى ۋاستىلارنى بەربا قىلىشتۇر، بۇ باسقۇچتىكى تەشۋىقات ھەممە كىشلەرگە ئومۇمى بولىدۇ.

بۇ باسقۇچتا تەشكىلاتقا قوشۇلۇپ ھەسسە قوشۇشنى ئىرادە قىلغان، تەشۋىقاتنىڭ پىرىنسىپلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ۋەدە بەرگەن ئادەمنىڭ ھەممىسى تەشكىلات بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ. بۇ باسقۇچتا تولۇق ئىتائەت قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ، بەلكى پارتىيىنىڭ نىزامى ۋە ئومۇمى پىرىنسىپلىرىنى ھۆرمەتلەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

<u>2 - تەربىيىلەش باسقۇچى</u> : بۇ باسقۇچ ئاۋانگارت مۆمىنلەرنى يېتىلدۈرۈپ چىقىش ۋە ئۇلارنى ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن تەربىيىلەش ئۈچۈن، ياردەمچىلەرنى تاللاش ئاساسىدا تۈرغۈزۈلىدۇ.

بۇ باسقۇچ ئۈچ خىل شەكىل بىلەن ئورۇنلىنىدۇ :

(1) - " باتالىيون" سەپ ئارىسىدا ئۆز ـ ئارا تونۇشۇش پەيدا قىلىش ئارقىلىق كۈچلەندۈرۈش، روھلارنىڭ بىر - بىرىگە ئارلىششى، كۆڭۈپ قالغان ئادەتلەر بىلەن كۆرەش قىلىش، ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىنى ياخشىلاش، ئۇنىڭدىن غەلبە تەلەپ قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. مانا بۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ روھى تەربىيە پاكولتېتىدۇر.

(2)- " گورپا " رازۋېتچىك ۋە تەنھەرىكەت ئويۇنلىرى گورۇپپىسى مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق قېرىنداشلارنىڭ بەدىنىنى كۈچلەندۈرۈش، ئۇلارنى ئىتائەت، ئىنتىزامچانلىق ۋە ياخشى تەنھەرىكەت ئويۇنلىرىغا ئادەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئىسلامىيەت ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز قىلغان ھەقىقى ئەسكەرلىك ئۆلچىمى بىلەن يېتىلدۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق سەپنى كۈچلەندۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ جىسمانى تەربىيە پاكولتېتىدۇر.

(3) - " تەلىماتلار دەرسلىكى " قېرىنداشلارنىڭ گورۇپپىسى ياكى ئائىلە ياكى مەركەزلىردە ئاساس قىلىنىدۇ. مۇسۇلمان قېرىنداشنىڭ دىنى ۋە دۇنيالىقىغا ئالاقىدار زۆرۈر بولغان موھىم مەسىلىلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىدئولوگىيە ۋە ئەقلى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ سەپنى كۈچلەندۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. مانا بۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئىلمى ۋە ئىدئولوگىيە تەربىيە پاكولتېتىدۇر.

بۇ باسقۇچتىكى تەشۋىقات " خۇسۇسى " بولىدۇ. بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ئۇزۇن مۇددەتلىك، جاپا مۇشەققەتتى كۆپ جىهادنىڭ ئىغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈشكە ھەقىقى تەييارلىنىپ بولغان كىشىلەردىن باشقىسىغا بۇ باسقۇچ ھەققىدە تەلىمات بېرىلمەيدۇ. تەييارلىنىپ بولغانلىقىنىڭ تۇنجى ئالامىتى " تولۇق ئىتائەتچان بولۇشتۇر ".

<u>3 - ئىجرا قىلىش باسقۇچى :</u> بۇ باسقۇچتا قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى تەشۋىقات پىلانلىرىنى ۋەئۆزلىرىنىڭ نىشانلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى تەشۋىقات غايىگە يېتىش ئۈچۈن جىهاد قىلىش ۋە توختاپ قالماي خىزمەت قىلىش بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئىجرا قىلىش خۇسۇسى مەنا بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا، باسقۇچلۇق نىشاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن جىهاد تەبىيتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈندىلىك ھەرىكەت. ئېخىمۇ خۇسۇسى مەنا بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا ئومۇمى نىشاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلى ئېلىپ بېرىلغان جىهادتۇر.

ئىمام بەننا جامائەتكە كۆڭۈل بۆلگەندەك شەخسگە كۆڭۈل بۆلدى. يوقۇرى دەرىجىلىك يېتەكچىلەرگە ئەھمىيەت بەرگەندەك ھەرىكەتنىڭ ئاساسى ھۇلغىمۇ ئەھمىيەت بەردى. ئۇ قېرىنداشلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاللاھ يولىدىكى قېرىنداشچىلىق بىرلەشتۈرگەن شەكىلدە بىر - بىرلەپ يېتىلدۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنى كۈچەيتىپ تۇرىۋاتقان مۇستەھكەم بىناغا ئوخشاش تەربىيلىنىپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ بۇ تەشۋىقاتتىكى ھەر بىر ئەسكەرنىڭ ئۆزىگە، ئائىلىسىگە ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە تەربىيەتچى بولۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. شۇنداقلا ھېچ بىر كىشىگە تەۋە بولۇپ ياشىماي، مۇستەقىل ھالەتتە ئىيجابى تەپەككۇر قىلىپ ياشاشنى ۋە ئىش قىلىشنى تاپىلىدى.

ئىجرا قىلىش ھەققىدە بىر بۆلۈك مەسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويماق لازىم :

1 – ئىسلامغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەر تۈرلۈك تەشكىلات ۋە چوڭ كۈچلەرنى مۇلاھىزە قىلىدىغان ئومۇمى بىخەتەرلىك نەزىرىيسى بولۇش كېرەك. مۇسۇلمان كىشى شېھىت بولۇشنى نىشان قىلىپ جەڭگە قاتناشسىمۇ، لېكىن ئۇ جەڭگە كىرگەندە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن مۇھتاج بولغان بارلىق سەۋەبلەرنى ئويلاپ كىرىدۇ.چۈنكى ئاللاھ تائالا بىزنىڭ سەۋەب قىلىش قانۇنى ئىچىدە جىهاد قىلىشىمىزنى بۇيرۇدى. گەرچە بىز مۇئەييەن ۋاقىتلاردا پىداكار ئەترەت بولۇشقا تەييار بولساقمۇ، لېكىن بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز ئەسلىدە مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى بولىشى لازىم.

2 - بىزدە بىر نىزام بىلەن يەنە بىر نىزامنى سېلىشتۇرالايدىغان ئىنچىكە ئاڭ - سەۋىيە بولۇشى كېرەك. قىسقىسى بۇ نىزامنىڭ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە نىسبەتەن ئىجابى تەرىپى بىلەن سەلبى تەرىپىنى بىلىشىمىز موھىمدۇر.

3 - يوقۇرى پاراسەت ۋە شەرىئەت دائىرىسى ئىچىدە كېڭىيىشنىڭ يوقۇرى دەرىجىسىگە ئىگە بولالايدىغان ئىجرا قىلىش ئەقلى بىزدە تېپىلمىسا نىشانىمىزنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلالمايمىز.

4 - ھىسىياتىغا بېرىلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان ھەرىكەت بىلەن پىلانلىق ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلام ھەرىكىتىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم. ھىسىياتقا تايىنىپ ئىش ئېلىپ بېرىش شەخسگە لايىق

www.islamyoli.net

بولسىمۇ، بىراق تەشكىللىك ھەرىكەتكە مۇناسىپ كەلمەيدۇ. ھېسسىياتقا بېرىلىپ قىلىنغان ھەرىكەت قىسقا ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشنىڭ ھېچ بىرسىنى نەتىجىگە ئېرىشتۈرمەيدۇ. تەشكىلاتنىڭ ھەرىكىتى ئىنچىكە تەتقىقات، ئىزدىنىش ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان پىلان بويىچە داۋاملىششى لازىم.

5 - ھەرىكىتىمىز ئىمكانىيىتىمىزگە مۇناسىپ بولىشى، ھەرىكەت ئۆزىنىڭ نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرىشى لازىم. ئۆزلۈكسىز ھەرىكەت نەدىن - نەگە بېرىپ توختايدۇ دېگەننى خىيالىمىزغا كەلتۈرشىمىز لازىم، بۇ مەسىلىلەردىكى ئوي تەپەككۈرلىرىمىز ئىنچىكە بولىشى لازىم.

6 - ھەرىكەتتىكى ھەر بىر ئەزا يېتەكچىلەرنىڭ قارارىنىڭ توغرىلىقىغا كۆڭۈل توختىتىشى لازىم، چۈنكى قارار ئىنچىكە ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ. ھەر بىر مەسىلە بولسا ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلىدۇ. يېتەكچى ھەر بىر ئىلمى پاكىتقا قارىتا كۆكسى قارنى كەڭ بولۇشى لازىم. ھەرىكەتتىكى ھەر بىر قەدەم ئويلۇنۇش، پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق بېسىلىدۇ. سىياسەت، ھەرىكەت يوقۇرى دەرىجىدىكى ئىشەنچىگە مۇھتاج بولىدۇ.

7 - نىشانىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان تەشكىلات ئىقتىدارلىق، لاياقەتلىك بولۇشى، ھازىرقى ئەسىرنىڭ ئىجادىيىتىدىن ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىدىن پايدىلىنالايدىغان بولىشى لازىمدۇر.

8 - ئېغىر بېسىق ۋە توختاملىق بولۇش كېرەك. چۈنكى جەڭگە تەمكىن ئادەمدىن باشقىسى يارىمايدۇ. سىياسى ياكى ھەربى خاتالىق پۈتۈن بىر ھەرىكەتنى ياكى بىر قانچە ئەۋلادلارنى تامامەن ۋەيران قىلىۋېتىشى مۇمكىن. بىز بىلەن كىم قارشىلىشىۋاتىدۇ، پەردىنىڭ ئارقىسىدا كىم ئۇلارنى كۈشكۈرتىۋاتىدۇ بۇنى بىلىشىمىز كېرەك.

9 – ھەر بىر مۇسۇلماندىن قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشلارنى تەلەپ قىلماسلىقىمىز لازىمدۇر. ھەر بىر مۇسۇلمان قايسى ئورۇندا بولسا بىر كىشىلىك خىزمەت قىلالايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ خىزمەت قىلىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئاساسلىق ئامىل خاتالىق، قۇرۇق خىيال ياكى باشقىلارغا بولغان ئىشەنچىسىنىڭ تولۇق بولماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئامىللارنى مۇناسىپ ئۇسۇل بىلەن پاچاقلاپ تاشلىماق لازىم. مۇكەممەل بىلىم-سەۋىيە، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش، يوقۇرى سىياسى ئاڭغا ئىگە بولۇش، يۇمشاق مۇئامىلە قىلىش، ئىنسان تەبىئىتىنى چۈشىنىش، ھەر بىر ئىنسان بىلەن مۇناسىپ مۇئامىلە ئۇسۇلىنى قوللۇنۇش، كېلىچەككە بولغان ئىشەنچىنى يىلتىزلاشتۇرۇش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ چىچەن، زېرەك، ئەقىللىق يېتەكچىگە ئەگەشكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقى، ئىشەنچىنىڭ تۇرغۇزۇلغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

تونۇشتۇرۇش، يېتىلدۈرۈش ۋە ئىجرا قىلىش ئارىسىدىكى مۇكەممەللىك :

ئۇستاز سەئىد ھەۋۋا "تەلىماتلار دائىرىسى" ناملىق كىتابىدا بۇ باسقۇچلارنى شەرھلەپ، بۇ ئۈچ باسقۇچتا تەشكىلات قانچىلىك پىشىپ يېتىلسە، ئىشلار شۇنچە توغرا يولدا ماڭغان بولىدۇ دەپ بايان قىلىدى. تونۇشتۇرۇش قانچىلىك توغرا بولسا، يېتىلدۈرۈش شۇنچە ئاسان بولىدۇ. تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈش قانچىلىك توغرا بولسا، ئىجرا قىلىش شۇنچە كۈچلۈك، پۇختا بولىدۇ. بۇ مەسىلىلەردە ئومۇميۈزلۈك پىشىپ يېتىلىش ئۇ تەشكىلاتنىڭ ئەمەلى ۋە نەزىرىيە تەرەپتىن پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ كۆرۈنىشىدۇر. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەر بىر مەسىلىگە قارىتا تەشكىلاتتا پىشىپ يېتىلگەن تەجرىبىلىك

خوسۇسى ئورگانلار (خىزمەت بۆلۈملىرى) تېپىلسا، ھەرىكەتچان مۇكەممەل يولغا قەدەم قويغان بولىدۇ دەپ ئىزاھلىدى.

ئۇ يەنە بۇ مەسىلىلەردىكى مۇكەممەللىك توغرۇلۇق سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: " تونۇشتۇرۇشتىن مەقسەت، كىشىلەرگە ئىسلام دىنىنى تونۇشتۇرۇش، ئىسلام دىنىنىڭ كېيىنكى ئەسىرلەرلەردە قەدىمى ۋە يېڭى مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈش، تەشكىلات ۋە ئۇنىڭ پىكىر نەزەرىيەلىرىنى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش، ئۇنىڭغا ساداقەت بېغىشلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تەييارلىق ئەھۋالغا قارىتا ئالىدۇ ۋە بېرىدۇ. موھىمى ئاللاھ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋە ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسدىن ئۆزگە كېيىنكى بولغان زۆرۈر بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتۇر. ئاساسلىق نۇقتا، ئۇنىڭ تەقۋا ۋە ئىتائەتچانلىقى تولۇق تەكىتلىنىپ بولغانغا قەدەر ئۇ قېرىنداشنى تونۇشتۇرۇش باسقۇچىدىن رەسمى يېتىلدۈرۈش باسقۇچىغا يۆتكىمەسلىك لازىم.

تەربىيىلەشتىن مەقسەت قېرىنداشنى تولۇق شەكىلدە مۇسۇلمان قىلىپ يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. تەربىيىلىنىش گورۇپپىسىغا ئەزا بولغانلار ئەسلىدە خىزمەت قىلىش ۋە چېنىقىش باسقۇچىغا يۆتكىلىدىغانلاردۇر. ئىمام بەننا تەربىيىلەش ھەققىدە توختىلىپ:" بۇ باسقۇچتىكى تەشۋىقاتنىڭ نىزامى روھى يۆنىلىشتە مۇكەممەل سۈپىلىق، ئەمەلى يۆنىلىشتە تەلتۆكۈس ئەسكەرلىك ھالىتىنىڭ يېتىلىشىدۇر. داۋاملىق بۇ ئىككى يۆنىلىشنىڭ شۇئارى ئىككىلەنمەستىن، ئارسالدى بولماستىن، ئېغىرچىلىق ھېس قىلماستىن بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىشتۇر" دېگەن.

بۇ نۇقتىدا تەربىيىلەشتىن مەسئۇل كىشى قېرىنداشنىڭ دەرسىنى ئۆزلەشتۈرىشى، پىرىنسىپقا رىئايە قىلىشى، پىداكارلىق كۆرسىتىشى، ئىبادەت ئەھۋالى ۋە تەقۋالىق ھالىتىنى كۆزىتىدۇ. پىرىنسىپ چۈشەنچىسى ۋە يېتىلدۈرۈش گىراپىسىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ كەمچىللىك تەرەپلىرىنى ئۆزىنىڭ شەخسى كۈچى، ئورتاق مۇزاكىرە ۋە بىلىم ئاشۇرۇش كۇرىسلىرى ئارقىلىق تولۇقلىۋېلىشىنى تەلەب قىلىدۇ. مۇزاكىرلىشىش ئاساسىدا قېرىنداشنى تونۇشتۇرۇش ئورگىنىغا ياكى يېتىلدۈرۈش ئورگىنىغا ياكى ئىجرا قىلىش ئورگىنىغا بۆلىدۇ. ئۇ بىر ئورگانغا تەقسىم قىلىنغاندا، ئۇنىڭ ئۆزگە قاراشلىق ئورگىنىدىكى خىزمىتىدە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرى ئۇيۇشتۇرلۇپ بېرىلىدۇ. قايسى بىر ئورگانغا تەقسىم قىلىنسۇن ئىسلامى بىلىم – سەۋىيەسىنى تولۇقلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا داۋاملىق كۆرسەتمە بېرىپ تۇرۇش كېرەك.ئۇ قايسى بىر ئورگانغا تەقسىم قىلىنسۇن، ئىجرا قىلىش ئورگىنىنىڭ بىر قىسمى ھېساپلىنىدۇ. ھەر بىر باسقۇچ ئىلگىرىكى باسقۇچنىڭ كەمچىل ئورۇنلىرىنى تولۇقلايدۇ. بىلىم ۋە قابىلىيىتىگە قارىتا مۇئاۋىن ياكى بۆلۈم باشلىقى دېگەندەكناملار بېرىلىدۇ. مانا شۇنىڭدەك ھەر بىر باسقۇچ ئىلگىرىكى باسقۇچقا مۇھتاج، ھەر بىر باسقۇچ ئۆزىدىن كېيىنكى باسقۇچقا خىزمەت قىلىدۇ.

بۇ ئۈچ باسقۇچ بولسا ئۈممەتنى بىر خىل ۋەزىيەتتىن يەنە بىرخىل ۋەزىيەتكە يۆتكەيدىغان يولدۇر. ھەقىقى لاياقەتلىك يېتەكچى بۇ ئۈچ باسقۇچلۇق خىزمەتنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىدارە قىلسا نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەمما بۇ ئۈچ باسقۇچلۇق خىزمەتنى بىرلەشتۈرۈپ قەدەم بېسىشتىن ياكى ئۇنىڭ بىر باسقۇچنى تولۇق بىر تەرەپ قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن يېتەكچى مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا يارىمايدۇ. تەشكىلات بۇ ئىشلارنى ئېلىپ مېڭىشتىن ئاجىز كەلسە نوپۇزىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەشكىلات دەرھال كەمچىل ئورۇنلىرىنى تولۇقلىشىلىشى لازىم. تەشكىلات بۇ ئىشتا نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن " تونۇشتۇرۇش ئىشخانىسى، تەربىيلەش ئىشخانىسى، ئىجرا قىلىش ئىشخانىلىرىدەك " ئاساسلىق ئورگانلارنى بەرپا قىلىشى لازىم. ھەر بىر ئورگاننىڭ (ئىشخانا) ئۆزىگە خاس پىرىنسىپى، پىلانى، ۋاستىلىرى، ئۇسۇل - چارىلىرى بولىشى ھەمدە بۇ ئورگانلار خىزمەتلىرىنى بىرلىك تەشكىللى دائىرە ئىچىدە ئورۇندىشى لازىم.

تەدرىجى قەدەم بېسىش، تەربىيە ئۇسۇلىغا تايىنىش، يولنىڭ(نىشاننىڭ) ئوچۇق بولۇشىغا رىئايە قىلىش لازىم. ھەر بىر تەشۋىقاتنىڭ ئۈچ باسقۇچى بولىدۇ : تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇش، ئىدئولوگىيە بىلەن بىشارەت بېرىش ۋە تونۇشتۇرۇش باسقۇچى، ياردەمچىلەرنى يېتىلدۈرۈش، ئەسكەرلەرنى تەييارلاش، سەپنى تۈزۈتۈش باسقۇچى، ئاندىن ئىجرا قىلىش، خىزمەت قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچى كېلىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بۇ ئۈچ باسقۇچ يانمۇ - يان ماڭىدۇ. تەشۋىقاتچى تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەزا تاللاپ ئۇلارنى تەربىيلەش خىزمىتىنىمۇ بېجىرىدۇ، يەنە شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىجرا قىلىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ. ئاخىرقى باسقۇچ يۇقارقى ئىككى باسقۇچ رەسمى پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ باسقۇچلار تېز ياكى ئاستا داۋاملىشىشىدا شارائىتقا ۋە ۋەزىيەتكە قارىتا بەلگىلىنىدۇ.

ئىجرا قىلىش دېگەنلىك" غايىگە يېتىش ئۈچۈن جىھاد قىلىش ۋە ئۈزۈلۈپ قويماي ھەرىكەت قىلىشتۇر."

تونۇشتۇرۇش، يېتىلدۈرۈش باسقۇچىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بىرىلمەي ئىجرا قىلىش باسقۇچىغا سەكرەپ چىقىۋېلىش توغرا ئەمەستۇر.

ياشلارغا خىزمەت ئىشلەش

ياشلار ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئويغىنىشىدىكى ئاساسلىق بىر ئامىل سانىلىدۇ. ئۇلار ھەر قانداق ئويغىنىشتىكى كۈچ- قۇۋۋەتنىڭ سىرى، ھەر قانداق مەپكۇرىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگۈچىلىرى ۋە زور قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرى ھىساپلىنىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتى ئاللاھغا ئىتائەت قىلىش ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە ئىسلام سايىسىدا تەربىيلەنگەن ياشلارغا بەك مۇھتاج. مىللەت شۇلارغا تايىنىدۇ، ئۇلار ئارقىلىق مەقسىتىگە ئېرىشىدۇ، ياشلار بولسا ئۈممەت ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى يوقۇرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۈممەت ئىسلام دىنىنىڭ توغرا كۆرسەتمىلىرىنى تارقىتىدىغان ياشلارغا مۇھتاجدۇر، ئۇلار ئارقىلىق بۇلىنىپ كەتكەن ھەق- ھوقۇق، يوقۇلۇپ كەتكەن ئەركىنلىك قايتا ئەسلىگە كېلىدۇ، ئازاپلىنىۋاتقان دۇنيا ئۇلار ئارقىلىق قۇتقۇزۇلىنىدۇ، توغرا يولنى تاپالماي تېڭىرقاپ يۈرگەن ئىنسانلار ئۇلار ئارقىلىق توغرا يولنى تېپىپ ماڭىدۇ.

ياشلار قايسى بىر شەھەردە بولمىسۇن، كېلىچەك ئەرلىرىدۇر. ئۇلاردىن ئالىملار، يېتەكچىلەر، دوختۇرلار، ئېنژېنېرلار ، سودىگەرلەر، ئوقۇتقۇچىلار، قوماندانلار، پەيلاسوپلار، داھىيلار يېتىشىپ چىقىدۇ. قايسى بىر ئىدىيە ياكى بىر تەشۋىقات جەمىيەتتە ئۆز ئورنىنى تىكلەپ، مەپكۇرىنى خەلق ئاممىسىغا كەڭ دائىرىدە تارقاتماقچى بولىدىكەن، ئۇلار ئۆسمۈرلەر، ياشلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم بولىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتى تەۋرەنمەس ئىمانى بار، راستچىل، سەممى ئىخلاسى بار، قورقۇنچنى خىيالغا كەلتۈرۈپ قويمايدىغان دەرىجىدە ئىرادىسى بار، سۇسلۇشۇپ قالماي خىزمەت قىلىدىغان، غەلبە ياكى شېھىت بولۇشتىن باشقىسىنى ئارزۇ قىلماي قىممەتلىك ھاياتىنى قۇربان بېرەلەيدىغان ياشلارغا مۇھتاج.

ئەمەلىيەتتە بۇ بەش سۈپەت ئاللاھ يولىدا مالامەتچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان ياشلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدۇر.

ئىسلام تەشۋىقاتىنىڭ تۇنجى مەزگىلى بولغان مەككە دەۋرىدە، مەخپى تەشۋىقات مەركىزى ئەرقەمنىڭ قورۇسىدا تەربىيىلەنگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى 20 ياشلار چامىسىدىكى ياشلار ئىدى. ئۇلار تەشۋىقات مەسئۇلىيىتىنى مۇرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرگەن، ھەر خىل قىيىن قىستاق، قۇربان بېرىش، ئازاب ئوقۇبەتلەرنى تاتلىق سانىغانلار ئىدى. ئۇلار كىچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ئىسلام دىنىنى ئالەمگە تاراتقانلار ۋە ئۇنىڭ بايرىقىنى يوقۇرى كۆتۈرگەنلەر، شۇنداقلا رىم ۋە فارس (ئىران) تىن ئىبارەت ئىككى بۈيۈك ئىمپېرىيەنى بويسۇندۇرغانلار ئىدى.

مانا ئۇقبە ئىبنى نافىئ[1] ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ قىرغىقىدا ئېتى بىلەن دېڭىزغا كىرىپ تۇرۇپ: « ئى مۇھەممەدنىڭ پەرۋەردىگارى! ئەگەر مۇشۇ دېڭىز بولمىغان بولسا ئىدى، سېنىڭ سۆزۈڭنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانى ئازات قىلغان بولار ئىدىم، ئى ئاللاھ ئۆزەڭ گۇۋاھ بولغىن » دېگەن.

ئەي ياشلار! كېلىڭلار جەسۇر، قەھرىمان، ئىمان ئۈستىدە تەربىيىلەنگەن، مەككە ـ مەدىنە مەدرىسىلىرىنى پۈتتۈرۈپ چىققان ئەجدادلىرىمىزنىڭ خەۋەرلىرىنى بىر قاتار كۆزىمىزدىن ئۆتكۈزۈپ باقايلى.

ئۇلار باشقا ئۈممەتلەر قولچىلىق كىشەنلىرىدە پۈتنى سۆرەپ يۈرگەندە ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىگىنى ئېلان قىلغان، ئەقىللار جاھىلىيەتنىڭ خۇراپاتلىرى بىلەن كىشەنلەنگەن ۋاقىتتا تەۋھىدنى قانات يايدۇرغان، رىم بىلەن پارس ( ئىران) ئىمپېرىيىسى خەلقلەرنى ھەربى تاماسى ئۈچۈن ئەزگەن ۋاقىتتا ئادالەتنى تۇرغۇزغانلار ئىدى.

باشقىلار ئاپلىرى ۋە ھەمشىرلىرىنى ساتقان ۋاقىتتا ئۇلار ئابروي ۋە ھۆرمەتلەرنى قوغدىغان ئىدى. ئۇلار دۇنيادا يوقۇرى ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن دىنغا ئىشەنگەن، دىنغا خىزمەت قىلىشتا، دۇنيا ئۈچۈن ئەمەل قىلغانلار، شۇنداقلا دىن بىلەن دۇنيانى بىرلەشتۈرگەنلەر ئىدى.

ئۇلار دۇنياغا ھاكىم بولغاندا ئالەمنى خاتىرجەملىك بىلەن توشقۇزغان، مۇسىبەت، زەربىلەر جۇن ـ شۇرغاندەك كەلسە سەۋر قىلىپ تەبەسسۇم بىلەن كۈتىۋالغانلار ئىدى. كىم ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىپ قالسا، ئۇلارنى كۆكۈم تالقانغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شېھىتلەرنىڭ قانلىرى ياشلارنىڭ ۋە ئەركەكلەرنىڭ ئەتىرىسى، ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئوقلىرى ئىززەت شەرەپ مىدالى ئىدى، دىن يولىدا جەڭگە قاتنىشىش ئۇلارغا نىسبەتەن يىگىت ـ قىزلارنىڭ ناخشىسى ئىدى.

ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شېھىتلەر كارۋىنى خۇشاللىق مەركىسى، قىلىچلارنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا نىسبەتەن نەغمە ـ ناۋالار ئىدى. ئاپىلىرى ئۇلارنى بۆشۈكىدىن تارتىپ قانلىق مەركىلەر ئۈچۈن تەربىيىلىگەنىدى.

ئۇلار ئەمەلىيەتتە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان ئەۋلادلار، ئالاھىدە ئەرلەر، يېتەكچى ئۈممەتلەر ئىدى.

" "ئاللاھ بىزنىڭ غايىمىز، پەيغەمبەر ئۆلگىمىز، قۇرئان دەستۇرىمىز، جىھاد يولىمىز، ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇش ئەڭ يوقۇرى ئارزۇيىمىز " دېگەن بەش شۇئارنى تىللارنىڭ تەكرارلىغانلىقىنى،

ئېغىزلارنىڭ تووۇلغانلىقىنى كۆپ ئاڭلايمىز. بىراق بۇ شۇئارلار مۆمىن ئېغىزلاردىن چىقسىمۇ، ئۇلار دەسلەپكى مەدرىسىنى پۈتتۈرگەن ساھابىلەرنى دورىمىسا، بۇ شۇئارلار ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە ئىنكاس پەيدا قىلىپ، دىللىرىدا تەسىرىنى قالدۇرالمايدۇ. بۇ مەدرىسە ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا ئىمان، ئىخلاس ، جىھاد، قۇربان بېرىش، سەۋر قىلىش، ئىرادىلىك بولۇش، چىداملىق بولۇش، تەشۋىق قىلىش، ئەدەپ ـ ئەخلاقتا ئۈلگە بولغىدەك رىيال قەھرىمان ئەرلەرنى تەربىيىلەپ چىقاردى.

ياشلار بۇ بەش شۇئارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، ئۇنىڭ تەسىرى، سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە كۆرۈنگەن، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ئەمەلىيىتىدە مۇجەسسەملەشكەن ۋاختىدا ئۇلاردىن ئىسلام دىنىغا ئۇمىد، ئىززەت، مۇسۇلمانلارغا بىرلىك، دۆلەت كۈتكىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ھەرىكىتى خۇسۇسەن ياشلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئىمام بەننا ؒ" ياشلارغا مەجبۇرىيەت " ُ ناملىق كىچىك رىسالىنى يېزىپ چىقتى. بۇ كىتابىدا تەشۋىقات ئاساسلىنىۋاتقان مۇقىم قائىدىلەر ۋە موھىم تەلىماتلارنى شەرھىلەپ، مۇنداق دېگەن: "ؒ ئەگەر سىلەر بىزنىڭ پىكرىمىزگە ئىشىنىپ، پىلانلىرىمىزغا ئەگەششەڭلار، بىز بىلەن بىرلىكتە ئىسلامنىڭ توغرا يولىدا ماڭساڭلار، ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق پىكىر ئىدىيەلەرنى قەلبىڭلاردىن چىقىرۋەتسەڭلار، بارلىق كۈچىڭلار بىلەن ئەقىدەڭلارنى قوغدىساڭلار، ئۇ سىلەر ئۈچۈن دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ياخشىدۇر. خۇدايىم بۇيرىسا، ئاللاھ سىلەرنىڭ قولۇڭلار ئارقىلىق سىلەرنىڭ بۇرۇنقى ئەجدادىڭلار رىئاللىقتا ئايلاندۇرغان ئىشلارنى ئەمەلىيەتكە چىقىرىدۇ. پات ئارىدا خالىس خىزمەت قىلغان ھەر بىر قېرىنداش ھىممىتىگە يارىشا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ. ئەگەر سىلەر تىترەپ داۋالغۇپ يۈرسەڭلار، خىلمۇ ـ خىل پرىنسىپ، ئىدىيەلەر ئارىسىدا ئىككىلىنىپ تۇرساڭلار، ئاللاھنىڭ جەڭچىلىرى سانىنىڭ ئاز ـ كۆپ بولۇشىغا پىسەنت قىلىپ قالماي كېتىۋېرىدۇ، غەلىبە ئاللاھ نىڭ ئەمرىدىن كېلىدۇ ".

ياشلار بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئۇلارنى ئىسلام تەشۋىقاتىغا يۈزلەندۈرۈش ئۈيلىنىشقا تېگىشلىك، ھەرىكەت قىلىشقا ھەقلىق بولغان موھىم ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

ئىمان كۈچەيگەن، ئۇ يولدا ئىخلاس تولۇق تېپىلغان، قىزغىنلىق ھەسسىلەپ ئاشقان، قۇربان بېرىشنى كۆتۈرەلەيدىغان دەرىجىدىكى تەييارلىق تېپىلغان ۋاختىدا نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ. ئىمان، ئىخلاس، قىزغىنلىق، ھەرىكەت قىلىش ئاساسەن دېگىدەك ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. چۈنكى ئىماننىڭ ئاساسى سەزگۈر يۈرەك، ئىخلاسنىڭ ئاساسى ساپ ـ سۈزۈك ۋىجدان، قىزغىنلىقنىڭ ئاساسى كۈچلۈك تۇيغۇ ۋە ھەرىكەت، ئەمەلنىڭ ئاساسى جانلىق ئىرادە، پىداكارلىقنىڭ ئاساسى ئەقىدىدىن ئىبارەت. بۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ياشلاردىن باشقىلاردا تولۇق تېپىلمايدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: ؒ {ئۇلار پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتقان، بىز ھىدايەتنى زىيادە قىلغان يىگىتلەردۇر } (1)

بۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى كۆپ، مەسئۇلىيىتى ئېغىر، ئۈممەت ئالدىدا ئۇلارنىڭ بويىنىدىكى ئامانەت ئېغىر. شۇڭلاشقا ئۇلار كۆپ تەپەككۇر قىلىشى، كۆپ خىزمەت قىلىشى، پوزىتسىيىسىنى ئېنىق بەلگىلىشى، ئۈممەتنى قۇتقۇزۇشقا قاراپ يول ئېلىشى ۋە ئۈممەتنىڭ ھەققىنى تولۇق بېرىشى لازىم. مۇسۇلمانلارغا كېلىشمەسلىكلەر ئارقىمۇ ـ ئارقا كېلىۋاتقان بۇ كۈنلەردە ئۇلار تېخىمۇ كۆپرەك ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ياشلار ئۆزىگە ئىشىنىشى، ئۆز ئورنىنى تونۇپ يېتىشى، ئۆزلىرىنى دۇنيانىڭ

(1) كەھف سۈرىسى 12 ـ ئايەت .

www.islamyoli.net

تۈزگـۈچىلىرى دەپ ئىشىنىشــى لازىـم. ئـاخىرقى غەلىبـە هامـان سـەۋرلىك هەرىكـەتچان مۆمىنلەرگـە مەنسۇپــــدۇر. "ئـەي ياشـلار! ئىمـانىڭلارنى يېـڭـلاپ تـۇرۇڭلار، غايـە ۋە نىشـانىڭلارنى ئېنىـق بەلگـىلەپ مېڭـىڭلار. كـۈچ ـ قـۇۋۋەتنىڭ بىرىنچـى ئاساسـى ئىمانـدۇر، ئىمانىنـىڭ نەتىجىسـى بىرلىـك، بىرلىكنىـڭ نەتىجىسـى غەلىبــدۇر. ئىمـانىڭلارنى مۇستەهكەملەڭلار، ئـۆز- ئـارا قېرىنـداش بولـۇڭلار، بىلىـم ـتەجرىبـە يەكۈنلەڭلار ئاندىن غەلىبە كۆتۈڭلار".

جەمىيەتتىكى ئىنسانلار تۈزۈۋالغان بارلىق نىزاملار ئالەم مۇشكۇلىسىنى هەل قىلىشـتىن ئاجىز كەلدى. ئۇنىڭغا ئىسلامدىن باشقا هەل قىلىش چارىسى يوقتۇر. ئاللاهنىـڭ ئىسمى بىلەن ئۇلارنى قۇتقـۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئـاتلىنىڭلار، هەممە ئىنسانلار سىلەردەك قۇتقۇزغۇچىلارنى كۈتمەكتە. ئىسلام دەۋىتى ئـارقىلىق ئۇلارنى قۇتقۇزالايسىلەر. ئىسلام ئارقىلىق هەممە نەرسىگە ئېرىشەلەيسىلەر، بىزنىـڭ مەدەنىيەتنىڭ ئارقىدا قېلىشىمىزغا ئىسلام دىنـى سـەۋەبچى ئەمـەس، بـەلكى ئۆزىمىزنـىڭ هورۇنلـۇقى، ئىمانىمىزنىڭ سۇسـلىقى، ساۋاتسىزلىقىمىز، ئىسـلام دىنىنىـڭ تولـۇق مـاهىيىتىنى چۈشەنمىگـەنلىكىمىز بىزنىـڭ مۇشـۇ كۈنلەرگـە قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبچىدۇر. ئىلگىرىكىلەر قىلغان ئىشلارنى، ئۇلار ياراتقان مەدەنيـەتنى هازىرقى ياشلارمۇ يارىتىشـتىن ئـاجىز كـېلىپ قالمايـدۇ. ئـۆزىمىزنى تەۋرەنمـەس ئىمـان، توختـاپ قالمايـدىغان هەرىكـەت، ئاجىزلىشىپ قالمايدىغان ئاللاهغا بولغان ئىشەنچ بىلەن تەربىيىلەيلى. ياشلار هەر بىر ئىشلاردا يېتەكچى بولۇشى، يېتەكچىلىك قىلىشى، هەرىكەت قىلىش، جىهاد قىلىش، ئىلىم ـمەدەنىيـەت، كـۈچ ـ قـۇۋۋەت، ئىقتىساتتا يېتىشىـپ چىقىشى لازىـم. بۇ تەرەپلەرنىڭ قايىسى بىـر تەرىپـدە ئارقـدا قالغانلىق پىكرىمىزگـە زىت، دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىسگە خىلاپ ئىشتۇر.

ياشلارغا ئىشلىنىدىغان خىزمەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى: ئومۇمى پائالىيەت (ئومۇمى ئالاقە)

ئىككىنچى: خۇسۇسى پائالىيەت (خۇسۇسى ئالاقە)

1 - ئومۇمى ئالاقە: بۇ ساھەدىكى ئەمەل ئومۇمى پائالىيەت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ:

(1) - مەكتەپ، ئىنستىتوت، ئۇنىۋېرسىتېتىن ئىبارەت مائارىپ قۇرۇلمىلىرىدا خىزمەت گورۇپپىلىرىنى تەشكىللەش، هەر بىر قېرىنداشنى مۇئەييەن بىر پائالىيەتكە قاتنىششقا كۆرسەتمە بېرىش.

بـۇ ئۇيۇشـمىلار ئـارقىلىق يـارامىلىق ياشـلارنى تـاللاپ، ئـۇلارنى تەربىيىلـەش ئۈچـۈن سـۆهبەت ئۇيۇشتۇرۇش پۇرستى ياراتقىلى بولىدۇ، بۇ سۆهبەتتە بەزى بىـر كىتـاپ، ژورناللارنى ئوقـۇش، ماقالىلارنى خۇلاسىلاش، ژورنال چىقىرىش، قۇرۇلما تەشۋىقات بۆلۈمى ئارقىلىق نۇتۇق، لىكسىيە سۆزلەش، كۆرسـەتمە بېرىش ۋە مۇناقىشە ئۇسۇلىنى قوللۇنۇش ئارقىلىق ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ.

(2) - ئولتۇراق رايۇنلاردا خىزمەت گورۇپىسى ئۇيۇشتۇرۇش لازىم، هەر بىر مەهەللىدە ئولتۇراق يەر ـ جايى يېقىن بولغان قېرىنداشلار ئۆز ـ ئارا هەمكارلىشىپ، ئۆزلىرىگە يېقىن ۋە مەسچىتلەردە ئۇچرىشىپ قالىدىغان ياشلارغا قارىتـا خىزمـەت ئىشلىسـە بولىـدۇ. دەسلەپتـە ئـۇلار بىلـەن ئـۆز ـ ئـارا تونۇشـۇش، دوسلۇشـۇش، ئـۆز ـئـارا هەمكارلىشـش، هـەر قايىسـى تەرەپـتىن يـاردەم قولىنـى سـۇنۇش، بـەزى بىـر مۇناسىۋەتلەرنى غەنىمەت بىلىپ زىيارەت قىلىش دېگەندەك ئۇسۇللارنى قوللانسا ياخشى بولىدۇ.

(3) - قۇرۇلما ۋە مەھەللىدىكى ياشلارنى رادىئو تېلېۋىزورلاردىكى بەزى بىر دىنى پىروگىراممىلارنى تىڭشاشقا يۈزلەندۈرۈش، جامائەت نامىزىغا قىزىقتۇرۇش، مەسچىتلەردىكى، مەدەنىيەت سارايلىرىدىكى ئىدىيۋى - سىياسى دەرسلەرگە، لىكسىيىلەرگە، نۇتۇقلارغا قاتنىششقا رىغبەتلەندۈرۈش.

(4) - قىسقا يوللۇق كۆڭۈل ئېچىش سەپەرلىرىنى، تەنھەرىكەت، چېنىقىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، بىر بۆلۈك ياشلارنى ئۇنىڭغا قاتناشتۇرۇش، ئۇنىڭغا ئالاھىدە نىشانلىق پىروگىراممىلارنى تەييارلاش لازىم.

بۇ ئومۇمى پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئىلىم، ئەخلاق ۋە ئىدىيۋى تەرەپتىن يوقۇرى نەتىجە قازانغان ياخشى كىشلەر بىلەن تونۇشقىلى ھەمدە ئۇلار بىلەن ئايرىم ھالدا خۇسۇسى ئالاقە قىلىش پۇرسىتىنى ياراتقىلى بولىدۇ.

2 - خۇسۇسى ئالاقە: ئۇ تەشكىلات ئەزالىرىدىن ھەر بىر ئەزانىڭ مەقسەت نىشانلىق ھالەتتە يېڭى ئەزالار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنى دەسلەپتە پىكرگە ئاندىن ھەرىكەتكە تارتىشقا ئۇرۇنىشىدۇر. بۇ ئالاقە سادا چىقارماي ئۈن تىنىسىز مۇۋسىنى بىرىدىغان ئۇنۇملۇك ۋاستە. ھەرىكەت بۇ ۋاستە ئارقىلىق ئاز چىقىم بىلەن، قىسقا ۋاقت ئىچىدە ئۈمىد قىلىۋاتقان غايىسىگە يېتەلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىشلارنى مەخپى ھالەتتە داۋاملاشتۇرغىلى، دۈشمەننىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى، ئىشلارنى چاندۇرماي پۇختا بېجىرگىلى، ئەزالارنى ھەقىقى تەربىيىلىگىلى، كىشلەرنى ئەتراپىغا توپلىغىلى، ئۇبدان تاللىغىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " ئالالاھ سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن بىر ئادەمنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىپ قالسا بۇ ساڭا نىسبەتەن دۇنيادىكى بارلىق نەرسىدىن ياخشىدۇر " دېگەنىدى.

بۇ باسقۇچتىكى خىزمەت تۆت باسقۇچ ئاساسىدا ئىجرا قىلىنىدۇ:

بىرىنچى : تونۇشۇش، ئالاقىنى كۈچلاندۈرۈش باسقۇچى :

(1) - ياشلارنى دەۋەت قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ ئىدىيۋى ئەھۋالى، چۈشەنچىسى، قىينچىلىقى، ئىجتىمائى ئەھۋالىنى بىلىش، ئۇنىڭ بىلەن ئىمان سەپىرىنى باشلاش ئۈچۈن، ئۇنى ئوبدان چۈشۈنۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىگە كىرىش ئىشىغزلىرىنى تېپىپ چىقىش "

كۆپلىگەن كىشلەر كۆپ ساندىكى كىشلەر بىلەن تونۇشقان بولسىمۇ، تونۇشقانلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ساقلاپ قالالىغانلار ناھايىتى ئۈز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " كىشلەر بىلەن ئارلىشىپ، ئۇلاردىن ئازار يەتسە سەۋر قىلالايدىغان كىشى، كىشلەر بىلەن ئارىلاشمايدىغان ئۇلارنىڭ ئازارىغا سەۋر قىلالمايدىغان كىشىدىن ياخشىراق " دېگەن. ئۆز ئارا چۈشۈنۈشۈش ئالالاھ يولىدىكى مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يوقۇرى دەرىجىسىدۇر. ئۆز - ئارا چۈشۈنۈشۈش ھەر قانداق ئىشنىڭ نەتىجە تېپىشى ئۈچۈن زۆرۈردۇر"

(2) - دوستلۇشۇش، بۇ باسقۇچنىڭ بېشىدا ياشلار بىلەن دوسلۇشۇش، ئۇنىڭ بىلەن ئىشەنچە تۇرغۇزۇلىشى ئۈچۈن ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، ئۇنىڭ ھەر بىر كۆرسەتمىسىنى ئاڭلىشى ياكى تەلەپ قىلىنغان ئىشلارنى قىلىشى ئۈچۈن يىمشاق ئۇسۇل قوللۇنۇشى لازىم. بايرام ياكى ئىمتىھاندا نەتىجە قازانغانلىق مۇناسىۋتى بىلەن تەبرىكلەشكە ئوخشاش نىشانلىق زىيارەتلەرنى ياخشى بېجىرىش "

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: "" ئىنسان ياخشى كۆرگەن كىشىسى بىلەن بىللە بولىدۇ " دېگەنىدى.

ئۆز - ئارا مۇھەببەت، ياخشى ئالاقە باغلاش، ئۇ ياخشى كۆرگۈچىلەر بىرلىكتە چىقىدىغان نىجاتلىق كېمىسىدۇر. ئۇچراشقان كىشلەر- ئۇ سەندىن تونۇشۇشنى تەلەپ قىلمىسىمۇ - بىلەن تونۇشقىن،

چۈنكى تەشۋىقاتىمىزنىڭ ئاساسى ئۆز -ئارا تونۇشۇش ۋە مۇھەببەتتۇر. تۇنجى تونۇشقان كىشىلەردىن كۆپ سوئال سورىما، ئۇلار بەزىدە ئىشنىڭ بېشىدا شەك قىلىپ قېلىشى مۇمكىن. تەشۋىقاتچى چېچەن، ھوشيار، ئەقىللىق بولىدۇ. بىر قانچە قېتىم ئۇچرىشىش ئارقىلىق ئالاقە كۈچىيىدۇ. ئۇ كىشى سېنىڭ ئۆيۈڭگە ۋە قەلبىڭگە يېتىپ بارغىلى بولىدىغان يولنى تونۇپ يېتىدۇ. تونۇغان -تونۇمىغان كىشىلەرگە سالام بەرگىن، چۈنكى سالام بېرىش مۇھەببەتنىڭ مۇقەددىمىسى، مۇھەببەت ئىماننىڭ ماۋزۇسىدۇر.

(3) - "ئىلمى ۋە ماددى " تەرەپتىن ھەمكارلىشىش، بەزى بىر دەرسلەردە ياردەم بېرىش، ئائىلىسىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلىش، تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە ئوخشاش مەسىلىلەردە ياردەم قولىنى سۇنۇش"

(4) - ھەدىيە قىلىش، بەزى كىتاپ ، ژورناللارنى ھەدىيە قىلىش، كىتابلارنى ئوقۇشنى تەلەپ قىلىش، بەزى بىر كىتاپلارنى بىرلىكتە مۇناقىشە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم.

ئۇستاز مۇستەپا مەشھۇر بۇ باسقۇچ ھەققىدە :" " بىرىنچى باسقۇچ چاقىرماقچى بولغان كىشى بىلەن تونۇششىڭىز، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىڭىزنى ئەمەلى ھېس قىلدۇرۇشىڭىز، ئۇ بىرقانچە كۈن كۆرۈنمەي قالسا داۋاملىق ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇشىڭىز، ئۇنىڭ قەلبى ئېچىلىپ، دېيىلىۋاتقان نەرسىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانغا قەدەر تەشۋىقات ئىشلىرىدىن ئېغىز ئاچماسلىقىڭىز لازىم. بۇ باسقۇچقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىلسە چاقىرىلىۋاتقان كىشى چاقىرىققا شۇنچە ئاۋاز قوشىدۇ " دېدى.

<u>2 - باسقۇچ : ئەقىدە تىكلەش، قەلبىدىكى ئىماننى ئويغۇتۇش باسقۇچى :</u>

بۇ باسقۇچ مۇسۇلمان شەخسنى يېتىلدۈرۈشتە ئاساسلىق رول ئوينايدىغان باسقۇچلارنىڭ بىرىسى ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ باشقا باسقۇچلارنىڭ ئاساسلىق ھۇلىدۇر :

(1) - ئىسلامغا توغرا چۈشەنچىنى تىكلەش، ئىسلام دىنىنى ئومۇميۈزلۈك مۇكەممەل پىرىنسىپ، ئۇنىڭدىن باشقا پىرىنسىپلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەئى ئىنسانىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن باتىلدۇر دەپ قاراش لازىم.

(2) - چاقىرىلغۇچىنىڭ قەلبىدىكى ئۇخلاپ قالغان ئىماننى ئويغۇتۇش، بۇ توغۇرلۇق قىلىنىدىغان گەپ- سۆز بىۋاستە باشلانماي، مەقسەتسىزدەك تەبئى بولغىنى ياخشى. ئاللاھنىڭ قۇدرەت سۈپەتلىرىگە ئىمان ئېيتىش ئارقىلىق دىللار ئاللاھنى تونۇش بىلەن ياشىرىشقا باشلايدۇ، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغۇنۇپ قىيامەت كۈنىگە تەييارلىق قىلىشقا باشلايدۇ، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ بىزنى يارىتىشدىكى مەقستىنى تونۇپ يېتىدۇ.

مۇستەپا مەشتۇر مۇنداق دەيدۇ : " مانا شۇنىڭدەك ئىمان مەسىلىسى ھەققىدىكى سۆھبەت داۋاملىشىدۇ، بۇ مەسىلىلەر داۋاملىشۋەرسە ئۇ كىشى ئۆزىنى قايتا تەكشۈرۈپ دەڭسەپ بېقىشقا باشلايدۇ، ئەگەر ئۇ سەل قاراش، غەپلەتتە قېلىش، گۇناھ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش نەتىجىسىدە ئاللاھغا ئىتائەت قىلماي قالسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇنى ئاسان يېتەكلىگىلى بولىدۇ، كۆرسەتمىنى ئاسان بەرگىلى بولىدۇ.

تەشۋىقاتچى بۇ ساھەگە كەلگەندە چاقىرىلغۇچى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا قاتتىق دىققەت قىلىشى، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئۆزىنىڭ ئۇستاز ياكى مۇئەللىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرماستىن، ئۆز - ئارا سۆھبەتتە

بولۇۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدۇرۇشى، ئۇنى ھۆرمەتلىشى لازىم. تەشۋىقاتچى چاقىرىلغۇچى كىشىگە ئىمان ئاساسىدىن مەھرۇم دېگەن ئۇقۇمدا قاراشتىن ھەزەر قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئىمان ئاساسى ھەر قانداق ئىنساننىڭ تەبىيىتىگە سىڭىپ كەتكەن.بۇ خىل كۆز قاراش چاقىرىلغۇچىنىڭ ئۆزىنى بىزدىن يىراق ئېلىپ قېچىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ.

(3)- ئىسلام چۈشەنچىسىنى ئاگلىق ھالەتتە بېسىپ ئىزدىنىش، باشقا يۆنۈلۈش ۋە پىرىنسىپلارنىڭ ئاجىزلىق، ئەيىپ نۇقسان تەرەپلىرىنى بىلىش ئۈچۈن چوڭقۇر ئىزدىنىش لازىم.

بۇ باسقۇچ ئەقىدە، تەشكىلات ۋە ھەرىكەتنىڭ قۇرۇلۇش ھۇلىنىڭ باسقۇچى ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا بۇ باسقۇچ بىر قەدەر ئۇزۇنراق داۋاملىششى، قۇرۇلۇش قەدەملىرى ئاستىراق، چوڭقۇرراق، مۇقىمراق پۈتكىنى ياخشىدۇر.

<u>3 - تەتبىقلاش باسقۇچى :</u>

چاقىرىلغۇچىنىڭ قەلبىدە ئەقىدە مۇقىم ئورۇنلاشقان، ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ بۇرۇنقىدىن كۈچلەنگەنلىكىنى ھىس قىلغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئەخلاقى، ھەرىكىتى ۋە قىلمىشلىرىدە كۆرۈنىدىغان تەتبىقلاش رولى يېتىپ كېلىدۇ. چۈنكى ئەخلاق، ئىبادەت، ئىلىم -سېتىم، ئىسلامى مۇئامىلە ئۇ ئەقىدىنىڭ كۆرىنىشى ۋە تەسىرىدىن ئىبارەتتۇر.

بۇ باسقۇچتا ئىنسان ئەقىدىسىنى رۇسلايدۇ، ھاياتىنى ئىلاھى پرىنسىپكە مۇۋاپىق شەكىلدە قۇرۇپ، ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىسلامنى ئۆلچەم قىلىپ ماڭىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئۇنىڭ ئاللاھغا ئىتائەت قىلىشى، پەرز ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشى، گۇناھ ئىشلاردىن يىراق بولۇشى، ئېسىل ئەدەپ -ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈشى ئۈچۈن ياردەم بېرىلىدۇ. ئۇنى ئەقىدە، ئەخلاق، ئىبادەت كىتابلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇش، شۇنداقلا بەزى بىر دەرىسلەرگە قاتناشتۇرۇش، ياخشى ئادەملەر بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويۇش، يامان دوستلاردىن چەكلەش ئەۋزەلدۇر. مانا مۇشۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئىسلامى شەخسىيىتىنى تولۇقلىنىشىغا مۇناسىپ مەيدان راسلىنىدۇ. ئۇنىڭ قەدىمى بۇ يولدا راۋۇرۇس مەزمۇت دەسسىگەنگە قەدەر ئەھۋالى سۈرۈشتۈرۈلۈپ تۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ بۇ يولدىكى سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىشى، ھورۇنلۇق ياكى سۇسلۇق ئامىلىرىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن ۋە ئىسلامى شەخسىيىتى مۇقىملاشقانغا قەدەر ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت ياردەمسىز تاشلىۋەتمەسلىك كېرەك.

ئۇستاز مۇستەپا مەشھۇر بۇ باسقۇچ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ : ‟ "بۇ باسقۇچتا ئىبادەتنىڭ ناماز، رامىزان، زاكات، ھەج بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقى بەلكى يېمەك – ئىچمەك، كىيىم – كىچەك، بىلىم - ئەمەل، تۇرمۇش قۇرۇش، تەنھەرىكەت ئويناش ، پەرزەنتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى نىيەتنىڭ توغرا بولىشى، ئىسلامىيەت چەكلىمىگەن ئىش بولۇش شەرتى بىلەن ئىبادەتنىڭ قاتارىدىن سانىلىدىغانلىقتىن ئىبارەت ئومۇمىيۈزلۈك مەناسىنىڭ بارلىقى چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ئاللاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان نىيەت بولسىلا، ئىنساننىڭ قىلغان ئاددى ئىشلىرىمۇ ئىبادەتكە ئايلىنىدۇ.

مانا شۇنىڭدەك دۇنيا بۇ راستچىل نىيەتنىڭ پەزىلىتى ئارقىلىق ئاللاھغا ئىبادەت قىلىدىغان بۈيۈك مېھراپقا ئايلىنىدۇ. شۇنداقلا مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھاياتى ۋە ھەرىكىتى ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بىلەن توغرىلىنىدۇ.

4 - ئىسلام ھەرىكىتىگە قاتنىشىش باسقۇچى :

بۇ باسقۇچنىڭ بېشىدا ياشلار بىلەن تۆۋەندىكى ئىشلار ھەققىدە بىر ئاز پاراڭلاشماق لازىم :

1 - ئەمەل قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى :

(1)- ئىبادەتنى ئادا قىلىدىغان، ياخشى گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىدىغان، ھېچ بىر كىشىگە ئازار بەرمەيدىغان سۈپەتتىكى مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ، باشقا ئىشلار بىلەن كارىمىز بولمىسا دىنىمىز بۇ ھەقتە بولدى قىلىپ قالمايدۇ. بىزنىڭ دىنىمىز بىرلىك دىنى بولۇپ،ئۇ ھايات نىزامى،ھۆكۈم، قانۇن، دۆلەت، جىھاد ۋە بىر ئۈممەتتىن ئىبارەت. مانا بۇ ئىسلامنىڭ توغرا چۈشەنچىسى جەمىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ئاساسىغا تۇرغۇزۇلىشى ئۈچۈن بىزگە بىر بۆلۈك ۋەزىپە مەسئۇلىيەتلەرنى تاپشۇرىدۇ. ئۈممەتنىڭ بىزنىڭ بويىنىمىزدا قەرزى بار، بۇ قەرزنى ئىسسىق قان ، قىممەتلىك ۋاقت، ئىسسىق جان بىلەن ئادا قىلماق لازىم. ھاياتىمىز ئەمەل بىلەن توشۇپ كېتىشى، كۆرەش قىلىش بىلەن داۋاملىشىشى، بۈيۈك ئىشلار بىلەن جىددى ھالەتتە تۇرىشى كېرەك.

(2) - مۇسۇلمان كىشى باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى بىلەن كارى بولماي، ئۇلارغا كېلىۋاتقان ھادىسىلەر، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ھۇجۇم ۋە پىتنە - پاساتلارغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى بىلەن تەسىرلەنمەي تۇرۇپ، يەنىلا ئۆزىنى كامىل مۇسۇلمان كىشى دەپ دەۋا قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

مانا مۇنۇڭدەك مەنالار ھەققىدە چاقىرىلغۇچى بىلەن بولغان سۆھبەت، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىسلام ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا نىسبەتەن ئومۇمى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى تۇغۇلغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئىسلام خەلىپىلىكىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام تەشۋىقاتى بېسىپ ئۆتۈۋاتقان باسقۇچ ۋە ئىسلام دۇنياسىغا ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن كېلىۋاتقان پارچىلىنىش ئەھۋاللىرى، ئۆز -ئارا بولۇۋاتقان ئىختىلاپلار، دۈشمەنلەرنىڭ قىلىۋاتقان ھۇجۇملىرى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئەقىدە تەرەپتىن پىتنىگە سېلىۋاتقانلىقى، مەسچىتلەرنى خاراپ قىلىپ، ئابرويلارنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقى، ئىقتىساتنى بۇلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىنى تالان - تاراج قىلىۋالغانلىقى، پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىنى بۇلغاپ ئۆز ئەقىدىسىگە قارىشى چىقىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئىزاھات بېرىلىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن دېگىدەك دۈشمەنلەرنى توسىدىغان، ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا چەكلىمە قويىدىغان، مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى بىرلەشتۈرىدىغان، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى تۇرغۇزىدىغان ئىسلام دۆلىتىنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققانلىقى چۈشەندۈرۈلىدۇ. شۇنداقلا ئىسلام دۆلىتىنى تىكلەش پەقەتلا ئالىملارنىڭ ياكى ھاكىملارنىڭ بۇرىچى بولماستىن بەلكى ھەربىر ئەر ۋە ئايال مۇسۇلماننىڭ بۇرىچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەك لازىم.

(3) - ئىسلامىيەت يەھۇدى قاراقچىلىرى، خىرىستىيانلار ۋەكوممۇنىستلار تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدۇرۇش، ئىچكى ۋە سىرتقى ئىسلام دۈشمەنلىرى داۋاملىق ئىسلام

www.islamyoli.net

تەشـــۋىقاتىنىڭ ســـۈرئىتىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىشـــكە ئـــۈرىنىۋاتقانلىقى، ئىســـلام ئەگەشـــكۈچىلىرىنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرىۋېتىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش كېرەك.

(4) ـ مۇسۇلمانلارنى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرىۋېتىپ بارغان مۇرتەدلىك (دىنىدىن يېنىۋېلىش، ۋە ياندۇرۇۋېتىش) ھالەتلەرگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. بىز ئىسلام دىنىغا قارىغاندا جاھىلىيەتكە يېقىنراق بىر جەمىيەتتە ياشاۋاتىمىز، چۈنكى بۇ جەمىيەتنىڭ كۆپىنچە تەسەۋۋۇرى، چۈشەنچىسى، نىزامى ئىسلام قانۇنىدىن ئېلىنمىغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىسلامىيەتكە قارشى يۈزلەندۈرۈلگەن بارلىق ھۇجۇملارغا يەم ـ پاراسەت بىلەن كەسكىن قارشى تۇرىشىمىز، ئىسلام تەشۋىقاتىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىشكە داۋاملىق ئۇرىنىدىغان دۈشمەنلەرگە قارىتا سەگەك، ھوشيار بولىشىمىز لازىم.

2 ـ خىزمەتنى بىرلىك شەكلىدە ئېلىپ بېرىش :

ئىسلام دىنىغا يالغۇز شەكىلدە خىزمەت قىلغىلى بولمايدۇ. ھەر بىر ئادەم يالغۇز ئۆز ئالدىغا خىزمەت قىلىپ ئىسلام دۆلىتىنى تۇرغۇزۇشقا قادىر بولالمايدۇ. شۇڭا بۇ چوڭ نىشاننى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن يالغۇز كۈچلەرنى بىرلەشتۈرىدىغان تەشكىلات لازىم. بىر ئادەم مۇسۇلمانلارغا ئارلاشماي ئايرىم ياشاپ، ئىسلام پرىنسىپلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تەشكىلات ئىچىدە خىزمەت قىلماي تۇرۇپ، ئۆزىنى كامىل مۇسۇلمان دەپ تەسەۋۋۇر قىلمىسۇن!. بۇ ئاساسلىق پىلاندۇر، كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار تەشكىلات قۇرۇشنىڭ ياكى بىرەر ئۇيۇشما بىلەن باغلىنىشنىڭ زۆرۈريىتى يوق، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا تەشكىلاتقا ئەزا بولغان كىشى كۆپ خاپىلىققا ئۇچرايدۇ دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن بولارنىڭ بويىنىغا يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنىڭ نەقەدەر چوڭلىقىنى، بۇ مەسئۇلىيەتنى تەشكىلاتسىز ئورۇندىغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۇيۇشمىنىڭ زۆرۈرلىكىگە قانائەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

دىن دۈشمەنلىرى بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلغان يەردە بىز يالغۇز ھەرىكەت قىلساق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز، تەشكىللىك ئىشقا تەشكىللىك ئىش بىلەن قارشى تۇرۇش لازىم. يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، غەلبە بىرلىككە مەنسۇپ، دۈشمەنلەر كۆز قارشى، ئىدىيىسى، ھايات پەلسەپەسى، قانۇن ـ نىزامى ئوخشاشمايدىغان تۇرۇقلۇق بىرلىشگىلىك، بىزنىڭمۇ بىرلىششىمىزگە نېمە توسالغۇ بار؟. كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن تارتىۋېلىنغان نەرسىنى پەقەت كۈچ- قۇۋۋەت ئارقىلىق قايتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا تەرجىمىسى: { ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ ـ سەپ بولۇپ قول تۇتۇشۇپ جىھاد قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ }ُ دېدى [1]

ئەسلى ئىسلام شەرىئىتىدە ئىسلام خىزمىتىنىڭ بىرلىك شەكلىدە بولىشى ئاساس ئىدى. بۇ بىرلىك بىر قانچە نوقتىلاردىن شەرئەتتە پەرز ھىساپلىنىدۇ:

ئەسلىدە مۇسۇلمانلار بىر ئۈممەت. ئاللاھ قۇرئاندا : {سىلەرنىڭ ئۈممىتىڭلار بىر ئۈممەتتۇر، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار } دېدى [2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : " مۆمىنلەر بىر بىرىگە رەھمدىل بولۇشتا، بىر بىرى بىلەن دوستلىششتا، بىر بىرىگە ياردەمدە بولۇشتا ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن بەدىنىگە ئوخشايدۇ. ئىنساننىڭ بىرەر ئەزاسى ئاغرىسا، پۈتۈن بەدەن بىئارام بولىدۇ ۋە قىزىيدۇ " دېگەن [3].

---

[1] سەپ سۈرىسى 3 ـ ئايەت .

ئەسلىدە بىرلىشىشكە قىزىقتۇرۇش، ئىختىلاپ قىلىشتىن چەكلەش لازىم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : " كىم بۆلگۈنچىلىك قىلسا بىزدىن ئەمەس " دېگەن [4].

ئەسلىدە بىر جامائەت بولۇش لازىم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : " ئاللاھنىڭ قولى (يەنى ياردىمى، ھىمايىسى) جامائەت ئۈستىدە " دېگەن [1].

ئىسلام خىزمىتىنىڭ بىرلىكى شەرئى تەرەپتىن ھەرىكەت تەقەززاسى :

ئىسلام بىرلىك خىزمىتى پەرز بولغان بىر قانچە نۇقتىدىن سىرت، ھەرىكەتنىڭ تەقەززاسىدۇر :

ئىسلام ئۆزگىرىش ھەرىكىتى كۈچلارنىڭ بىر لىنىيىدە، بىر پىلان ئىچىدە قوشۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىسلام ئۆزگىرىش ھەرىكىتى جاپا مۇشەققەتلىك خىزمەتتۇر، جاھىلىيەت كۈچلىرىنى ئارقىسىغا چېكىندۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس. ئىسلام دىنىنىڭ ـ ئىدىئولوگىيە، ئەخلاق، نىزام تەرەپلەردىن ـ جەمىيەت ئۈستىدە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىشى ئۈچۈن كۈچلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە قېتىلىپ كېتىشىنى پەرز قىلىدۇ.

ئىسلامغا قارشى خەلقئارالىق كۈچلەرنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقى تۈزگەنلىگى، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئۇ كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشتا بىرلىشىشىنى پەرز قىلىدۇ. خەلقئارالىق كۈچلەرنىڭ ئىسلامغا قارشى تۇرۇشتا بىرلىشىپ، بىر گەۋدىگە ئايلانغانلىقى ئىسلام كۈچلىرىنىڭ ئۆز ـ ئارا بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىغا سەۋەب بولالماسمۇ؟

ئىسلام جەمىيىتىدىكى ئىسلامغا قارشى كۈچلەر ئىسلامنىڭ كېڭىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىر قوشۇنغا ئايلانماقتا. ئىسلام كۈچلىرى بۇ جەھەتتە يەككە ـيەككە تۇرسا ياخشى بولارمۇ ؟

ئىسلام كۈچلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى ئىنكار قىلىشىپ، شەخسىيەتچىلىك، ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش، گورۇھۋازلىق قىلىشتىن خالى بولۇپ، ئىسلامنىڭ يوقىرى مەنپەئەتىدە ئۇچرۇشۇشقا ئالدىرىمىسا قورقۇنۇشلۇق ئورتاق ئاقىۋەت ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۈتمەكتە.

3 – قايسى تەشكىلاتقا ئەزا بولۇشقا ئەرزىيدۇ؟

بۇ ناھايىتى ئىنچىكە موھىم نۇقتا بولۇپ، ھىكمەت، ئىزاھلاش قۇۋۋىتى ۋە قانائەتلەندۇرۇشكە مۇھتاج... ساھەدە ياشلارنى ئۆزىگە ئەزا بولۇشقا چاقىرىپ خىزمەت قىلىۋاتقان، بىر قانچە تەشكىلاتلار بار. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرگەن بولۇپ، ھەر بىر تەشكىلاتنىڭ ياشلارنى ئۆزىگە جەلىب قىلىدىغان شۇئارى ۋە ئۇسۇل ـ چارىلىرى بار.

ئۇستاز مۇستاپا مەشھۇر مۇنداق دەيدۇ : "" ھەر بىر ياش ئىسلامغا خىزمەت قىلىش ئاقىۋەتلىك ۋە ئاساسلىق مەسىلە ئىكەنلىگىنى چۈشىنىشى، خىزمەت قىلىدىغان يولنى ياخشى تاللىشى، ئىسلام پىرىنسىپلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتا ئۆزى قوشۇلماقچى بولغان تەشكىلاتنى تاللاشتا ئالدىراپ كەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى ئۇنىڭ پەقەتلا بىر جېنى، بىر قېتىملىق ئۆمرى بار. ئۇ ئىككى نەرسىنى ئەھمىيەتسىز ئىشلار سەۋەبىدىن خەتەرگە يولۇقتۇرماي، ۋاقىت ئاجرىتىپ، كۆڭۈل توختاتقانغا قەدەر بۇ مەسىلە ھەققىدە ئىزدىنىشى لازىم.

---

(4) تەبرانى بايان قىلغان

بۇ ساھەدە ئىشارەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە، ئىسلامنىڭ تەلەپلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش، ئىسلام دۆلىتىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەسلەپكى ئىسلام دۆلىتىنى تىكلەشتىكى يولىنى تۇتىشىمىز لازىم. ئۇ دەسلەپتە مۆمىنلەرنىڭ قەلبىدە ئەقىدىنى مۇستەھكەم توختاتتى، ئۇلارنى زەيد ئىبنى ئەرقەم[1]ئىسلام مەركىزىدە قۇرئان داستىخىنى ئۈستىدە ۋەئىزنىڭ مەدرىسىدە تەربىيىلىدى. بۇ مەدرىسىدىن ئەقىدە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىگەللىگەن، تۇيغۇسىنى، ۋىجدانىنى كونترول قىلغان ئەقىدىلىك ئەرلەر يېتىشىپ چىققانىدى. ئەقىدە ئۇلارنىڭ بارلىق سەرمايىسى ئىدى. ئۇلار ئەقىدىسى ئۈچۈن ۋاقتىنى، كۈچىنى، پىكرىنى، مېلىنى جېنىنى قۇربان بېرەتتى. ئەقىدىسىدە دادىل تۇرالايتى. ئەقىدە يولىدا ھەر قانداق جاپا ـ مۇشەققەتنى كۆتۈرۈشكە تەييار ئىدى. ئەقىدىسىدىن ھەرگىز يانمايتى. ئۇنى مۇداپىئە قىلاتتى ، ئەقىدە يولىدا مال جانلىرى بىلەن جىھاد قىلاتتى. ئۇلار ئۆلۈمگە بەسلىشەتتى، بۇ دۇنيا ھاياتى بىلەن پەرۋا قىلىپ قالمايتى، چۈنكى ئەقىدە ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ ئىچكىرسىگە سىڭىپ كىرىپ ئۇلارنى دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، لەززەت ئارقىسىدىن قوغلىشىپ يۈرۈشتىن ئازات قىلغان ئىدى. ئۇلارنى ئاخىرەت ھاياتى بىلەن باغلىغان ئىدى. ئەقىدە ئۇلارنى رىزقىدىن، ئەجىلىدىن ئەنسىرەشتىن ئازات قىلغانىدى.چۈنكى ئەقىدە ، ئىنساننىڭ ئۆمرى بەلگىلەكلىك بولىدۇ، ئۇنى ئۇرۇش مەيدانىكى جۈرئەت، شىجائەت كېمەيتىۋېتەلمەيدۇ. قورقۇنچاقلىق، ئارقىغا چېكىنىش بىر ئازمۇ ئۇ ئۆمۈرنى ئاشۇرالمايدۇ دەيدىغان ئاڭنى ئۇلارنىڭ قەلبىگە تىكلىدى. ئۇلار بۇ ئەقىدىنىڭ پەزىلىتى بىلەن رىزىق بىلەن ئەجەل ئاللاھنىڭ قولىدا دەپ ئىشىنەتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار دەسلەپكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسلىق كۈچلۈك تۈۋرۈكى بولالىغان ئىدى.

مۇشۇنداق يول ئۈستىدە ئىش ئېلىپ بارىدىغان جامائەتكە قوشۇلۇپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئەمما بىرلىك، تەشكىللىنىش، كۈچ ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى تەربىيە خىزمىتى ۋە تەييارلىق باسقۇچىنى بۇرۇن بىرىنچى ئورۇندا قويمايدىغان تەشكىلاتقا كەلسەك، ئۇنداق تەشكىلات بۇ خىل تۈردىكى خىزمەتنى بىلەن قارىملىق قىلىپ، ئىسلام خىزمىتىگە زىيان ئۇرىدۇ. تەربىيە ۋە بىرلىكسىز كۈچ- قۇۋۋەت يولى ئارقىلىق ياكى تەربىيە خىزمىتى ئىشلىمەستىن سىياسى پارتىيىلەر ۋاستىسى ئارقىلىق ھۆكۈمگە يېتىشكە ئۇرۇنۇش ئۆزىنى خەتەرگە تۇتقانلىقتۇر ھەمدە قارىملىق قىلغانلىقۇر. بەلكى بۇ خىل شەكىلدە خىزمەت ئېلىپ بېرىش ئىسلام خىزمىتىنى مۇستەھكەم قائىدە ئۈستىدە تەبئىي ئۆسۈپ يېتىلىشتىن ئىلگىرى يوقىتىۋەتكەنلىكتۇر.

ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن ئىمام بەننا بۇ يولنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىدىن ئالغانلىقى ھىس قىلالايمىز. ئۇ ئىسلام دۆلىتىنىڭ ۋە ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ تايانچ بازىسى بولۇشى ئۈچۈن، ساپ ئەقىدىلىك كىشلەرنى، ئىسلامى ئائىلە ۋە ئىسلامى جەمىيەتنى مۇستەھكەم ئاساسى قائىدە سۈپىتىدە تەييارلاپ چىقىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىدى.

شۇنداقلا قوشۇلۇپ ھەرىكەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان تەشكىلاتنىڭ ئىسلام دىنىنى ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، قانۇن، ھۆكۈم، جىھاد جەھەتتە ھاياتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىشىنىڭ لازىملىقىنى چاقىرىلغۇچىغا ئىزاھلاپ قويماق لازىم. چۈنكى بۇ تەشكىلات ئىسلام دىنىنىڭ بىر تەرىپىگە ئەھمىيەت بېرىپ يەنە بىر تەرىپىگە سەل قاراپ تاشلاپ قويسا توغرا بولمايدۇ. بىر تەرەپنى تۇتۇپ يەنە بىر تەرەپنى تاشلىغانلىق دۈشمەنگە يول ئېچىپ بەرگەنلىك بولۇپ قالىدۇ. تەشكىلات قانچىلىك تەجرىبىلىك

بولسا، نىشانىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشىدا، تېز مەھسۇلات بېرىشىدە، ۋاقىت بىلەن كۈچەيدىن ياخشى پايدىلىنىشتا ئىشىنىشكە ئەرزىيدۇ. مۇشۇنداق ئىش ئېلىپ بارغان تەشكىلات چۈشەنچىسى ۋە ھەرىكىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن يول تۇتۇپ ماڭغان بولىدۇ.

شۇنداقلا جامائەت ئۆز ـ ئەزالىرى ئارا ئالاقىسى كۈچلۈك بولىشى، ھەر بىرەيلەن خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلىدىغان ياكى پىلان تەرتىپسىز ھەرىكەت قىلىدىغان بولماي، ئىنتىزاملىق، رەتلىك، پىلانلىق ئىش ئېلىپ بارىدىغان بولىشى لازىم.

بۇ باسقۇچتىكى مانا مۇنداق ئېنىق چۈشەنچە بىلەن ھەر بىر ئىخلاسمەن راستچىل كىشى، قوشۇلۇپ ھەرىكەت قىلىشقا بىردىن ـ بىر ئەرزىيدىغان تەشكىلاتنىڭ سۈپەتلىرىنى ـ ئاللاھنىڭ نىمىتى بىلەن ـ مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىدا تولۇق تېپىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

شۇڭا بۇ يەردە ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىسلامى تەشۋىقاتلار ھەققىدە بىر ئاز توختۇلۇشقا توغرا كېلىدۇ ، قېرىنداشلار تەشۋىقاتى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كەڭرى تارالغان. ئەرەپ شەھەرلىرىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ھىندىستان ۋە پاكىستاندىكى ئىسلام جامائەتى، ھىندونۇزىيەدىكى ماشۇمى پارتىيىسى، ئافغانىستاندىكى ئىسلام جىھاد ھەرىكىتى، تۈركىيەدىكى رەفاھ پارتىيىسى، تۇنىستىكى ئىسلام يۈنۈلۈش ھەرىكىتى، ماراكەشتىكى ئىسلام ياش ئاۋانگارتلار ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلامى ئاڭلىق ھەرىكەتلەر نىڭ ھەممىسى بىر نىشانىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۆز شەھرىدە ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ھەر بىر قېرىنداشنىڭ يەنە شۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش خىزمەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرى بار، ھەر بىرسى ئىسلامنىڭ بىردىن چېگرىسىنى قوغدايدۇ.

4 ـ تەشۋىقاتنى مەخپى ئېلىپ بېرىش ۋە ئاشكارا ئېلىپ بېرىش ھەققىدە :

تەشۋىقاتنى ئاشكارا ۋە مەخپى ئېلىپ بېرىش تەشۋىقاتتىكى موھىم نۇقتىلارنىڭ بىرسىدۇر، شۇڭا ئىسلام تەشۋىقاتىغا ھەرىكەت خىزمىتى باسقۇچىنى باشلىماقچى بولغان ياشلار ئاشكارا ئېلىپ بارىدىغان ۋە مەخپى ئېلىپ بارىدىغان ئورۇنلارنى ياخشى بىلىشى لازىم. ئىسلام دىنىنىڭ چاقرىقى، غايىسى، چۈشەنچىسى ۋە ئىنسانلارنىڭ بۇ زېمىندا يارتىلىشىدىكى غايە، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ۋە ياراتقۇچى بىلەن بولغان ئالاقىسى ھەققىدە توختالغاندا بۇ ھەقتىكى پاراڭ ئوچۇق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمما ئىسلام تەشۋىقاتى تەقەززا قىلىۋاتقان ھەرىكەت ۋە تەشكىللىك ئىشلار مەخپى ھالدا ۋە ھەر بىر شەھەرنىڭ شارائىتىغا رىئايە قىلىنغان ئاساسدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئالايلۇق، كىشلەر سىرنى ئىسلام دىنىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر مۇسۇلمان سۈپىتىدە تونسا ھېچقانداق مەسىلە يوق. بىراق سەندىن تەشكىلاتنىڭ خەۋەرلىرى، سىرلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىنى ئۇقۇپ قېلىش خەتەرلىك ئىشتۇر. ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ تەشۋىقات ھەرىكىتىنىڭ خەۋەرلىرى ۋە سىرلىرىنى ئۇقۇۋېلىپ تەشۋىقاتقا ھەر قايسى تەرەپلەردىن توسقۇنلۇق قىلماسلىقى، ھەرىكەت ئەزالىرىغا زىيان- زەخمەت يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن ئىش مەخپى تۈردە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۈگۈنكى ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەر ئىسلام ھەرىكىتىنى ئىزمۇ ـئىز قوغلاپ، پۇرسەت تاپسىلا زىيان- زەخمەت يەتكۈزۈشنىڭ كويىدا يۈرمەكتە.

ئىشلارنى مەخپىي ۋە ئاشكارا شەكىلدە ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۆزى غايە ئەمەس. مەخپىي يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىش ياكى ئاشكارا ئېلىپ بېرىش ھەرىكەتنىڭ شارائىتى تەقەززا قىلىۋاتقان ۋاستىلەردۇر. جىمجىت مەخپىي ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك بولغان بەزى ئورۇنلار بار، ئىشنى ئاشكارا قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بەزى بىر ئورۇنلارمۇ بار. بەزى ئورۇنلار ھەر ئىككىلى ئۇسۇلنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەسلىدە تەشۋىقاتنى ئوچۇق - ئاشكارا تارقاتماق ۋاجىپ ئىدى، بىراق شارائىت بۇنىڭغا يار بەرمىگەنلىك سەۋەبىدىن، تەشكىللىك ئىشلارنى مەخپىي يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىشنى تەقەززا قىلىپ قىلماقتا.

يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىشنىڭمۇ چېكى بار، ئاشكارا ئېلىپ بېرىشنىڭمۇ چېكى بار بىر ئىشتۇر. ھازىرقى شارائىتتا ھەممە ئىشلارنى ئاشكارىلاپ نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. سىستېمىلىق ھەرىكەتنىڭ سىرلىرى ئۇقۇلۇپ قېلىپ، تەشۋىقاتچىلارنىڭ قانچىلىك ئېغىر مۇسىبەتلەرگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى، بۇ سەۋەپتىن تەشۋىقاتنىڭ ئارقىغا چېكىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

تەشكىلاتنىڭ ئىشلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىنى ئىسلام دۈشمەنلىرىگە نىسبەتەن مەخپىي تۇتۇشى بىلەن، ئۆز ئەزالىرى ئارىسىدا مەخپىي تۇتۇشنىڭ ئالاھىدە پەرقى بار. بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىز قورقۇنۇشلۇق دەرىجىدىكى ئىشپىيونلۇق دەۋرىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە ھەر قايسى تەرەپتىن يوقۇرى تەربىيە ۋە ئاجايىپ پۇختىلىق بولمىسا بۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ.

تەشۋىقاتتىكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇنلۇق

ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش خۇسۇسەن بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋردە تەشۋىقاتنىڭ موھىم نۇقتىلىرىنىڭ بىرىسى سانىلىدۇ. ئۇ "تەربىيە باسقۇچىدىن" ئىبارەت ئەڭ ئىنچىكە باسقۇچ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. كۆپلىگەن ئىسلام ھەرىكەتلىرى، ئىسلام دىنى ئامانلىق تەربىيىسىگە ھېچقانداق ئەھمىيەت نەزىرى بىلەن قارىماقلىق دەپ خاتا گۇمان قىلماقتا. بۇلار تەۋەككۇل قىلىشنى ئوخشمايدىغان چۈشەنچە بىلەن ئىزاھلايدۇ. چۈنكى بۇلار تەۋەككۇل قىلىشنى، نەتىجىنىڭ ھەرتۈرلۈك ئېھتىماللىق تەرىپىدىن كۆزنى يۇمۇۋېلىپ، قوللىنىشقا تېگىشلىك سەۋەب چارىلاردىن ئۇنى ئايرىۋېتىپ، خۇددى تەۋەككۇل قىلىش بۇلارنىڭ نەزىرىدە سۇسلۇق قىلىشتەك بىر خىل چۈشەنچە بىلەن ئىزاھلىشىدۇ.

ئامانلىق تەربىيىسىدىن مەقسەت بىرەر ھەرىكەت ئۆزىنىڭ ئامانلىقى، ئەزالىرىنىڭ ئامانلىقى، خىزمەت ئورگانلىرىنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، شۇنداقلا باشقا يامان غەرەزلىك ھەرىكەتلەرنىڭ پائالىيىتىنى، ھەرىكەتلىرىنى كۆزۈتۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئېنىقلاش، پىلانلىرىنى چۈشۈنۈش، مەقسەت نىيەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاش، قىسقىسى قارشى دۈشمەن ھەرىكىتىنىڭ پىلانىنى بىكار قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن تۈزگەن سىياسىتىدۇر.

بۇ مەسىلە زور ئەھمىيەتلىك مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ئاز توختىلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ. توختىلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك نۇقتىلار تۆۋەندىكىچە:

1 -ئىلگىركى تەشۋىقاتلاردىكى يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭ شەرئىلىكى،

2 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەشۋىقاتىدىكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلىنغان پائالىيەتلەر،

3 - تەشۋىقاتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان باشلىنىش دەۋرىدە پائالىيەتنى يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكى

4 - بۇ دەۋردە ئىسلام ھەرىكىتىگە نىسبەتەن يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكى.

بىرىنچى: ئىلگىرىكى تەشۋىقاتلاردىكى يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭ قانۇنلۇق ئىش ئىكەنلىكى:

مەخپى ئىش ئېلىپ بېرىش ئىلگىرىكى تەشۋىقاتلاردا ئاساسلىق بىر ئىش ئىدى. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردىن قېچىپ چىققىدىغان چېغىدا، قېچىپ كېتىش پىلانىنى پىرئەۋنىنىڭ ئىشپىيونلىرىدىن مەخپى تۇتۇشقا بۇيرۇپ ئالاھىدە ئىشارەت قىلىپ ئۆتتى: { مېنىڭ بەندىلىرىمنى كېچىدە ئۇقتۇرماي ئېلىپ چىقىپ كەتكىن، پىرئەۋن ئەسكەرلىرى سىلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن ئىز تەكشۈرۈپ قوغلايدۇ. شۇڭا دېڭىزنى تىپتىنىچ (سەن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن قۇرۇق ھالىتى بويىچە) قويغىن، ئۇلار غەرق بولۇپ تۈگىشىدۇ }. [1]

لۇت ئەلەيھىسسالامنى يېزىسىدىن يوشۇرۇن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇپ: { ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر) : " ئى لۇت! بىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىدۇرمىز، ئۇلار ھەرگىزمۇ ساڭا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ، ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا (ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن) چىقىپ كەتكىن. ئايالىڭدىن باشقا، سىلەردىن ھېچ بىر كىشى ئارقىسىغا قارىمىسۇن، ئۇ (يەنى ئايالىڭ)ئۇلار بىلەن بىرگە ھالاك بولغۇچىدۇر، شۈبھىسىزكى،ئۇلارغا ئازاپ چۈشىدىغان چاغ تاڭ ۋاقتىدۇر، تاڭ يېقىن ئەمەسمۇ ؟} دېدى.[2]

يەنە ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە كەھف ئىگىلىرى ھەققىدە توختىلىپ: { بىرىڭلارنى بۇيرۇڭلار، بۇ تەڭگىلەرنى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، كىمنىڭ تامىقى ئەڭ پاكىز ئوبدان بولسا، ئۇنىڭدىن سىلەرگە سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلسۇن. ئۇ (شەھەرگە كىرىشتە ۋە تاماق سېتىۋېلىشتا) ئېھتىيات قىلسۇن، سىلەرنى ھېچ كىشىگە تۇيدۇرمىسۇن. ئەگەر شەھەردىكى كىشىلەر سىلەرنى تۇتۇۋالسا، سىلەرنى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ ياكى سىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلايدۇ، مۇنداقتا سىلەر ھەرگىزمۇ مەقسىتىڭلارغا ئېرىشەلمەيسىلەر} دېدى. [1]

ئىككىنچى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تەشۋىقاتىدىكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشۋىقاتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىرىدە مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن، قەلبى كەڭرى، نىيىتى ساپ ۋە ئۇنىڭ گەپ سۆزلىرىنى يوشۇرالايدىغان مۆئمىن تۆردىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلارغا تەلىمات بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئۆزى رەسمىي ئىشىنىدىغان يېقىن كىشىلەردىن باشقا كىشىلەردىن يوشۇرۇن تۇتقان ئىدى. ئۇ تەشۋىقات مەسىلىسىنى پەقەتلا ئايالى خەدىچە ، تاغىسىنىڭ بالىسى ئەلي، بېقىۋالغان بالىسى زەيدئىبنى ھارىسە ۋە ۋاپادار يېقىن دوستى ئەبۇبەكرىگىلا بايان قىلغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتىن تارتىپ، قۇرەيش قەۋمىگە ئىسلام تەشۋىقاتىنى ئۈشتۈمتۈت قانات يايدۇرۇش، ئاشكارا ھالەتتە تارقىتىشنىڭ پىلانىنى تېخىمۇ تەسلەشتۈرۈپ قويىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى.

---

(1) دۇخان سۈرىسى 22 ـ ئايەت .

(1) كەھف سۈرىسى 19 ـ ئايەت .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئاقىۋەتنى ئويلىغىلى بولمايدىغان خەتەرنىڭ تەشۋىقاتقا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، تەشۋىقاتنى ئومۇمى خەلق پىكرىگە ئۈشتۈمتۇت ئېلان قىلىشتىن، مۇقەددىمىسىزلا قارشىلىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى.

ئىسلام تەشۋىقاتى قايسى بىر ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىگە ئوخشاشلا، ئىنسانىيەت ھاياتىدا ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. قالغان باسقۇچلار بۇ باسقۇچنىڭ نەتىجە قازىنىشىغا ئالاقىدار بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەشۋىقات دەسلەپكى ئاساسى قائىدە ئورۇقىنى قۇردىرتىشىنىڭ يېتىشىچە قوغداشقا ۋە ھىمايە قىلىشقا ناھايىتى ئېھتىياجى بار ئىدى.

ئىشنىڭ بېشى ساغلام بولسا، ئاخىرسىمۇ ساغلام ئاياغلىشىدۇ، ئاجىزلىق ۋە ھەرىكەت يولىدىن ئۆزۈلۈپ قېلىش دەسلەپكى باشلىنىشنىڭ توغرا بولمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مەزگىلدە قوللانغان تۈنجى رەسمىيىتى، تەشۋىقاتنىڭ خەۋەرلىرى سەۋىيەسىز كىشىلەرگە يېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تاللاشنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، يەككە ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىغا تايىنىش ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئىشەنچە قىلالىغان كىشىگە تەشۋىقات خىزمىتىنى ئېلىپ باراتتى. دەسلەپتە ئۇ بەك ھەزەر ۋە ئېھتىيات قىلاتتى.

تەشۋىقات ئىدىئولوگىيىسىنى رەت قىلىش ئېھتىمالى بار بولغان كىشىلەردىن گەرچە ئۇلار ئەڭ يېقىن تۇققانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ ئەبۇ تالىپ ۋە ھەمزە(ئالللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) گە ئوخشاش ـ ئۇلارغا تەشۋىقات خەۋىرىنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن ساقلانغان ئىدى.

مۇسۇلمانلار يات كىشلەردىن سىرىت يېقىن تۇققانلىرىدىنمۇ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى يوشۇرۇشاتتى. ئىسلام تەشۋىقات ئالغا ئىلگىرلەپ مېڭىۋېرەتتى، كىشلەر ئۇنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ تۇراتتى، لېكىن بۇ تەشۋىقاتنىڭ بايرىقى ئاستىدا كىملەرنىڭ بارلىقى ئۇلارغا نامەلۇم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشرىكلار بۇ ئىشقا دەسلەپتە كۆڭۈلشمىگەنىدى.

تەشۋىقاتنىڭ مەنپەئەتى جاھىلىيەت جەمئىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ھەزەر قىلىشنى تەقەززا قىلاتتى.

بۇ خىل پىرىنسىپ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشۋىقات دائىرىسىنى كۆڭۈل توختاتقان ساھابىلىرىغا كېڭەيتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ يولدا قوللانغان پىلانلىرى ئىنچىكە ئىزدىنىش ئارقىلىق تۈنۈلگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خىزمەتكە پىلانسىز ئاتلانمىغانىدى. ئۇ شارائىتنى كۆزدە تۇتقان ھالەتتە نىشانى ئېنىق، ئۇسۇل ـ چارىللىرى بەلگىلەكلىك پىلان بىلەن قەدەم باساتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام موھىتنىڭ ئۆرپى ـ ئادىتى، نوپۇزلۇق كىشلەرنىڭ تەبئىتى ۋە ئۇلارنىڭ خەلق ئېڭىنى ئالداپ كېتىشكە قۇدرىتىنىڭ بارلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، دەسلەپتە قەبىلە باشلىقلىرىنى ئىسلامغا چاقىرىشتىن ئۆزىنى تارتتى. چۈنكى ئۇلار دەۋەتنى قوبۇل قىلماي قالسا، تەشۋىقاتقا تېخىمۇ توسقۇنلۇق قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خىل پىلانلىرى بىلەن قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماستىن، ئىسلام تەشۋىقاتىنى جەمىيەتنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىغا قەدەر قانات يايدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانىدى.

ئۇ جەمىيەت بىلەن تېز قارشىلىشىپ قىلىشتىن ساقلىنىش سىياسىتىنى تۇتۇپ ماڭغانىدى، ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ جەمىيەت تەرىپىدىن سىقىنچىلىق ۋە بېسىمغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، خۇسۇسەن ئۇلارغا ئالاقىدار بولغان مەسىلىلەردە خىزمەتنىڭ بەك مەخپىي بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنىدى.

ساھابىلار ئۆزى ئىشەنچلىك دەپ قارىغان كىشىلەرنى دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. ئەبۇ بەكرى(ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) ئوسمان ئىبنى ئەففان، زۇبەيرئىبنى ئەۋۋام، ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋپ، سەئىدئىبنى ۋەققاس ۋە تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاغا ئايرىم ھالدا دەۋەت ئېلىپ باردى. مانا بۇ سەككىز نەپەر كىشى ئىسلامنى بۇرۇن قوبۇل قىلغانلار ئىدى. ئۇلاردىن ھەر بىرسى يېڭى ئىسلام تەشۋىقاتقا ئىشىنىشى بىلەنلا ئۆزى ئىشىنىدىغان يېقىن دوستلىرى ۋە تۇققانلىرىنى يېڭى دىنغا تارتىپ كىرەتتى. بۇ ئازغىنا بىربۆلۈك كىشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ، ھەرتۈرلۈك تەلىمات ۋە كۆرسەتمىلەرنى ئالاتتى. بۇلار تاغ جىلغىلىرىدەك مۇناسىپ ئورۇنلاردا ئۇچرىشىپ، ئىسلام دىنىنى ئۆگىنىپ، ئىبادىتىنى داۋاملاشتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەشۋىقاتنىڭ دۈشمەنلەرى ئۇلارنىڭ ئورنىنى سېزىپ قالغانلىقىنى ھىس قىلىپ، تەشۋىقات ئورنىنى ئەرقەمنىڭ قورۇسىغا يۆتكىۋەتتى. ئۇ ئۇلار بىلەن بۇ قورۇدا ئۇچرىشىپ ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئىمان ئورۇغىنى تىكەتتى ۋە ئۇلارنى باشقىچە تەربىيىلەپ چىقاتتى.

يېڭى تەشۋىقاتنىڭ خەۋىرى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا تاراپ، ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى كۆپەيگەن ۋاقىتدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن بۇ تەشۋىقاتنى ئاشكارا ئېلىپ بېرىش ھەققىدە ۋەھيى كەلدى. بۇ دەۋردە تەشۋىقات ئۈچ يىل مەخپىي داۋاملاشقان ئىدى.

ئىشلارنى مەخپىي ئېلىپ بارغانلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قورقۇنچاقلىقى بولماستىن، ئاشكارا باسقۇچقا چىقىشتىن ئىلگىرى بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىش ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى ئىدى. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر بىر ئىشلىرىنىڭ ۋەھيى ئارقىلىق بولغانلىقى دەلىل بولالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشكارا پائالىيەتكە بولغان چۈشەنچىسى :

ئىبنى ئاباس بايان قىلىپ شۇنداق دەيدۇ : { يېقىن تۇققانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن } دېگەن ئايەت چۈشكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساپا تېغىغا چىقىپ، ھەر بىر قەبىلىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ داھىلىرىنى ئۆزىگە خاس ئىسمى بىلەن چاقىرىپ، قەبىلە ئايماقلىرىنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ئۇلارغا : "ئەگەر مەن سىلەرگە مۇشۇ ئويمانلىقنىڭ ئارقىسىدىن سىلەرگە دۈشمەننىڭ ئاتلىق قوشۇنى ھۇجۇم قىلماقچى دەپ سىلەرنى ئاگاھلاندۇرسام شەك قىلامسىلەر دېگەندە ؛ ئۇلار ياق شەك قىلمايمىز! بىز سېنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىڭنى ئاڭلاپ باقمىدۇق دېيىشتى. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارغا : "مەن سىلەرنى قاتتىق ئازاپتىن ئاگاھلاندۇرغۇچى بولىمەن " ' دېگەن [1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىككىنچى قېتىم چاقىرىپ مۇنداق دېگەن : "ئاللاھنى ماختاپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمەن. ھەقىقەتەن يېتەكچى بولغان كىشى يالغان سۆزلىمەيدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئاللاھنىڭ سىلەرگە خۇسۇسىي، باشقا كىشلەرگە ئومۇمى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرىدۇرمەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۇخلىغاندەكلا ئۆلىسىلەر، ئويغانغاندەكلا تىرىلىسىلەر، قىلغان ئىشىڭلاردىن ھېساپ بېرىسىلەر، يا مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرىسىلەر ياكى دوزاققا كىرىسىلەر " .

[1] بۇخارى بايان قىلغان .

مانا بۇ تەشۋىقاتنى ئاشكارا قىلىش توغۇرلۇق كەلگەن باياندۇر. ئۇنىڭدىن شۇنداق مەنا چىقىپ تۇرۇدۇكى، ئاشكارا قىلىشتىن مەقسەت، كىشلەرگە ئىسلام تەشۋىقاتىنى بايان قىلىپ بېرىش، ئىسلام دىنىنىڭ ھەققى ماھىيىتى، غايىسى،چۈشەنچىسىنى ئىزاھلاپ بېرىش، ئۇلارنىڭ دۇنياغا پەيدا بولۇش غايىسىنى، بۇ دۇنيادىكى رولىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قىلىشىغا تېگىشلىك بولغان ئىشلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ھايات بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بايان قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاشكارا قىلىدىغان ئورۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ۋە كىشلەرگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان ئىسلام دىنىدۇر. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: { ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەن ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن } دەيدۇ . (1)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشۋىقاتنى كىشلەرگە تولۇق يەتكۈزۈپ، كىچىك كۈندۈزگە ئوخشاش ئوچۇق پاكىت ئۈستىدە قالدۇرۇپ كەتتى. مانا بۇ تەشۋىقاتنى ئاشكارا ئېلىپ بېرىشنىڭ چۈشەنچىسىدۇر. ئۇنداقتا بۇ تەشۋىقاتنى يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىشقا تاقاشمايدۇ. چۈنكى ھەر بىر سىنىڭ ئۆز ئورنى بار. ئاشكارا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭ مەيدانى ئىسلام تەشۋىقاتى، ئۇنىڭ ئەسلى ھەقىقتى، ئاساسلىق چۈشەنچىسىدىن ئىبارەتتۇر.

ئەمما مەخپى يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭ مەيدانى ئىسلام تەشۋىقاتى تەقەززا قىلىۋاتقان سىستېمىلىق تەشكىلات، تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى، ھەر بىر ئەزانىڭ خىزمەت ئورنى، تەشكىلاتنىڭ ھەرىكەتلىرى، ئەزالىرىنىڭ ئۇچۇرۇشۇش ئورۇنلىرىدىن ئىبارەت.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاشكارا پائالىيەت بىلەن يوشۇرۇن پائالىيەتنى بىرلەشتۈرەتتى. ئاشكارا قىلىش لازىم بولغان ئورۇندا ئاشكارا پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. ئۇ كىشلەرنىڭ ئالدىدا تەشۋىقاتنىڭ ھەقىقتى ۋە نىشانلىرىنى ئاشكارا قىلاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولغان ئورۇندا شارائىتنىڭ تەقەززاسىغا قارىتا يوشۇرۇن ئىش ئېلىپ باراتتى. كۆپلىگەن ھادىسىلەر بۇنىڭ جانلىق دەلىلى بولالايدۇ.

<u>پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەشۋىقاتىدىكى مەخپى يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر:</u>

(1) - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ئەرقەمنىڭ قوروسىدا تەشۋىقاتنى ئاشكارا قىلىشقا بۇيرۇق كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا مەخپى ئۇچۇرۇشاتتى. ئۆمەرنىڭ خەتتاپىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ. ئۆمەر پەيغەمبەرلىكنىڭ 6 - يىلى مۇسۇلمان بولدى. ۋەقەنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە : ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر بۆلۈك ساھابىلىرى بىلەن سافا تېغىغا يېقىن بىر ئۆيدە مەخپى ئۇچۇرىشىدىغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يوقىتىۋېتىش نىيىتىدە قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ئىدى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامنى ئاشكارا تارقىتىشقا باشلىغان بولسىمۇ، يەنىلا قۇرەيشتىن ھەزەر قىلىپ ئۆز ساھابىلىرى بىلەن بولغان يىغىلىشىنى مەخپى تۇتقانلىقىغا دەلىلدۇر. يولدا ئۆمەرگە نۇئەيم ئىبنى ئابدۇللا ئۇچراپ - ئۇ كىشى مۇسۇلمان بولغانلىقىنى يوشۇرۇپ تۇرىۋاتاتتى - ئۆمەردىن : ئۆمەر نەگە ماڭدىڭ؟ دەپ سورىۋىدى، ئۆمەر : قۇرەيش قەۋمىنىڭ ئىشلىرىنى پارچىلاپ، دىنىنى ئەيىپلىگەن، ئىلاھلىرىنى ھاقارەتلىگەن مۇھەممەدنى يوقاتقىلى ماڭدىم دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. نۇئەيم ئۇنىڭغا : ئۆمەر نەپسىڭ سېنى ئالداپتۇ. سەن ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتسەڭ مۇھەممەدنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى سېنى بوش قويىۋېتەرمۇ ؟ ئۆيۈڭگە قايتىپ، ئۆيۈڭدىكىلەرنىڭ

ئىشلىرىنى تۈزەتمەمسەن؟ دەيدۇ. ئۆمەر ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىمنى دېمەكچى دەپ سورايدۇ. نۇئەيم : كىيئوغلۇڭ ۋە ھەمشىرەڭ پاتىمە ئىككىيلەن مۇسۇلمان بولۇپ مۇھەممەتكە ئەگەشتى دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر كىيئوغلى ۋە سىڭلىسىنىڭ قېشىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇ ئىككەيلەننىڭ قېشىدا خەبباب ئىسىملىك بىرساھابە ئۇلارغا سۈرە" تاھا " ‘ يېزىلغان قەغەزنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. ئۇلار ئۆمەرنىڭ كېلىۋاتقان شەپىسىنى ئاڭلىشى بىلەن تەڭلا، خەبباب بىر بۇلۇڭغا ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. پاتىمە ئايەت يېزىلغان ھېلىقى قەغەزنى دەرھال يوشۇردى. ئۆمەر ئاچچىغىدا سىڭلىسىنىڭ يۈزىگە قاتتىق بىركاچات سالغان ئىدى، سىڭلىسىنىڭ يۈزىدىن قان تىمىشقا باشلىدى. ئۆمەر سىڭلىسىنى ئۇرغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ھېلىقى قەغەزنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. خەبباب مۆكۈنۈۋالغان يېرىدىن چىقىپ : ئەي ئۆمەر! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساڭا قىلغان دۇئاسىنىڭ ئىجابەت قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەيمەن، ئۇ بىر قېتىم : " ئي ئاللاھ ئەبۇجەھل ياكى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن ئىسلام دىنىنى كۈچلاندۇرغىن" دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم ". ئەي ئۆمەر ! ئاللاھدىن قورىقىن دەيدۇ، ئۆمەر مېنى مۇھەممەتنىڭ قېشىغا باشلاپ بارغىن مۇسۇلمان بولاي دەيدۇ. خەبباب ئۇنىڭغا :ئۇ سافا تېغىنىڭ قېشىدىكى بىر ئۆيدە ساھابىلىرى بىلەن بىللە دەپ ئۆينىڭ ئورنىنى سۆپەتلەپ بېرىدۇ. ئۆمەر ئازراق ھەس قىلغان بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يىغىلىش ئورنىنى رەسمى بىلمەيتى.

(2) ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن تاغ جىلغىلىرىدا مەخپىي يىغىلىش ئۆتكۈزەتتى، ئىبادەتنى شۇ يەردە ئادا قىلاتتى.

(3) ـ ساھابىلارنىڭ ھەبەشستانغا مەخپىي ھىجرەت قىلىشى، ھىجرەت ئىشى مەخپىي بولغان ئىدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى بۇ ئەھۋالنى ئۇلار دېڭىزدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن سەزگەن.

(4) ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پانالىق ئىزدەپ تائىف شەھرىگە مەخپىي چىقىشى، ئۇنىڭ ئۇلاردىن، ئەگەر ياردەم بېرىشكە ئۇنىمساڭلار مېنىڭ بۇ ئورۇنغا كەلگەنلىكىمنى مەخپىي تۇتۇڭلار دەپ تەلەپ قىلىشى،

(5) ـ ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتى، چۈنكى بۇ بەيئەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەنسارىلار ئارىسىدا قاتتىق مەخپىيەتچىلىك ئاستىدا پۈتتى. كەئب ئىبنى مالىك بۇ بەيئەتنى شۇنداق تەسۋىرلەيدۇ، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشىمىز دەپ ۋەدىلەشكەن كۈنى ئۆز قەۋمىمىز بىلەن بىللە ياتتۇق. كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۆتكەندە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن ۋەدىلەشكەن ئورۇنغا كەپتەر سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتكەندەك مەخپىي سۇغۇرلۇپ يېتىپ باردۇق. ھەممىمىز دېگىدەك دەل بەلگىلەنگەن ئورۇندا جۇغلاشتۇق. ھەر بىرىمىز ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يېتىپ باردۇق. ھەممىمىز ئۆزىمىزگە مەسئۇل بولۇپ ئۇخلاپ قالغانلارنى ئويغاتماي ماڭدۇق. بىزنىڭ سانىمىز جەمئى 73 ئەر ئىككى ئايال ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يىغىلىشتا ئەقەبىگە بارغىلى بولىدىغان كوچىنىڭ بىر ئېغىزىغا ئەلىنى يەنە بىر ئېغىزىغا ئەبۇ بەكرنى پوست قويغان ئىدى. ئۈچەيلەندىن باشقا كۆپلىگەن ساھابىلەرنىڭ بۇ يىغىلىشتىن خەۋىرى يوق ئىدى. يىغىلىش ئاخىرلاشقاندا تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلارنى تارقاپ كېتىشكە بۇيرۇدى، ئۇلار تارقاپ كەتتى. بۇ ھەج مەۋسۇمى بولۇپ بۇ ئەھۋالنى مەدىنە مۇشرىكلىرى ياكى مەككە مۇشرىكلىرى يىغىلىش ئۆتكۈزۈلىۋاتقان ۋاقىتتا

سېزەلمىدى. كېيىن مەككە مۇشرىكلىرى ئازراق گۇمانلىنىپ قېلىپ، مەدىنە مۇشرىكلىرىدىن سوراشتۇرغاندا، مەدىنە مۇشرىكلىرى يىغىلىشنىڭ ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىشتى. مەككە مۇشرىكلىرى ئازراق سېزىپ قالغان ئىدى، ئۇلار ئىز قوغلاپ بولغۇچە ئىش ئاياغلىشىپ بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىغىلىش ئورنى بىلەن ۋاقتىنى قاتتىق ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىغان ئىدى. يوق ئادەمنى ساقلىماي ياكى ئۇخلاپ قالغان كىشىنى ئويغاتماي بىر ئىككىدىن مەخپىي كېلىشكە كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى. ئۇ ھەممىيلەن يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزى كەلدى. يەنە ئۇ ۋاقتىنىڭ ئۇزراپ كەتمەسلىكى، باشقىلارنىڭ سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن سۆز قىلغان ھەر بىر كىشىدىن تۆۋەن ئاۋاز بىلەن سۆز قىلىشنى، سۆزنى قىسقا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئەبباس ئىبنى نەزلە دېگەن ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا :" ئەگەر سەن خالىساڭ ئۇلارغا ئەتە ھۇجەم قىلايلى دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : "بىزگە تېخى ئۇنداق بۇيرۇق كەلمىدى، ھازىرچە قايتىپ تۇرۇڭلار " دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىش چىقارماي ئۆيلىرىگە قايتىشقا، ئەھۋاللار ياخشىلانغىچە ئىشلىرىنى مۇشرىكلاردىن يوشۇرۇن تۇتۇشقا بۇيرۇغانىدى.

(6) - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرگە قىلغان ھىجرتى ئاجايىپ يوشۇرۇن مەخپىي ھالەتتە بولغانىدى. چوڭقۇر نەزەر سالىدىغان بولساق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوللانغان ئۇسۇل - چارىلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ۋە ئىنچىكە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

ئۇ قوللانغان بىرىنچى ئېھتىيات ئۇسۇلى ھىجرەت قىلىش ئىشىنى قاتتىق مەخپىي تۇتتى. ھەرىكەتنىڭ نەتىجە قازىنىشى ئۈچۈن موھىم ئالاقىسى يوق بولمىغان كىشلەرگە ئۇختۇرمىدى. ھەتتا ئەڭ يېقىن دوستى ئەبۇ بەكرىگىمۇ كېيىن ئۇختۇرغان.

ئىككىنچى قوللانغان ئېھتىياتى ئۇنى سۈئىقەست قىلىپ يوقاتماقچى بولغانلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن، ئەلىنى ئۆز ئورنىدا ئۇخلاشقا تاللاپ، كېچىدە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

ئۈچىنچى ئېھتىياتى سەھرانىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىدىغان تەجرىبىلىك يول باشچىنى تاللىدى. ئۇ ئىككەيلەن غاردا مۆكۈنۈپ ياتقان زاماندا، خەۋەر ئاخبارات بىلەن تەمىنلەيدىغان، يىمەك - ئىچمەك يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ۋە بۇ خىزمەتكە كېلىپ كېتىپ تۇرىۋاتقانلارنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرىدىغانغا ئادەم توختاتتى.

تۆتىنچى ئېھتىياتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىدىن كېچىدە ئارقا دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. مەدىنىنىڭ ئاساسلىق چوڭ يولىغا قارىمۇ - قارشى يولنى بويلاپ ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۇتىنىڭ ئىزنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ ماڭغانلىقى، شۇ ئارقىلىق پۇتىنىڭ قاپىرىپ كەتكەنلىكى بايان قىلىندى.

بۇ ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق :جبرئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا چۈشۈپ: "" بۇ كېچە ئۆز ئورنىڭدا ياتمىغىن " دەيدۇ. ئائىشە (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) شۇنداق بايان قىلىدۇ : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالسا ئادەتتە ئەتىگەن ياكى كەچ تەرەپلەردە كېلەتتى.ھىجرەت قىلىدىغان كۈنى جىڭ چۈش ۋاختىدا ئۆيىمىزگە يېتىپ كەلدى. ئادەتتە بۇ ۋاقىتلاردا كەلمەيدىغان ئىدى. ئەبۇبەكرى ئۇنى كۆرۈپ : چوقۇم بىر جىددى ئىش بىلەن كەلدى بولغاي دەپ ئويلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرگەندە كارىۋاتتىن ئورۇن بوشۇتۇپ بەردى. ئۆيدە دادام

ئەبۇ بەكرى بىلەن مەن ۋە ئاچام ئەسما بار ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "" قېشىڭدىكىلەرنى چىقىرىۋەتكىن " دەيدىغان موھىم گەپ بار ئىدى دەيدۇ. ئەبۇ بەكرى : ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ئىككىسى مېنىڭ قىزلىرىم بولىدۇ، خاتىرجەم بولغىن دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : ماڭا ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى دىگەندە ئەبۇبەكرى ئۆزىنىڭ بۇ مۇبارەك سەپەردە ھەمرا بولۇشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىلتىماسقا مۇۋاپىق كىلىدۇ. ئۇنىڭ قوشۇلغانلىقىدىن ئەبۇ بەكرى خۇرسەن بولۇپ يىغلاپ تاشلايدۇ.

كېچە كىرگەندە مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توپلۇشۇپ، سۇئىقەست پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قاچان تاڭ ئاتار دەپ كۈزۈتۈپ تۇرىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىگە: " بۈگۈن سەن مېنىڭ ئورنىمدا مېنىڭ يېپىنجامنى يېپىنىپ ئۇخلىغىن، ساڭا ھەرگىز خاپىلىق كەلمەيدۇ " دەپ، ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ئاللاھ ئۇ مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىنى كۆرمەس قىلىپ قويغان ئىدى. مۇشرىكلار بىر ئازدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئەلىنىڭ ئۇنىڭ ئورنىدا ئۇخلىغانلىقىنى سېزىپ پىلانىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ھىس قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدىغاندا ئارقا دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكەن. ئۇ ئىككەيلەن ئۇدۇل ھىرا غارىغا قاراپ يول ئالىدۇ. ئەبۇ بەكرى بالىسى ئابدۇللانى مەككە ئىچىدەخەۋەر تىڭشىتىڭلاپ ھەر كۈندىلىك خەۋەرنى ھەر كۈنى دەل ۋاختىدا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ. خىزمەتچىسى ئامىرنى تاغ باغرىدا كۈندۈزى قوي بېقىپ كەچقۇرۇن ئابدۇللانىڭ ئىزنى يوقۇتۇپ قايتىشقا بەلگىلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدا ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۈچ كۈن مۆكۈنۈپ تۇرىدۇ، قۇرەيش قەۋمى ئۇ ئىككەيلەننى تۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بار ئورنىنى خەۋەر قىلىپ بەرگەن ئادەمگە 100 تۆگە مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غاردا ھاجەتتىن ئوشۇق مۆكۈنۈپ تۇرمىغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەيەرگە يول ئالغانلىقىنى ھېچكىم ئېنىق بىلمەيتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەخپى قىلىشقا تېگىشلىك مەيدانلاردا ئىشلىرىنى مەخپى قىلغان، ئاشكارا قىلىشقا تېگىشلىك مەيدانلاردا ئاشكارا قىلغان. ھەر بىر پىلانىنىڭ ئىشلەيدىغان ئۆز ئورنى بولىدۇ. ئۇنداقتا تەشۋىقات ئوچۇق ئاشكارا قىلىنىدۇ، تەشۋىقات تەقەززا قىلىۋاتقان ھەرىكەت ۋە تەشكىللىك ئىشلار مەخپى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : " **إستعينوا على إنجاح الحوائج بألكتمان** " تەرجىمىسى: " ئىشلىرىڭلارنىڭ غەلىبىلىك بولىشى ئۈچۈن، يوشۇرۇن ئىش ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىڭلار "دىگەن (1)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى كېتەرلىك ھەرىكەت ئېڭى بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تەرەپكە ھەربى يۈرۈش قىلماقچى بولسا، ماڭىدىغان يۆنىلىشىنى مەخپى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باشقا بىر يۆنىلىشنى پەردە قىلىپ كۆرسەتەتتى.

ئەلى (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن): " سىر سېنىڭ ئەسىرىڭ، ئەگەر سەن ئۇنى باشقىلارغا دەپ قويساڭ، سەن ئۇنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالسەن " دىگەن.

ئەبۇ نۇشرۋان مۇنداق دەيدۇ : ”كىم سىرىنى ساقلىيالىسا ئۇ ئىككى خىسلەتكە ئېرىشىدۇ : ھاجىتىگە يېتىش ۋە زەربىدىن ساقلىنىپ قېلىشتۇر “

ئىمام ماۋەردى شۇنداق دەيدۇ:”سىر ساقلاش غەلبىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر“

ئائىشە (ئاللاھ ئۇ نىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى ئۇرۇشىدا تۆگىلەرنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇراقلارنى دۈشمەنلەرنىڭ سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۈزۈۋېتىشكە بۇيرۇغاندى»[2].

"مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالمايدىغان ئادەم مەخپىيەتلىككە ھەممىدىن بەكرەك قىزىقىدۇ ".

ئۆزىگە ئالاقىسى بولمىغان نەرسىنى بىلمىگىنى ياخشى، ئالاقىسىز كۆپ نەرسىلەرنى سوراش ياخشى ئەمەستۇر. ئاللاھ قۇرئاندا: **لاتسألوا عن أشـياء كـثيرة إن تبـدلكم تسـؤكم** تەرجىمىسى: « پايدىسىز ۋە ئالاقىسىز كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن سورىماڭلار، ئەگەر شارائىت ئۆزگىرىپ قالسا سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا سەۋەبچى بولۇپ سىلەرنى قايغۇ ھەسرەتكە سېلىشى مۈمكىن» دەيدۇ[1].

يەنە: ”{ ھەممىڭلار بىر دەرۋازىدىن كىرمەي، باشقا ـ باشقا دەرۋازىلاردىن كىرىڭلار، ئاللاھنىڭ قازاسى ئالدىدا مەن سىلەردىن ھېچ نەرسىنى مۇداپىئە قىلالمايمەن } دەيدۇ[2].

يەنە: { ئۇلارنىڭ ھىيلە مىكرىسىنىڭ كۆپلىكىدىن تاغلارمۇ ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ }. [3]) قۇرئان كەرىم بۇ ئايەتتە دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە مىكرىسىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىۋاتىدۇ.

يەنە: { (مۆمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (مۇناپىقلارغا) يەتسە ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (مۆمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، شۇ خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى. ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئازغىنا كىشىدىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار} دەيدۇ [4]

يەنە: {ئى مۆمىنلەر! دۈشمەنلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەييارلىق ھالىتىدە ئېھتىيات قىلىپ تۇرۇڭلار } دەيدۇ [5].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " ھەزرىتى ئەلىنى ئىسلامغا چاقىرغاندا، سىرنىڭ ئاشكارلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ” ئەلى ئىمان ئېيتىمىساڭ بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دىمەي مەخپى تۇتقىن “ دېگەن. [1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **من تعلم لغة قوم وقى من شرهم** تەرجىمىسى: «كىم يات بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگەنسە ئۇلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ» دېگەن.

3 ـ تەشۋىقاتنىڭ بېشىدا ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدا ئىشلارنى مەخپى تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلىكى :

ھەر قانداق ھەرىكەتنىڭ تۇنجى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان باسقۇچىدا، مەخپى ئىش ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولغان ئاساسلىق ئىشلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ھەرىكەت ئۆزىنىڭ مۇھىتىدىن باشقا بىر مۇھىتتا، ئۆزىنىڭ جەمىيتىدىن باشقا بىر جەمىيەتتە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەشۋىقات ئۇ جەمىيەتكە نىسبەتەن يېڭى ۋە يات تۇيۇلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇ مۇھىت ئۇ تەشۋىقاتنى ئالقىشلايدىغان شەكىلدە قوبۇل قىلمايدۇ، بەلكى يامانلىقنى كۈتۈپ تۇرغان دۈشمەن پوزىتسىيىسىدە بولمىسىمۇ، تەشۋىقاتنىڭ نىشانى، غايىسى، ھەقىقتى ئايدىڭلاشقانغا قەدەر ئۇ جەمىيەت ھەزەر قىلىش، ئېھتىيات

قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولىدۇ. تەشۋىقاتنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن ئۇ جەمىيەت دەۋەتكە ئىشىنىدۇ ياكى ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئۇنى يوقىتىۋېتىشكە ئۇرىنىدۇ.

ئەمما تەشۋىقاتنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلغاندىن باشقا ئەسكىرى بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئىمانى ۋەئەقىدىسىدە مۇستەھكەم تۇرۇش، ئەقىدە يولىدا قۇربان بېرىش، خۇسۇمەتچىلىرى ئالدىدا سەۋر قىلىشتىن باشقا تايىنىدىغان كۈچى بولمىغان، تەشۋىقات ئىگىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى ۋە نوپۇزىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن دەسلەپتە ئىشلىرىنى يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىشى لازىم بولىدۇ.

ھەرىكەت موھىم ئىشلىرىنى ئۆزى ئىشىنىدىغان، كۆڭلى خاتىرجەم بولىدىغان ، قوبۇل قىلمىغان تەقدىردىمۇ سىر ساقلىيالايدىغان ئەڭ يېقىن ئادەملەردىن باشقىلارغا دېمەسلىكى لازىم.

بۇ يەردە شۇنى ئىشارەت قىلىش كېرەككى، ھەرىكەتنى مەخپى ئېلىپ بېرىش ئەسلى غايە ئەمەستۇر، ئۇ مەزگىللىك باسقۇچدىن ئىبارەت. چۈنكى تەشۋىقات دەسلەپتىن تارتىپ ئەزالىرى كۆپىيىشتىن ئىلگىرى ئاشكارا بولسا، ھەرىكەت دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن كۆپ قارشىلىق ۋە توسقۇنلۇققا دۇچ كېلىدۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دۈشمەنلەر بۇ ھەرىكەتنى بۆشۈكىدىكى ۋاقتىدىلا ئۇجۇقتۇرىۋېتىشى مۇمكىن. ھەرىكەت بۇ ھالدا قارشى تۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشلارنى مەخپى تۇتۇش ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ غايىسى بولماستىن ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسىدۇر. ئىشلارنى بەك مەخپى تۇتۇۋېلىش بەزى بىر ۋاقىتلاردا تەشۋىقاتنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بارماقچى بولغان مۇھىتتىن ئايرىلىپ قېلىشىغا ۋە ئۆزىنى قاچۇرۇشقا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. ئىشلارنى يوشۇرۇن تۇتۇش تەشۋىقاتقا نىسبەتەن نىسپىي ئىشتۇر. تەشۋىقاتنىڭ مەخپىلىكى بىلەن تەشكىلاتنىڭ مەخپىلىكىنى پەرقلەندۈرىشىمىز كېرەك. تەشۋىقاتنىڭ مەخپىلىكى دېگەنلىك مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇئامىلە، ھەرىكەتلىرىدە ئۆزى تەشۋىق قىلىۋاتقان ئىسلام دىنىغا جانلىق ئۈلگە بولۇشىدا كۆرۈنىدۇ. ئەمما تەشكىلاتنى مەخپى تۇتۇش دېگەنلىك تەشكىلاتنىڭ خەۋەرلىرى، باياناتلىرى ۋە سىرلىرىنىڭ تەشكىلاتنىڭ سىرتىغا تاراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تەشكىلى سىرلارنى قوغداش دېگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرىكەتلىرىدە مەخپىيەتلىكنى ۋە ئىشلارنى يوشۇرۇن تۇتۇشى مانا مۇشۇنداق ئىدى. ئىسلام ھەرىكىتىمۇ مەخپىيەتلىكنى ئىشلىتىشتە مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازراق بولسىمۇ مەلۇماتنىڭ قورەيشكە يېتىپ قالسا، سەلبى نەتىجىگە ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ چاقىرىلغۇچىلارنىڭ ساپاسى، ئۇلارنىڭ سىرلارنى يوشۇرالىشى، مەلۇماتنىڭ تاراپ كەتمەسلىكىگە قاتتىق دىققەت قىلاتتى.

دىققەت قىلماي سۆزلەش ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى چىقىمغا ئۇچرىتىدۇ.

4 ـ بۇ دەۋردە ئىسلام ھەرىكىتىگە نىسبەتەن ئىشلارنى مەخپى تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلىكى

ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكىتى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن نىجىس ھىيلە ـ مىكىر ۋە سۇئىقەستكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. بۇ سۇئىقەستلەرنىڭ تەدبىرىنى، پىلاننى ھىلىگەر يەھۇدىلار، ئاداۋەتخور خىرىستىيانلار ۋە يامانلىقنى كۆتىۈپ تۇرغان كوممۇنىستلار ئوتتۇرىغا قويىۋاتىدۇ. بۇ سۇئىقەستلەر كۆپلىگەن ئىسلام ئەللىرىدە ئېلىپ بېرىلماقتا، بۇنى سېتىلىپ كەتكەن ھاكىملار، ھەر تۈرلۈك پارتىيەلەر، گېزىتلەر، نوپۇزلۇق شەخسلەر ئىجرا قىلماقتا.

بۇلارنىڭ بەزىسى دۈشمەنلەرنىڭ پىلانلىرىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا قەستەنگە ئىجرا قىلىشىدۇ. يەنە بەزىلىرى بىلىپ ـ بىلمەي ئىجرا قىلىدۇ. ئۇ نادان ئېخى ئۇ ئىشنى ئىجرا قىلغان ۋاقىتىدا، ۋەتىنىم ۋە خەلقىمگە خىزمەت قىلدىم دەپ گۇمان قىلىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىقراقى، ئۇ بۇ يولنى قوللانماي تۇرۇپ، ۋەتەن ۋە خەلققە خىزمەت قىلغىلى بولمايدۇ دەپ خام ـخىيال قىلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ زەھەردەك سۈئىقەست پىلانلىرىنى مەيدانغا چىقىرىشقا كىچە ـ كۈندۈز ھارماي ـ تالماي ، ئارام ئالماي ياردەمدە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلار يەھۇدى، خىرىستىيان ۋە كوممۇنىستلار تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسىدۇر. "ئىسلام دۇنياسىغا ھۇجۇم " ناملىق بىر ئەسەردە شۇنداق كۆرسىتىلگەن: " مۇسۇلمانلارنى خىرىستيانلاشتۇرۇش مەسىلىسى، شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىدىن يېتىشىپ چىققان كىشىلەر ئارقىلىق ھەل قىلىنىشى لازىم، چۈنكى دەرەخنى شۇ دەرەخنىڭ شاخلىرىدىن بولغان بىرىسى كېسىپ تاشلىشى لازىمدۇر ".

بۇ پىلانلارنىڭ ئاساسلىق مۇددىئاسى ئىسلام تەشۋىقاتىنى يوقۇتۇپ، مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن چىقىرىپ تاشلاش مەقسەت قىلىنغاندۇر. 1882 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ باش ۋەزىرى «غىلادىستۇن» ئەنگلىيە ئومۇمى خەلق مەجلىسىدە ئەزالارغا : «بۇ قۇرئان مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولىدىكەن، بىز ئۇلارنىڭ ئەللىرى ۋە شەھەرلىرىنى بېسىپ خاتىرجەم تۇرالمايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىر ئامالLLار بىلەن يوقۇتۇپ تاشلايلى» دېگەنىدى.

دۈشمەنلەر مۇددىئا ـ مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرتۈرلۈك ئىبلىستىنىمۇ يامانراق ۋاستىلارنى ئىشلەتمەكتە. بۇ ۋاستىلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىرەكى دۈشمەنلەرنىڭ ئەرەپ ئەللىرىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار پارتىيىسىدىن ئىبارەت ئاگلىق بولغان ئىسلام ھەرىكىتىگە ئارقىمۇ ـ ئارقا دەھشەتلىك ھۇجۇملارنى قوزغىشىدۇر. چۈنكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەرىكىتى يەھۇدى ۋە خىرىستىيانلارنىڭ پىلانلىرىغا نىسبەتەن ئەڭ خەتەرلىك ئىسلام ھەرىكىتى ھىساپلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ ھەرىكەت يەھۇدىلار، خىرىستىيانلار ۋە كوممۇنىستلار ئۆرۈپ تاشلىغان ئىسلام دۆلىتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئەڭ لاياقەتلىك ھەرىكەتنىڭ بىرسىدۇر. دۈشمەنلەر يەنىلا ھازىرغىچە توختاپ قالماستىن، مۇسۇلمانلارنى بۇ ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇش ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتىنمۇ يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى ئىشلىتىپ، قاتتىق تىز ھەرىكەت قىلماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۈچلەر ئاگلىق بىر ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەنلىكىنى ھىس قىلىپ قالسىلا، بۇ ھەرىكەتنى كۆزىگە قادالغان مىخ سۈپىتىدە ھىس قىلىپ ئۇنى ئۇجۇقتۇرىۋېتىشنىڭ كويىدا بولىشىدۇ. يېتەكچىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئەزالارنى تىرە ـپىرەن قىلىپ، تۇتىدىغاننى تۇتۇپ، سولايدىغاننى سولاپ، ئۇلارغا ئاز تولا مەنپەئەتى تېگىدىغان جاھاندارچىلىق قىلىش ۋە ئىلىم ئىگەللەشكە ئوخشاش ھەر قانداق يولنى توسۇپ تاشلاشقا باشلايدۇ.

دېمەك، بۈگۈنكى دۈشمەنلەر ئىسلام ھەرىكىتىنى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي كۈزىتىپ تۇرىۋاتىدۇ، پۇرسەت تاپسىلا زەھرىنى چاچىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىسلام ھەرىكىتى ياشاۋاتقان جەمىيەتنى ئىگەللىۋالغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ قولىدا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئامىللىرى تولۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك توساقلارنى قۇرىۋالغان. مۇسۇلمان خەلقنى ھەر خىل ئامالLLار بىلەن ئۇلارنىڭ ئاگسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى بوياپ، ئۇلارنى ئىسلام ھەرىكىتىگە قارشى قىلىپ قويۇشقىمۇ ئۇلاردا

www.islamyoli.net

ئىقتىدار تېپىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن توزاقلارنى تەييار قۇرۇپ قويۇشقان. ھۇشيارلىق بىلەن قەدەم باسمىساق ئۇزۇنغا بارمايلا توزاققا چۈشۈپ قالىمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ھەرىكىتى بۇ ئىشلارنى تولۇق ھېس قىلىپ يېتىشى ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرىكەتنى ئاشكارا ۋە مەخپىي ئېلىپ بېرىشتىكى كۆرسەتمىسىنى تونۇپ يېتىشى لازىمدۇر. ئاشكارا پائالىيەت قىلىش پەقەتلا تەشۋىقاتقا مەركەزلەشكەن. شۇڭا ئىسلام ھەرىكەت ئەزالىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ھەقىقەتلىرىنى كىشلەرگە بايان قىلىپ بېرىشى، كىشلەرنىڭ ئۆز ئېتىقادى بىلەن ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىشى لازىملىقىنى ئىزاھلاپ بېرىشى كېرەك.

مانا بۇ ئۇ لارنىڭ كىشلەر ئالدىدا ئوچۇق ئىسلامى يۈزى بىلەن كۆرۈنۈشى، ئىسلامنىڭ ھالال ـ ھارام پىرىنسىپلىرىنى ئېنىق شەرھىيلەپ بېرىشى، ھەقىقەتنى ئاشكارىلاشقا تېگىشلىك بولغان ئورۇنلاردا ئاشكارىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. تەشكىلاتنىڭ تېخى خەلققە تونۇشلۇق بولمىغان، بەزى بىر موھىم ئەربابلىرى خەلق ئالدىدا ئۆز ماھىيىتى بىلەن كۆرۈنمەي، ئاددى كىشلەر سۈپىتىدە كۆرۈنگىنى ياخشىدۇر. ئەمما بۇلار شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلاردىن قاتتىق يىراق بولۇپ باشقىلارنىڭ گۇماندىن ساقلىنىشى لازىم. بۇ تۈردىكى كىشلەر ھەرىكەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىرىنى يوشۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. مۇنداق قىلماقچى بولسا، رەھبەرنىڭ رۇخسىتىسىز قىلماسلىقى لازىم. بۇنداق موھىم خاراكتېرلىك ئىشلار، تەشۋىقاتنىڭ مەنپەئەتى تەقەززا قىلىدى دېگەن باھانە سەۋەب بىلەن ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆيلىغىنى بويىچە بولمايدۇ، رەھبەرنىڭ بەلگىلىشى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. تەشۋقاتنىڭ مەنپەئەتىنى ھەرىكەتنىڭ يېتەكچىلىرى بەلگىلەيدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئىش قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. ھەرىكەت بەزى بىر زىيەك، ئىقتىدارلىق ئادەملىرىنى (كېيىن ھەرىكەتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئىشلىتىشنى مەقسەت قىلىپ) خەلقنىڭ كۆزىدىن يىراقراق يوشۇرۇن تەربىيلىشى لازىم. ئاشكارا قوماندانلار داۋاملىق دۈشمەننىڭ نىشانىغا ئايلىنىدۇ. ھەرىكەتنى مەخپىي ھالەتتە چاندۇرماي يېتەكلەيدىغان ئىشقا ئادەم كېرەك بولىدۇ.

تەشكىلاتتىكى ھەر بىر ئەزادا تەشۋىقاتنىڭ مەنپەئەتنى يىراقتىن كۆرەلەيدىغان ئىقتىدار، ئاڭ ۋە ئىخلاس يېتىلىشى زۆرۈر. ئەزالار ئاگلىق بولسا يېتەكچىلەردىن نۇرغۇن يۈكنى يەڭگىللىتىدۇ. شۇنداقلا پىكرىنىڭ چېچىلىپ، ئىتتىپاقلىقىنىڭ بۆلۈنۈپ، تەشۋىقات مەنپەئەتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، ئەزالارغا تاشلاپ قويۇلسا بولمايدىغان ئاساسلىق ئىشلار باردۇر.

ئەمما يوشۇرۇن، مەخپىي قىلىشقا ئالاقىدار بولغان ئىشلار تەشۋىقات تەقەززا قىلىۋاتقان تەشكىلاتتۇر. ئىسلام پائالىيتى چەكلىنىدىغان شارائىت ۋە رايۇنلاردا ھەرىكەت ئەزالىرى يوشۇرۇن پائالىيەت قىلىشى لازىم. شۇڭا ئەركىن پائالىيەت قىلىش ئىمكانىيىتى ۋە شارائىتىغا ئىگە بولالمىغان، ھەرىكەت ئەزالىرى تەشكىلات سىرلىرىنى قەتئىي مەخپىي تۇتىشى ۋە ئاساسلىق ئەزالىرىنى باشقىلارغا ئۇقتۇرماي يوشۇرۇن قوغدىشى كېرەك. كۆپچىلىككە تونۇشلۇق بولغمىغان ئەزالار، ئۆزلىرىنى تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ قاتارىدىن دەپ ئاشكارىلىشى ھەرىكەت پىرىنسىپى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا توغرا بولمايدۇ. تەشۋىقاتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جىددى لازىم بولمىسا، ئەزالار ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام ھەرىكتى بىلەن ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى ئاشكارىلىماسلىقى كېرەك. تەشكىلات بۇ ساھەدە ئەزالىرىغا ئالاھىدە تەربىيە خىزمىتى ئىشلەپ، ئۇلارنى ھەرىكەت ئىگى بىلەن يېتىلدۈرۈپ چىقىشى زور ئەھمىيەتكە ئىگە

مەسىلىدۇر. شۇنىڭ بىلەن ھەرىكەت ئەزالىرى قايسى ساھەدە ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ، قايسى ساھەدە ئىشلىرىنى يوشۇرۇن تۇتۇشنى بىلىدۇ. ھەر بىر ساھەدە ئۆزىنى ئاشكارلىسا بولامدۇ ياكى بولمامدۇ بۇنى ھەرىكەت يېتەكچىلىرى قارار قىلىدۇ.

گەپنى خۇلاسىلاپ ئومۇمى ئۇقۇم بىلەن ئىلىپ ئېيتقاندا، ھەرىكەتكە ئەزا بولغان قېرىنداش ئىسلام تەشۋىقاتىنى ئاشكارىلاپ، تەشكىلات سىرلىرىنى يوشۇرىدۇ.

<u>ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالەتتە خىزمەت قىلىش مەسىلىسىگە ئالاقىدار بولغان پايدىلىنىشقا تېگىشلىك قائىدىلەر</u>

1 ـ ئىسلام ھەرىكىتى ئىسلام خىزمىتىگە توسالغۇلۇق قىلماي، رۇخسەت قىلىدىغان ھەر قايسى ئەللەردە پائالىيەتلىرىنى ئوچۇق ئاشكارا ئىلىپ بارسا ياخشى بولىدۇ. تەشكىلات بەزى باسقۇچلىرىدا شارائىتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئېھتىياجغا قارىتا تار دائىرە ئىچىدە يوشۇرۇن پائالىيەت ئىلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

يوشۇرۇن پائالىيەت ئىلىپ بېرىش مەزگىلىدە ئومۇمى ۋە خۇسۇسى پائالىيەتلەرنى يەڭگىللەتمەك لازىم. چۈنكى يوشۇرۇن پائالىيەت ئىلىپ بېرىش ئاشكارا ئىلىپ بېرىلغان پائالىيەتنىمۇ بەكرەك ھاكىملارنى قورقۇنچىغا سالىدۇ. يوشۇرۇن پائالىيەت ئىلىپ بېرىشقا سەۋەب بولمىسا ئاشكارا قىلماق لازىم.

2 ـئىسلام بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئىسلامنىڭ ھەر قانداق پائالىيتىنى چەكلەيدىغان ئەللەردە مەخپى ھەرىكەت قىلىش پائالىيتىنى قوللۇنۇش لازىم. خىزمەتتىكى مەخپىيەتچىلىك مۇددىتى تەشكىلاتنىڭ ۋە مۇھىتىنىڭ شارائىتىغا قاراشلىقتۇر. ئەگەر تەشكىلات تېخى تولۇق كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولمىغان بولسا خىزمەتنى ئاشكارا ئىلىپ بېرىش يولىنى تۇتۇۋېلىشى خاتادۇر. دۈشمەنلەر ھەرىكەتنى ۋە ھەرىكەتنىڭ ئەزالىرىنى قايسى بىرخىل باھانە سەۋەب بىلەن بولمىسۇن، يوقىتىۋېتىشنى قەستلەپ ماراپ يۈرگەن شارائىتلاردا ھەرىكەتنى ئاشكارىلاپ، دۈشمەننىڭ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ياردەم بەرگەنلىك تېخىمۇ خاتادۇر.

ئىشلارنى مەخپى، يوشۇرۇن قىلغانلىق ئىسلام ھەرىكىتىگە ياراشمايدىغان، قورقۇنچاقلىقنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر دىگەنلىك يەنىلا خاتالىقتۇر. چۈنكى خەندەك كولاش، دۈشمەننىڭ كۆزىدىن يوشۇرنۇۋېلىش ئۇسۇلى ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئۇرۇش تاكتىكا بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تەرەپكە ئۇرۇش قوزغىماقچى بولسا پىلانىنى ئاشكارىلاش بىر ياقتا تۇرسۇن، دۈشمەننىڭ سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، يولنىڭ يۆنۈلۈشىنى بىر قانچە كىلو مېتىر ئۆزگەرتەتتى. مەقسەت قىلغان يۆنۈلۈشنى ئەسكەرلەرگە ئېنىق دىمەيتى. بەزى ۋاقىتلاردا ئەڭ يېقىن ساھابىلىرىمۇ خىلى ئۇزۇن مۇددەتكىچە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قەيەرگە قوشۇن تارتماقچى بولىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتى.

3 ـ يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىشتىن مەقسەت، ئىسلام ھەرىكەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئاشكارا شەكىل بىلەن كىشلەرگە ـ ئۇرنىدىن تۇرۇپ ياكى ئولتۇرۇپ، خۇتبىلىرىدە مەن پالانى پارتىيىدىن پالانى بولمەن دىگەندەك شەكىلدە ـ تونۇشتۇرۇپ، خاپىلىققا ئۇچرىماسلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ. مەخپىيەتچىلىكنىڭ مەنىسى ھەرىكەت ئەزاسى دەۋەت ئىلىپ بېرىۋاتقان كىشىگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىنى، سۈپەتلىرىنى يوشۇرسۇن دىگەنلىك ئەمەس. ئۇ ئۆزى دەۋەت ئىلىپ بېرىۋاتقان

ئادەمنىڭ ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ، ھەرىكەتكە ئاۋاز قوشۇش ئېھتىمالى بارلىقىغا كۆڭۈل توختاتقاندىن كېيىن ئۆزىنى ئۇ كىشىگە نىسبەتەن ئاشكارلىشى كېرەك.

4 - خىزمەتنى مەخپىي ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇئەييەن مۇددىتى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مەخپىي تەشۋىقات باسقۇچىغا سېلىشتۇرۇپ شۇ مۇددەت بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ مۇددەتنى شۇ دەۋرنىڭ شارائىتى شۇنداق بەلگىلىگەن ئىدى. ئۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان ئىبادەتكە ئوخشاش شەرئىي ھۆكۈم ئەمەستۇر. تەشۋىقات ياكى ھەرىكەت ۋاقىت بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. ئەگەر تەشۋىقات ۋاقىت بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولسا، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئالدىدا قاتتىق ھىساپقا تارتىلغان بولىدۇ، چۈنكى 950يىل ئىچىدە ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ سانى 100گە يەتمىگەن. ئەگەر مەككىلىكلەرنىڭ ھەممىسى ياكى كۆپىنچىسى مۇسۇلمان بولغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ بارغان تەشۋىقات ئۇنچىلىك مەخپىي داۋاملاشمىغان بولاتتى. بەزى بىر ئادەمنى تەربىيىلەش ئۈچۈن 2 يىل كەتسە، يەنە بەزى بىر ئادەمنى تەربىيىلەش ئۈچۈن 8 يىل كېتىدۇ. ھەر ئادەمنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمىغاندەك، مەخپىيەتچىلىكنىڭمۇ مۇددىتى بىر خىل بولمايدۇ، شارائىتقا بېقىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

5 - ئىسلام ھەرىكىتى ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچىدا ـئاشكارا ھالىتىدە بولسۇن ياكى يوشۇرۇن ھالىتىدە بولسۇن ـتەشۋىقات يولىدا ئۇچرىغان خاپىلىق، ئازار كۈلپەتلەرنى كۆتۈرشى كېرەك. يولنىڭ تەبئىتى شۇنداق، تىكەنلىك يولدۇر، ئاغرىقتىن قورقمايدىغان ئادەم بۇ يولدا ماڭالايدۇ. شارائىت پىشىپ يېتىلىپ ئادەملەر ئارقىسىغا دەسسىمىگىدەك بولۇپ، ھەر قانداق شارائىتتا ئىتائەت قىلغىدەك پەيىت يېتىلگەندە، ئىمكانىيىتى يار بەرسە، غەلىبىگە كۆزى يەتسە، شارائىتنىڭ تەقەززاسى بىلەن كۈچ ئىشلەتسە ئاندىن پايدا ئالالايدۇ. ئۆزىنى دەڭسەپ باقماي دۈشمەننى چىۋىندەك ئاددى ساناپ رىئاللىقتىن چەتنەپ كۈچ ئىشلىتىش چوڭ خاتالىقۇر. "كۈچ بىلەن تارتىۋېلىنغان نەرسە پەقەت كۈچ ئارقىلىقلا قايتۇرىۋېلىنىدۇ" دېگەن سۆز قۇرۇق گەپ ئەمەس. ئاڭلىق ئادەم ئەمەلىيەتچان بولۇشى كېرەك. بىزدە ھەر قايسى تەرەپلەردە دۈشمەندىن كۆپرەك ئاڭ- سەۋىيە، ھوشيارلىق بولىشى كېرەك. بىرقېتىم چايان چاققان يەرگە كىرمەكچى بولسا ئوبدان تەييارلىق قىلىپ چايانني جايلىيالىغىدەك ئىقتىدار بىلەن كىرگەنلىك ئەقىلغا سىغىدىغان ئىش ھېساپلىنىدۇ. چاياننىڭ تۆشۈكىگە تەييارلىقسىز كىرسەك بەللەپ قويغان زەھىرىنى بىزگە تارتىنماي ئۇدۇل تىقىدۇ. مۆمىن كىشى چېچەن، ھوشيار، زېرەك بولغانلىقى ئۈچۈن بىر كامادىن ئىككىنچى قېتىم چېقىلمايدۇ دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېمىگەنمىدى. تەييارلىقسىز قۇرۇق شوئار ئۇنۇم بەرمەيدۇ. ئىش قىلماي تۇرۇپ شوئار توۋلاپ ئۆزنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنى ۋە ئەزالىرىنى دۈشمەنگە تۇتۇپ بېرىشكە سەۋەبچى بولۇش توغرا ئۇسۇل ئەمەس. ھەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ۋە دۈشمىنىنىڭ تارىخىدىن ئىبرەت ئېلىپ، دۈشمىنىنى ئۆزىدىن بەكرەك ياخشى چۈشەنمىسە ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ يول ئاچمىسا مەغلۇبىيەت قايتا يەنە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام جەمىيتىنى قۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش كىچىك بالىنىڭ ئۆي توپ ئوينىغىنىغا ئوخشىمايدۇ. ئېغىر بېسىقلىق بىلەن جىددى قەدەم بېسىش سۈننەتكە ئۇيغۇن ئىشتۇر.

ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكەتلىرى بىر قانچىلىغان ئەرەپ ۋە ئىسلام ئەللىرىدە كۆپلىگەن ئازار كۆلپەتلەرگە ئۇچرىدى ۋە ئۇچرىماقتا. تەشۋىقاتچىلار ئازار كۆلپەتلەرنى كۆتۈرۈپ كەتتى، سەۋر قىلىش ۋە مۇستەھكەم تۇرۇشتا ئاجايىپ مىسلىسىز مىساللارنى كەلتۈردى.

سەييىد قۇتۇپ، ئابدۇقادىر ئەۋدە، ھەسەن ھۇزەيبى ، زەينەپ غەززالى ۋە ھەممىدە قۇتۇپ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىن كۆپ يىراق ئەمەس. ھەسەن ھۇزەيبى بىر جاللاتقا بەرگەن جاۋابىدا :" قېرىنداشلارنىڭ ئۆز مەۋقەيى، پرىنسىپىدا ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇپ، تۈرمىلەردىكى قىيىنچىلىقتا ئۆلۈپ كەتكىنى ھىيلە – مىكىر ۋە خىيانەت ئۇسۇلىنى ئىشلىتىپ غەلىبىگە ئېرىشكىنىمىزدىن ئەۋزەلدۇر. ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش ۋە پوزىتسىيە ئېنىق، مۇقىم بولىشى كېرەك. بىز تەشۋىقاتنى ھەقىقى قوغداش يولىدا ئۆلۈپ تۆكەپ كەتسەك تەشۋىقاتنى ھىمايە قىلىدىغانغا ئۇنىڭ پەرۋەردىگارى ھايات باردۇر. بىز ھەممە نەرسىدىن ئىلگىرى مۇسۇلماندۇرمىز، ئەگەر بىز ئىسلام ئەخلاقىنى بىكار قىلىپ تاشلاپ، دۇنياغا پادىشاھ بولىدىغان بولساق، ئۇنداقتا بىز زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز " دېگەنىدى.

مەخپىيەتلىكنىڭ تولۇق مەنىسى" سىر ھىساپلىنىدىغان موھىم خەۋەرلەر، تەشكىلاتنىڭ سىرلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان سۆز ھەرىكەتلەر ياكى پىلانلار، شۇنداقلا ئاشكارىلىنىپ قالسا، زىيان كەلتۈرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەخپىيەتلىك ئۇيۇبكىتىدۇر".

ئەگەر ئازراق ئاشكارىلانسا، دەۋەتكە ھەقىقى ئۇنۇملۇك پايدا چىقىدىغان ئەھۋال سېزىلسا، ئۇ چاغدا ئېھتىياج مىقدارى ئاشكارىلانسا مەسىلە يوق. بۇ مەسىلمۇ شارائىتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. مەسىلەن، بەزى بىر يەرلەردە ئۆزىنى ھەرىكەتنىڭ ۋەكىلى ياكى ئەزاسى دەپ تونۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان ئىشلارغا ئوخشاش.

ئەگەر تەشۋىقاتقا پايدا تەگمەيدىغان بولۇپ قالسا يوشۇرۇش كېرەك. پايدا چىقمىغاندىكىن قاچاندا بولمىسۇن زىيان چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن پايدىسىز ئىشلاردىن ساقلىنىش لازىم. بىلگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىنى باشقىلارغا دەۋېرىشىنىڭ ئۆزى خاتالىقتۇر. مەلۇمات ھەر ئادەمنىڭ سالاھىيىتىگە يارىشا، ھاجىتىگە يەتكىدەك مىقداردا بېرىلىدۇ.

بۇ ماۋزۇنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا تاشلانغان بىر سوئالغا جاۋاپ بېرىشكە تېگىشلىكتۇر" ئەگەر بىرەر رايوندا ئىسلام ھەرىكىتىگە يېتىدىغان خەتەر بولمىسا، بۇ ھەرىكەت ئۆزىنى ۋە ئەزالىرىنى ئاشكارىلىسا بولامدۇ"؟

بۇ سوئالغا قارىتا ھەرىكەت يېتەكچىلىرىنىڭ ئىككى خىل كۆز قارشى بار:

بىرىنچى كۆز قاراش: بىز بۇ خىل ئەھۋالدا خەتەر تامامەن يوقالدى دەپ ئېيتالمايمىز. كۈچلۈك ئىسلام دۆلىتى تىكلەنمىگىچە، خەتەر يەنىلا يوقالمايدۇ. ئەمما ئىسلام دۆلىتى تىكلىنىشتىن ئىلگىرى ھەرىكەتكە يامان ۋەزىيەتنىڭ قايتا كېلىپ قېلىشىدىن خاتىرجەم بولالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تەشكىلاتنى ۋە ئەزالارنى ئاشكارىلاش خەتەرگە ئېلىپ بارىدۇ دەپ قارايمىز. چۈنكى خەتەر مەلۇم ۋاقىت يوقالغان بولسىمۇ، ھامان بىركۈنى قايتا باشلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى باردۇر.

شۇڭلاشقا بۇنداق شارائىتتا تەشكىلاتنىڭ مەركىزىنىڭ بارلىقى، ئۇ تەشكىلاتنىڭ ئۆز ئىسمى بىلەن گېزىت، ژورنال چىقىرىشقا ئوخشاش تەشۋىقاتنىڭ مەنپەئەتى تەقەززا قىلغان مىقداردىلا ئاشكارىلانسا مەسىلە يوقتۇر. ھەرىكەت يېتەكچىلىرى شۇنداقلا تەشكىلات مەسئۇللىرى ئۆزىنى ئاشكارىلىسا بولىدۇ

دەپ قارىغان شەخسلەر ئۆزلىرىنى ئاشكارلىسا بولىدۇ. ئەمما قالغان كىشىلەر يوقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك شارائىت ۋە ۋەزىيەتكە قارىتا شەخسىيىتىنى ئاشكارىلاشقا تېگىشلىك بولغان ئورۇنلاردا ئاشكارىلايدۇ، يوشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان ئورۇنلاردا شەخسىيىتىنى يوشۇرىدۇ.

ئىشلارنى يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىش ھەر بىر ئەزانىڭ، شۇنداقلا تەشكىلاتنىڭ ئەخلاقىغا ئايلانمىسا، تەشكىلات چوڭ خەتەر دولقۇنىغا كىرىپ قالىدۇ. قىلچىلىك مەلۇماتقىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. گەپ سۆز قىلغاندا تەشكىلاتنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە ئەمنلىكى ئۈچۈن قاتتىق دىققەت قىلىش كېرەك. سىرنىڭ ئامانەت ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىشى، شۇنداقلا ئۇ سىرنى باشقا مۇناسىۋەتسىز ئادەملەرگە دەپ قويۇش ئارقىلىق سىرنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالسا، مەخپىيەتلىككە خىيانەت قىلىپ سالدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. سىرنى باشقىلارغا دەپ قويغان ئادەم باشقىلارنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تولا قورۇق پاراڭ قىلماي، مەخپىيەتلىكنى يوشۇرۇشقا ئادەتلىنىشى كېرەك. نۇرغۇن ئىشلارنىڭ تېگىنى بىلمەن دېگەن كۆرنىشنى پەيدا قىلمەن دەپ، بىلەرمەنلىك قىلىپ ئامانەت قويۇلغان سىرلارنى ساقلىيالماي، دېيىشكە ئالدىراپ تىلى لوپۇلداپ كېتىدىغان ئادەتنى تېگىدىن قومۇرۇپ تاشلاش لازىم. باشقىلارنى قانائەتلەندۇرۇش ئۈچۈن سىرلارنى دېيىش كەتمەيدۇ. ئامانەتنى ھەر قانچە يېقىن دوست بولسىمۇ دېمەسلىك كېرەك. ئامانەتنىڭ ھېساۋى بار ئىشتۇر، دوستلار ئارقىلىق مەخپىيەتلىكنىڭ تاراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇش، ئۆزى ئاشكارىلاپ قويغانغا ئوخشاش مەسئۇلىيەتسىزلىكتۇر.

ئىككىنچى خىل كۆز قاراش: ئەسلىدە ئىسلام تەشۋىقاتىدا يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بارماي، ئاشكارا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش لازىم ئىدى. يوشۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش غايە بولماستىن باسقۇچلۇق مەزگىل بولۇپ ۋاستىلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ، مەخپىيەتلىكتە بەك چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىش دەۋەتنىڭ جەمىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ ئاشكارا پائالىيەت قىلىشىغا قولايلىق پۇرسەت يارىتىلىپ قالسا، ئۇ ھەرىكەت تەشكىلاتنى ئېلان قىلىپ، ئادەملىرىنى ئاشكارا قىلىپ، ئىسلاھات ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەدرىسە، ئۇنىۋېرسىتېتلارنى قۇرۇپ، دوختۇرخانىلارنى ئېچىپ، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى بازىلارنى تىكلەپ خىزمەت قىلسا بولىۋېرىدۇ.

ئاشكارا پائالىيەت قىلىش ھەرىكەتنى قاتتىق زەربىلەردىن ساقلاپ قالىدۇ. ئەگەر زەربە بولۇپ قالسا بېسىمنى يەڭگىللىتىدۇ. شۇڭلاشقا ھەرىكەت زەربىگە ئۇچراپ قالسا، ئۇ زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرىشى، پۇرسەت تېپىلىپ قالسا خىزمەتنى داۋاملاشتۇرىۋېرىشى لازىم.

ئىسلام ھەرىكىتى ئەركىنلىك ۋە ئاشكارا پائالىيەت قىلىش سايىسى ئاستىدا نەپەس ئالمىسا،باشقا ۋاقىتلاردا ئەركىن نەپەس ئالالمايدىغانلىقىنى كۆنلەر ئىسپاتلاپ كۆرسەتمەكتە.

<u>ئىسلام خىزمىتى ئۈچۈن ئامانلىق تەربىيىسىنىڭ زۆرۈرلىكى</u>

بىخەتەرلىك تەربىيسىدىن مەقسەت ئىسلام خىزمىتىنى خەتەرگە ئۇچرىتىدىغان نەرسىلەردىن ئىسلام خىزمىتىنىڭ سالامەت بولىشىغا كېپىل بولۇش دېگەنلىكتۇر.

ئىسلام خىزمىتىدە بىخەتەرلىك تەربىيىسى موھىمدۇر ۋە ئەزالارنى بىخەتەرلىك تەربىيىسى بىلەن يېتىلدۈرۈش زۆرۈردۇر. بۇ بىز ئۈزۈندىن بېرى ئۇنىڭغا تولۇق كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەھمىيەت بېرەلمىگەن بىر مەسىلە ئىدى.

ئىسلام خىزمىتى ئىدئولوگىيە ۋە تەربىيە تەرەپتىن يوقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تەشۋىقاتچىلارنىڭ سىياسى ۋە ھەرىكەت ئېڭى ئاشقان بولسىمۇ، يەنىلا جىھاد قىلىش ۋە بىخەتەرلىك تەربىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى ساھەدە قاتتىق كەينىدە قالغان.

ئىسلام خىزمىتىگە بىخەتەرلىك تەربىسى جەھەتتىن خىزمەت ئىشلەشنىڭ بىر قانچە خىل نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئالاھىدە ئەھمىيىتى باردۇر :

1- بىخەتەرلىك تەربىيسى، جەمىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى، دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن قانداق پىلانلارنى تۈزىۋاتقانلىقىغا ئالاقىدار بولغان ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەرىكەت جەمىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن مەلۇماتسىز قالمايدۇ، ھېچ بولمىغاندا دۈشمەنلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

2- بىخەتەرلىك تەربىيىسى ھەر قانداق قىيىنچىلىق ۋە پاجىئەلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، كېتەرلىك بولغان تەييارلىقلارنى قىلىپ قويۇشقا ياردەم بېرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام ھەرىكىتىنى ئۇشتۇمتۇت قىلىنغان زەربىلەرمۇ قورقىتالمايدۇ. ھەرىكەتنىڭ ئاساسى يىلتىزىغا چېقىلالمايدۇ.

3- بىخەتەرلىك تەربىيىسى قارا نىيەت كىشلەرنىڭ ئىچكى سەپكە سوقۇنۇپ كىرشىدىن ساقلايدۇ، شۇ سەۋەپتىن تەشكىلاتقا جاسۇس ياكى ئىشپىيونلار سوقۇنۇپ كىرىۋالالمايدۇ.

4 - بىخەتەرلىك تەربىيىسى، ھەرىكەتنىڭ پرىنسىپىغا ھەر خىل ئىدئولوگىيە، ۋە تۈرلۈك سىياسەت ئېقىملىرىنىڭ سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشىدىن ساقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەرىكەتكە توغرا بولمىغان ئىدئولوگىيە ۋە يات سىياسەتلەر سىڭىپ كىرىۋالالمايدۇ.

5 - بىخەتەرلىك تەربىيىسى تەشكىلاتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بىخەتەرلىكىنى، ھەرىكەت ئەزالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ۋە موھىم مەخپى ئارخىپلارنى ھىمايە قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

ئەزالارنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسى سەل قاراشقا قەتئى بولمايدىغان مەسىلىدۇر. ھەرىكەت ھەر بىر ئەزانىڭ سالامەتلىكىنى قوغداش، ئۇلارغا تەھدىت سېلىۋاتقان خەتەرلەردىن ئۇلارنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارغا كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن ساقلاش ئىشلىرىدا مەسئۇلدۇر.

ئەسكەرلەر ئۇرۇش مەيدانىدا ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ھەر ۋاقت ھەزەر قىلىشنى، غەپلەتتە قالماسلىقنى تەشەببۇس قىلىپ مۇندا ق دەيدۇ: {دۈشمەنلىرىدىن ئېھتىيات قىلىپ ھوشيار تۇرسۇن، دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن قوراللىرىنى يېنىدا ئېلىۋالسۇن، كاپىرلار، دۈشمەنلەر سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلارنى، نەرسە كېرەكلىرىڭلارنى قوللىرىڭلاردىن سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ، سىلەرگە بىردىنلا تۇيۇقسىز ھوجۇم قىلىشنى ئىزدەيدۇ }. (1)

ئۇرۇش مەيدانىدا ھەزەر قىلىش موھىم بولغاندەك بۈگۈنكى كۈندە ھەر قايسى تەرەپتىن ھوجۇم بولۇۋاتقان يەردە ئەلبەتتە ھەر ۋاقت دىققەت قىلىش، ھوشيار تۇرۇش لازىم بولىدۇ.

ئەزالارنى قوغداش زۆرۈر بولغاندەك، شۇنداقلا ھەرىكەتنىڭ ھەر تەرەپتىن بىخەتەر بولىشى ئۈچۈن ھەرىكەت ئۆزىنىڭ ئىچكى ئارخىپلىرى، سىرلىرى، پىلانلىرىنىڭ دۈشمەن قولىغا قايسى بىر سەۋەب بىلەن بولمىسۇن چۈشۈپ كېتىشىدىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك. چۈنكى چوڭ دۆلەتلەر

www.islamyoli.net

خۇسۇمەتچىسىنىڭ موھىم بىر سىرىنى ئۇقۇۋېلىش ئۈچۈن بىر قانچە مىليۇن دوللار كەتسىمۇ ئايىماي ئىشلىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى ئازات قىلماقچى بولغاندا : " ئى ئاللاھ! قۇرەيشكە خەۋەر سىرلىرىمىزنىڭ يېتىپ قېلىشىدىن ساقلىغىن، تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قوزغىشىمىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشپىيونلىرىنى ئۆزەڭ بىر تەرەپ قىلغىن " دەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

تەشكىلاتنى خەتەرگە ئۈچرىتىدىغان خاتالىقلار

ھەرىكەتنىڭ ئەمەلىيىتىنى تەتقىق قىلىش، ئىسلام خىزمىتىنىڭ تارىخىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئىسلام ھەرىكىتىنى داۋاملىق خەتەرگە تىقىدىغان بىربۆلۈك خاتالىقلار ئاشكارىلاندى، بۇ خاتالىقلار تۆۋەندىكىچە:

ئىمانىمىزنىڭ سۇسلۇقى غەلبىنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسى بولماقتا. بىزنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا، كۇپىردىن ئىمانغا، بۆلۈنۈشتىن ئىتتىپاقلىققا، خارلىقتىن ئىززەتكە، مەدەنىيەتسىزلىكتىن مەدەنىيەتلىككە چىقارغان پرىنسىپىنى تاشلىغانلىقىمىز سەۋەبىدىن دۈشمەنلەرنىڭ خەلقىمىز، ۋەتىنىمىز ۋە بايلىقىمىزغا قانداق قىلغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار!.

يەنە: { مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كاپىرلارغا قاتتىق قول بولىدۇ، (يەنى ئۇلار بىلەن يۇمشاق، كەچۈرۈم شەكلىدە سىلىق ئۆتۈشنى خالىمايدۇ) ئۆز - ئارا بىر بىرسىگە بەك كۆيۈمچان بولىدۇ }ُ دەيدۇ. [1]

ئىسلامىيەت جىھاد يولىنى مۆمىنلەرنىڭ جەننەتكە كىرىش ئېغىزى، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش يولى دەپ ئېتىبارغا ئالىدۇ. جىھادنى تاشلاش خارلىق، تۆۋەنلىك ۋە چىرايىنىڭ سارغىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : " جەننەت قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر " دېگەنىدى. [2]

ئىسلامىيەت مۇسۇلمان جامائىتىنى قايسى ئورۇندا، قايسى زاماندا بولمىسۇن، كىشىلەرنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا يېتەكلەيدىغان، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى بەربا قىلىدىغان، شەرىئىتىنى تۇغۇزىدىغان نەرسە جىھاد ھەرىكىتىدۇر دەپ قارايدۇ. ئاللاھ مۇسۇلمان جامائىتىنى سۈپەتلەپ: { ھەقىقى مۆمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن ئىمانىدا شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى، جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار راستچىل سەممىي ئادەملەردۇر } دىدى . [3]

ئەۋۋەلقى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ جىھاد ۋە ھەرىكەت ئۇممىتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئاللاھ يولىدا مال ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئاشكارىلاپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ناچار ئىشلارنى چەكلەپ، ئادالەتنى تۇرغۇزۇپ، شەرەپلىك ئېزىز ھالەتتە ياشىغان ئىدى. ئۇلار ھاكىمنىڭ قامچىسىدىن، جالالتىنىڭ تايىقىدىن، دارىنىڭ ئاغامچىسىدىن قورقمايتى. بەلكى ئۇلار ئۇ ئىشلارنى تاتلىق سانايتى. شېھىت بولۇش ئالدىدا : « كەئبىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى غەلىبە قىلدىم دەيتتى .»

---

([3]) ھوجۇرات سۈرىسى 14 - ئايەت .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەربىيلىگەن مۇسۇلمان جامائىتى كىشلەر ئارسىدا ئىدىيە ۋە پەلسەپىنى تارقىتىشنى نىشان قىلغان ئىدىيە ياكى پەلسەپە مەدرىسسى ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا ئۇلار كىشىلىك دۇنيادىن ئايرىلىپ كىشلەردىن يىراق ياشاپ، ئەتراپىدا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا نىمە ھىيلە ـ مىكىر، سۇئىقەستىنىڭ بولىۋاتقانلىقى، ئىسلامنىڭ سۈرىتىنىڭ سەتلەشتۈرۈۋېتىلگەنلىكى، نوپۇزىنىڭ يوقتىلىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولماي، ناماز ۋە رامىزان بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالىدىغان سوپى جامائىتىمۇ ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەم تاققا چىقىپ كېتىپ ئىبادەت بىلەنلا بولسام دېگەندە ئاچچىغلاپ : " سەن ۋە سىلەردىن ھېچكىم ئۇنداق قىلمىسۇن. سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بەزى ئىسلامى ئورۇنلاردا سەۋر قىلىپ تۇرغىنى، جەمىيەتتىن ئايرىلىپ 40 يىل يالغۇز ئىبادەت قىلغىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ " دېگەندى [1]

ئىسلامى ئۆزگىرىش قىلىش ھەرىكىتى ئىسلام خىزمىتىدىكى ئاساسلىق نىشاندۇر، ئۇ نىشاننى جىھاد قىلماي، جىھاد قىلىشقا ئىشتىياقى بار پەرزەنتلەرنى يېتىلدۈرۈپ چىقماي ۋە جىھاد تەشكىلاتىنى قۇرماي تۇرۇپ ئەمەللەشتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ.

ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى قىيىن خىزمەتتۇر. بۇ كۆنلەردە تېخىمۇ تەسلەشمەكتە، سەۋر قىلىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : " "بىلىڭلاركى، ئىسلامنىڭ تېشى توختاپ قالماي چۆگىلەۋېرىدۇ، شۇڭلاشقا سىلەرمۇ ئىسلام نەدە ئايلانسا شۇ يەردە ئايلىنىڭلار، كىتاپ(قۇرئان كەرىم) بىلەن ھۆكۈم ئايرىلىپ كېتىدۇ، سىلەر كىتاپتىن ئايرىلماڭلار " دېگەندى.

مەسىلىنى ھەل قىلىش، ھەممىدىن ئىلگىرى كىشلەر ئۆلۈمنى ھاياتنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدىغان، ئىسلامنىڭ غېمى بىلەن ياشايدىغان مۇجاھىدلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىرىدىغان جىھاد تەربىيسگە مۇھتاجدۇر.

جىھاد تەربىيسىدىن مەقسەت باشقا تەربىيە تەرەپلىرىنى پىروگىراممىدىن ئېلىۋېتىش دېگەنلىك بولمايدۇ. يەنى ئەسكىرى ئىشلارغا بوشۇنۇپ، روھى، ئىدىيى، سىياسى ۋە ھەرىكەت تەربىيسگە سەل قاراش دېگەنلىك بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن مەقسەت ھەر بىر كىشىنىڭ ئېڭىدا جىھاد روھىنى سىڭدۈرىۋېتىشتۇر، بۇ جىھاد روھىنى ئۇنىڭدىن باشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسلىلەرگە نىسبەتەن باغلىنىش يىپى ۋە ئالاقىسى قىلىشتىن ئىبارەت. يەنى ئۇ كىشى رولىنىڭ چوڭلىقىنى ھىس قىلىپ، بۇ رولنى مۇكەممەل ئورۇنلاش ئۈچۈن ئۆزىنى تەييارلايدىغان، قەلبى ئاللاھغا سېغىنىدىغان، ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇشقا تەلپۈنىۋاتقان ئىنساندۇر.

جىھاد تەربىيسى ئاللاھغا خالىس خىزمەت قىلىشقا ئىنساننى يېتىلدۈرىدىغان تەربىيەدۇر. يازغۇچى، ئىنژىنىر، مۇئەللىم، دوختۇر، ئەسكەر، خەتىب، تەشۋىقاتچى، سىياسىيۇن ۋە يېتەكچىلەر مۇجاھىد دېگەن قاتارىدا سانىلىدۇ.

جىھاد ئىسلام دىنىنىڭ بۈيۈك پىرىنسىپلىرىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ، ھازىرقى كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنمەي چوڭ خاتالىققا چۈشۈپ قالماقتا، بۇ خاتالىق تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) ـ جىھاد دېگەن ئاتالغۇنى ئۇرۇش مەيدانىغىلا يىغىنچاقلاپ چۈشىنىش. بۇنداق بولغاندا ئىسلامغا خىزمەت قىلىۋاتقانلارنى جىھادقا قاتناشماي ئولتۇرۇۋالدى دەپ تۆھمەت چاپلىغانلىق كېلىپ

چىقىدۇ. شۇنداقلا تەشۋىقات ساھاسى ئىچىدىكى ھەر بىر پىكىر، تەربىيە خىزمىتى ۋە ئىجتىمائى خىزمەتنى كەمستىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

(2)- جىھادنى ئىسلام زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلغانلارغا قارىتىلىدۇ دەپ چەكلەپ قويۇش، ئىسلام ئىدىيەسىگە قىلىنىۋاتقان دەھشەت ئىدىئولوگىيىلىك ھۇجۇملار تاجاۋۇز سانالماي قېلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ.

(3) ـ ئىسلام دىيارى بىلەن ئىسلامى بولمىغان دىيارنى پەرقلەندۈرۈشتە كۆرۈنىدۇ. ئىسلام دىنى ئىسلام دىيارىنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمانلار ئۆز ـ ئارا كېپىل بولۇش، ھەمكارلىشىش ئاساسىدا ئازات قىلىشنى پەرز قىلغانلىقىنى ھىس قىلالايمىز. دوكتۇر يۈسۈپ قەرزاۋى شۇنداق دەيدۇ : « بىز بارلىق ئىسلام دىيارلىرىنىڭ ئازات قىلىنىشى پەرز دەپ قارايمىز، شۇنداقلا ئىسلام ئىدئولوگىيەسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قانۇن ئورنىغا چىقىشى ئۈچۈن جىھاد قىلىشنى ۋاجىپ دەپ قارايمىز. ئىسلام شەرىئىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ دەپسەندە قىلىنىۋاتسا، بۇ ئىشقا غەزەپ قىلماي، زېمىنى ئۈچۈنلا غەزەپ قىلىدىغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئېتىقادىدا مەسىلە بار ۋە ئىمانىدا شەك بار. ئۆز ۋەتىنى ۋە زېمىنى ئۈچۈن غەزەپ قىلىپ، باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەملىكە قىلىنىۋېلىنغان ۋەتەنلىرى ئۈچۈن غەزەپ قىلمايدىغان ۋە ئۇ مەسىلە بىلەن كارى بولمايدىغان ھەر بىر مۇسۇلمانغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئېتىقادىدا مەسىلە بار، ئىمانىدا شەك باردۇر " ُ دەيدۇ.

بىز مۇجاھىدلار بولۇشنىڭ ئورنىغا، دۈشمەنلەر تەرەپتىن غازاتقا ئۇچرىغۇچىلار (مەغلۇپ بولغۇچىلار) بولۇپ قالدۇق. مۇسۇلمان كىشى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى سەپتە تۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرماقتا. مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇستەقىل مەۋقەيى بولۇشنىڭ ئورنىغا، كاپىرلارنىڭ مەۋقەيى بىلەن بىللە تۇرماقتا. بۇ مەزمۇنلارنى ئاڭقىرىشنىڭ ئورنىغا، كۇپرىغا ۋە كۇپرىنىڭ ھۆكۈمتىگە بىرئامالارنى قىلىپ يېقىنلىششتا ۋاستە تاللىماي، بارلىق ۋاستىلارنى ئىشلەتمەكتە. ئاللاھ قۇرئاندا كۇپرىنىڭ تەبىئىتىنى بايان قىلىپ: {ئۇلار (يەنى كۇففالار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ }. دېدى[1]

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كېسەل بولۇشى، ئالەمنىڭ پاساتلىشىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىدۇر ياكى بۇ پاساتچىلىقنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىدۇر.

كېسەل مانا مۇشۇ يەرگە يوشۇرۇنغان، ئەگەر پەيغەمبەرلەر ئۈممىتى پەيغەمبەرلەرنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، دۈشمەنلەر بىلەن قارشىلاشمىسا بۇ بايراقنى كىم كۆتۈرىدۇ؟!

جىھادنىڭ ئىسلامىيەتتىكى ئورنى

ئىسلام دىنى، دۇنيادا ناھەقچىلىق ھەقىقەت بىلەن، ئادالەتسىزلىك ئادالەت بىلەن قارشىلىشىۋاتقان، يامانلىق ياخشىلىقنى بېسىپ كەتكەن، پاساتچىلىق ئىسلاھات يولىغا توسالغۇ بولۇپ تۇرىۋاتقان پەيتىنىڭ ئۆزىدە مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆزى بىلەنلا بولۇپ ناماز ئوقۇش، رامىزان تۇتۇش ۋە دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئىبادەت قىلىشى بىلەن ياكى مىللىتىنىڭ بىر قىسمىنى ئاجىز بىچارىلەرگە غەمخورلۇق قىلىش يۈزىسىدىن ياردەم بېرىپ قويۇشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

يامان شەيتانلار ۋە زالىملار زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىپ، ھەقىقەت ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋاتسا مۇسۇلماننىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، ئۆيىگە كىرىۋېلىپ، دەرۋازىنى تاقىۋېلىپ،

تەسبىھ ئېيتىش، ئىستىغپار تىلەش بىلەنلا كۇپايىلىنىشگە ئىسلام دىنى ھەرگىز رازى بولمايدۇ.ئىسلام دىنى زاكات بىلەن خەيرى ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ھەسسە قوشقاندەك، ياماللىق ئىشلىرىغا قارشى تۇرۇشتا ھەسسە قوشىدىغان جىھادتىن ئىبارەت ئىبادەتنى پەرز قىلىپ بېكىتتى.

ئاللاھ مۇسۇلمان كىشىنى ناماز، رامىزان ۋە زاكاتقا بۇيرۇغاندەك ئوخشاشلا جىھادقىلىشقا بۇيرۇدى: ٌ{ ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن رۇكۇ قىلىڭلار، سەجدە قىلىڭلار، پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار، ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار. ئاللاھنىڭ يولىدا (پۇل مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ھەقىقى جىھاد قىلىڭلار، ئاللاھ (دىنىغا ياردەم بېرىشكە ئۈممەتلەر ئارىسىدىن) سىلەرنى تاللىدى }. دېدى[1].

ئىسلام دىنى جىھاد قىلىشنى ھەقىقى ئىماننىڭ دەلىلى قىلىپ تونۇشتۇردى. جىھادقا كۈچ چىقىرىشقا تەييارلىق قىلماي، ئىمان دەۋاسى قىلىپ ئولتۇرىۋالغان كىشلەرگە قارشى بايانات ئېلان قىلدى: {ئەئرابىلار: ئىمان ئېيتتۇق دەيدۇ، ئۇلارغا ئېيتقىنكى سىلەر تېخى ھەقىقى ئىمان ئېيتمىدىڭلار، لېكىن سىلەر بويسۇندۇق دەڭلار، ئىمان تېخى دىلىڭلارغا ھەقىقى ئورۇنلاشمىدى }. [2]

ئاللاھ ھەقىقى مۆمىنلەرنىڭ كىملىكىنى بايان قىلىپ: {ھەقىقى مۆمىنلەر دېگەن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن،ئاندىن ئىمانىدا شەك قىلمىغان، ماللىرى جانلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر،ئەنەشۇلارھەقىقى راستچىللاردۇر} دېدى[3]

يەنە: ٌ{ مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ } دېدى [4].

يەنە ئاللاھ جىھادنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ: { سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرامنى ئاۋات قىلىشنى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ ئىمانىغا ئوخشاش ھىساپلامسىلەر؟ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس } دېدى [1].

يەنە ئاللاھ جىھاد قىلىشقا قىزىقتۇرۇپ: { ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىڭلار، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى خار قىلىدۇ، (ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىپ، كاپىرلارنى جازالاپ) مۆمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە شىپالىق (تەسەللى) بېرىدۇ} دېدى [2].

يەنە ئاللاھ قۇرئاندا: { ئاللاھ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى} دېدى [2].

ھەر قانداق جەمىيەتتە دۇنيادىن ۋە كىشلەر بىلەن ئۈچرىشىشتىن زاھىدلىققا مايىل بولۇپ، ئىبادەت بىلەنلا مەشغۇل بولۇشقا قىزىقىدىغان كىشلەر تېپىلىدۇ، بىراق ئىسلام پەيغەمبىرى بۇلاردىكى روھى ئىنىرگىيەلەرنى جىھاد مەيدانىغا يۆزلەندۈرىدۇ.

تەسۋى سىرىپ يالغۇز ئولتۇرغان ئادەم بىلەن جىھاد قىلغان ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى پەرق نېمە دېگەن چوڭ ـ ھە! ئاۋۇ كىشى ياماللىقتىن قورقۇپ قاچىدۇ، بۇ كىشى بولسا ئىشەنچىسى بىلەن ياماللىققا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئاۋۇ كىشى ئۆزى بىلەنلا بولۇپ ياشايدۇ، بۇ كىشى خەلقى، ئەقىدىسى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن ياشايدۇ.

---

[2] تەۋبە سۈرىسى 13 - ئايەت .

[3] تەۋبە سۈر ىسى 110 - ئايەت .

دۇنيادا راھبلادەك كېزىپ يۈرۈپ ساياھەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئادەمگە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: " ئۈممىتىمنىڭ ساياھىتى جىھاد قىلىشتۇر " دېگەن. ئۇ ئەبۇ زەررگە: " جىھاد قىلغىن، جىھاد قىلىش ئۈممىتىمنىڭ راھبىلىقىدۇر" دېگەن.

جىھاد قىلىش ھاياتنىڭ قوغدىغۇچى قورالى سانىلىدۇ، بولمىسا دۈشمەنلەر مۇقەددەسلىرىمىزنى بۇلغاپ، ئابرويىمىزنى دەپسەندە قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى ئەرزان ساناپ، كىتاپلىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ، شەرئىتىمىزنى مەسخىرە قىلىپ، ھامىلدار ئاياللارنىڭ قورسىقىنى يېرىپ ۋە ئوغۇل ـقىز بوۋاقلارنى تېرىك كۆمۈپ شەرتنامىلەرنى ھۆرمەتلىمەيدۇ.

مانا قارايدىغان بولساق بىزگە قانۇن ـتۈزۈملەر تېڭىلىپ، ياۋۇز مەدەنىيەتلەر تارقىتىلىپ، پايدىلىق ئىلىملار كۆمۈلۈپ، ئىقتىسات كونترول قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئەجەبلىنەرلىكى، بۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىزنىڭ تېرىمىزدىن، جىنسىمىزدىن بولۇپ، بىزدەك ناماز ئوقۇيدىغانلار، ئىسلامغا ھېرىسمەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغانلاردىن بولۇپ، بۇلار دۈشمەنلەرنىڭ ئىدئولوگىيەسىنى يوقۇرى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ مۇستەملىكە سىياسىتىنى قوللايدۇ. ئەگەر دىنغا ۋە ۋەتىنىگە ئىخلاسمەن كىشىلەردىن بىرسى ئۇلاردىن بىرسىنى تەنقىت قىلىدىغان بولسا، ئۇلارتەنقىت قىلغانلارنى بارلىق كەمچىللىك سۈپەتلەر بىلەن تۆھمەت قىلىپ، ئەقلى كەينىدە قېلىپ قالغانلار، پىكرى توڭلاپ قالغانلار، ئۇنسۇر ۋە رادىكاللار دەپ ئېيىپلىشىدۇ.

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىقى ئىسلام دىنىنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۆز دىنىنى تولۇق چۈشەنمىگەنلىكى ۋە دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. چۈنكى ئۇلارنىڭ قۇرئان بىلەن ئەمەل قىلىشى ئاجىزلاشقان، ئۇلار قۇرئاننىڭ ئەخلاقى بىلەن قورالانمىغان ۋاقتتا ئۇلارنىڭ كۈچى كەتكەن، ھۆكۈمرانلىقى ئاجىزلاشقان، دۈشمەنلەر ئۇلارنى كونترول قىلىۋالغان ۋە باي تۇرۇقلۇق كەمبەغەل ياشىغان، ئىززەتلىك بولغاندىن كېيىن خار بولۇپ قالدى.

جىھادنىڭ پەرز بولۇش سىرلىرى

مۇسۇلمان كىشى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە خەلقئارالىق بولغان دىنىنىڭ ئىگىسىدۇر، بۇ دىننى تارقىتىش ۋەزىپىسىگە پاسسىپ كىشلەر ۋە جەمىيەتتىن ئايرىلىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشلەر يارىمايدۇ. ئۇ ۋەزىپىنى ئاكتىپ جىھاد قىلغۇچىلار كۆتۈرىدۇ. بۇ ۋەزىپىنىڭ غايىسى ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ تىكلىنىشى، ئاللاھنىڭ سۆزىنىڭ زېمىندا ئۈستۈن بولىشىدۇر. بۇ ۋەزىپە ئىنسان نەپسىدىكى ئاجىزلىق، ئەقىلدىكى ئېزىش، ئىستىلدىكى بۇرۇلۇش، خەلقلەرگە تاجاۋۇز قىلىش ۋە ئۈممەتلەرگە زۇلۇم قىلىشقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كەلگەندۇر.

بۇ ۋەزىپە ئاجىزلارغا : ئىرادەڭلارنى مۇستەھكەملەڭلار دېسە، خارلىشىپ قالغانلارغا : بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار دەپ توۋلايدۇ، ئۇخلاپ قالغانلارغا: ئېغىر ئۇيقۇڭلاردىن ئەمدى ئويغۇنۇڭلار دەپ ۋاقىرايدۇ. قۇل ۋە مۇستەملىكە بولۇپ قالغانلارغا : قۇللۇق كىشەننى پاچاقلاپ تاشلاپ ئەركىنلىكىڭلارنى قولۇڭلارغا ئېلىڭلار دەپ توۋلايدۇ. چوڭچىلىق، يوغانچىلىق قىلغانلارغا، مۇتەكەببۇرلۇق ئەرشىڭلاردىن چۈشۈڭلار دەپ چاقىرىق يوللايدۇ.

بايلارغا بولسا: ئاللاھ سىلەرگە ئامانەت قىلىپ بەرگەن مېلىڭلاردىن ھەقىقەت يولىغا سەرپ قىلىڭلار دېسە؛ ھاكىملارغا: ئادىل ھۆكۈم چىقىرىپ، توغرا ئىش قىلىڭلار دەيدۇ. كىشلەرنىڭ ھەممىسىگە

سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلار تەقۋادار بولغىنىڭلاردۇر دەيدۇ. كىم ئىسلام ۋەزىپىسىنىڭ تەبئىتىنى چۈشەنسە، جىهادنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشى تەس بولمايدۇ.

جىهادنىڭ ھەقىقىتى

كۆپلىگەن كىشىلەر ” جىهاد قىلىشنى قورال بىلەنلا ئۇرۇشۇش دەپ قارايدۇ. لېكىن جىهادنىڭ دائىرىسى قورال بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىنمۇ كېڭىرىدۇر. ئۇرۇش قىلىش دېمەك سىرتتىقى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قىلىچ ياكى قورال كۆتىرىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمما جىهاد قىلىشقا كەلسەك ئۇنىڭ مەنىسى زېمىندىن بارلىق پاساتچىلىق ۋە زۇلۇمنى تېگىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كۈچتۇر. ئىنساننىڭ نەپسىدە پاساتچىلىق يىلتىز تارتىپ چاڭگا بولسا، ئۇ ئىنسان ئۆزىنىڭ نەپسىدىكى پاساتچىلىقنى بىرىنچى بولۇپ يۇلۇپ تاشلىماي تۇرۇپ ئەتراپىدىكى ۋە جەمىيەتتىكى پاساتچىلىقنى يوقۇتۇشى مۈمكىن بولمايدۇ.

بۇ نۇقتا نەزەر بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا جىهادنىڭ قورال بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىنمۇ كەڭرەك مەنىسىنىڭ بارلىقى ئاشكارا چىقىپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولغان زاماندىن تارتىپلا جىهاد قىلىشقا بۇيرۇلغان تۇرۇقلۇق، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقى بۇنى بىزگە ناهايىتى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. ئاللاھ مەككىدە چۈشكەن سۈرىدە بۇ توغۇرلۇق: { ئۇلارنى ۋەز نەسىهەت ئالسۇن دەپ، يامغۇرنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق (يەنى گاھ ئۇ يەرگە، گاھ بۇ يەرگە ياغدۇردۇق) ئىنسانلارنىڭ تولىسى(ئاللاهغا) كۇپۇرلۇق قىلدۇ. ئەگەر خالىساق ھەر بىرشەھەرگە بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەۋەتەتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، قۇرئان ئارقىلىق ئۇلارغا قارشى(پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ) بارلىق كۈچۈڭ بىلەن كۆرەش قىلغىن } دەيدۇ.[1]

مانا بۇ مەككىدە چۈشۈرۈلگەن سۈرىدە ئاللاھ پەيغەمبىرىنى كاپىرلار بىلەن پاكىت ۋە ھۆججەت ئارقىلىق جىهاد قىلىشقا بۇيرۇغان. قۇرئان كەرىم بۇ جىهادنى چوڭ جىهاد دەپ ئاتىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولغاندىن تارتىپ ئاخىرغىچە بولغان هاياتى جىهادتۇر.

ئىبنى تەيمىيە جىهادنى چۈشەندۈرۈپ : « ئۇ ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە شۇنداقلا ئاللاھ يامان كۆرىدىغان كۇپرى، پاسىقلىق ۋە ئاسىيلىقنى يوقۇتۇشقا كۈچ چىقىرىشتۇر » دېگەن.

ئۇستاز مەۋدۇدى شەرھىيلەپ : « جىهاد دېگەن ئومۇمى بىر سۆز بولۇپ، ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش، كۈچ چىقىرىش، كۆرەش قىلىش، ئەمەل قىلىش ۋە قانۇنلۇق ۋاستىلارنىڭ ھەممىنى ئىشلىتىش جىهادنىڭ قاتارىغا كىرىپ كېتىدۇ » دېگەن.

ئىمام بەننا بايان قىلىپ : « جىهاد دېگەن ئىسلامنىڭ ئىززىتى ۋە شەرىپى ئۈچۈن ئۇچقۇنداپ تۇرغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەهۋالىغا قايغۇرۇپ، ئېچىنىپ يىغلايدىغان جانلىق ۋە كۈچلۈك تۇيغۇدۇر. نىجاتلىق يولىدا جىددى تەپەككۇر قىلىش، چىقىش ئېغىزى تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش، شۇنداقلا قېرىنداشنىڭ مېلىدىن ۋە ۋاقتىدىن كېچىشى ئاللاھ يولىدىكى جىهادتۇر » دېگەن.

جىهادنىڭ ئەڭ يوقۇرى دەرجىلىرى

جىھادنىڭ ئەڭ يۇقۇرىسى ئىنساننىڭ  جىنىنى ئاللاھنىڭ يولىغا پىدا قىلىش ئۈچۈن قولغا ئالغان ھالدا خۇرسەنلىك بىلەن ئالغا بېسىشى ۋە نەپسى بىلەن سېخىلىق قىلىپ،  ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىشىدۇر. مۆمىن كىشىنىڭ ئاللاھ يولىدا  كاپىرلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئۆلتۈرۈلىشى ئەڭ بۈيۈك شېھىتلىك بولىشى بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا زالىملار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىت قىلىنغان مۇسۇلمان شەخسى، كاپىرلارنىڭ قىلىچى ئارقىلىق ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدىن ئەۋزەل بولىشى مۈمكىن.  پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "شېھىتلەرنىڭ خوجايىنى ھەمزە ۋە زالىم باشلىقنىڭ پاساتچىلىقىنى توسمەن دەپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر " دېگەن.

ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسماقچى بولغان بۇ كىشى ئاللاھ  يولىدا شېھىت بولمىسمۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئەۋزەل جىھاد بىلەن غەلىبە قىلغانلىقى يېتەرلىكتۇر. چۈنكى ئۇ قورقماي نۇرغۇن ئادەملەر سالامەتلىكىنى خالاپ، جازاغا ئۇچراشتىن ئەنسىرەپ، شۈك  ۋە جىمجىت تۇرغان پەيتتە ھەق سۆزنى قىلالىدى. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن : " جىھادنىڭ قايسى تۈرى ئارتۇق؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ  " زالىم سۇلتاننىڭ ئالدىدا ھەق گەپ قىلىشتۇر "  دەپ جاۋاب بەرگەن (1).

4 ـ ئاللاھنىڭ نۇسرەت بېرىشكە ئىشىنىش

پىرىنسىپىنى رىئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ تەييارلىقى تايىنىدىغان ئاخىرقى ئاساس ئاللاھنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ۋە غەلىبە ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىدۇر. ئىسلام مەغلۇب بولمايدۇ. ئىسلام دىنى ئاللاھ ئۇنى قوغداشقا تاللىغان ئەرلەر بىلەن مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ. ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىسلامغا ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرسىمۇ ئۇنى مۇداپىئە قىلىدىغان ئەرلەر يەنىلا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ.  ئاللاھ قۇرئاندا: { كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر، ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر }  دەيدۇ. (2)

يەنە ئاللاھ قۇرئاندا: {" شەكسىز، بىز پەيغەمبەرىمىزگە، مۆمىنلەرگە دۇنيا ھاياتىدا ياردەم بېرىمىز } دەيدۇ (1)

ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئۇ ۋەدىسىنى ئىككى ئۆلچەم  بىلەن شەرت قىلدى: ھەقىقى ئىمان بىلەن ئېتىقادنىڭ سالامەت بولىشى ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ئىسلامغا راستچىل ئەگىشىشتۇر.

مۆمىنلەرگە ياردەم ۋە غەلىبىنىڭ بېرىلىدىغانلىقى ئىشەنچىلىك  ۋە كەسكىن مەسىلىدۇر. لېكىن ئۇ مەسىلە  ئۇلارنىڭ ئىسلام  دىنىغا ياردەم بېرىشى، ئۇنى ھىمايە قىلىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق- ھوقۇقى ۋە ھۆرمىتىنى قوغدىشى، دۈشمەنلىرىدىن ئىلگىرى  ئۆزلىرىنىڭ نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشى بىلەن شەرت قىلىنغاندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇملانمايتتى، ياخشى پال ئالاتتى (يەنى ياخشى گۇمان قىلاتتى) .

جىھاد چۈشەنچىلىرىدىن ئۆزۈندىلەر

جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئىلىم، ئاڭ ـ سەۋىيە، ھەربى تەجرىبە، ئۇرۇش پەنلىرى ۋە ئىدارە ئىلمىنى بىلىش كېرەك. بىلمىگەن ئىشنى قىلمەن دەپ بۇزۇپ قويماي، بىلىدىغان ئادەمگە بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ئارقىلىقمۇ ھەسسە قوشۇپ خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ. جىھاد ۋە ھەرىكەت قىلىش مەسىلىسى باشقا ئىشقا ئوخشىمايدۇ، ئىشنى تەتۈرسىگە ئېلىپ مېڭىپ باشقىلارغا ئاۋارچىلىق تېپىپ بېرىش مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدىغان مەسىلىدۇر. ئەگەر رەھبەر بەزى ئىشلارغا سەل قاراپ مۇسۇلمانىنىڭ بىرتامچە قېنىنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەبچى بولىدىكەن قىيامەت كۈنى بۇنىڭدىن ھېساپقا تارتىلىدۇ. يېتەكچىلىك قىلىش ۋە رەھبەرلىك قىلىش رىقابەتلىشىشكە تېگىشلىك شەرەپ ئىش بولماستىن، ئېغىر سورىقى بار، قىيىنچىلىقى كۆپ مەسئۇلىيەتتىن ئىبارەتتۇر. يېتەكچىنىڭ خىزمەت دائىرىسى ئاشقانچە مەسئۇلىيىتىمۇ ئاشىدۇ. مەسىلە چىقىپ قالسا يېتەكچى باشتا ھېساپقا تارتىلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ زەررىگە : " ئەبۇ زەررى سەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتىن ئاجىز كېلىسەن، ئۇ ئامانەت مەسىلە، قىيامەت كۈنى پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ" ' دېگەنىدى. مەقسەت ساۋاپقا ئېرىشىش بولىدىكەن، سەپنىڭ قەيىرىدە بولساق، ئۆز ئارا ئىخلاس ۋەسەممىيەت بىلەن ئىش قىلساق بەرىبىر ساۋاپقا ئېرىشىمىز. ئىنساندا بىلىم سەۋىيە، پەم تاكتىكا بولمىسا ئىشلار ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەقنى ناھەق، ناھەقنى ھەق، ياخشىلىقنى يامانلىق، يامانلىقنى ياخشىلىق، سۈننەتنى بىدئەت، بىدئەتنى سۈننەت، قائىدىلىك ۋە نىزاملىق ئىش قىلىشنى ئولتۇرىۋالغانلىق، ئالدىراڭغۇلۇقنى جىھاد قىلىش دەپ قاراپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " ئى ئاللاھ! ھەق ئىشنى ھەق كۆرسىتىپ ئەگىشىشكە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغىن، ناھەق ئىشنى ناھەق كۆرسىتىپ يىراقلىشىشقا مۇيەسسەر قىلغىن " دەپ دۇئا قىلاتتى. ئىش باشلاشتىن بۇرۇن شۇ ئىشنىڭ قائىدە قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق ئىگەللەش ئىسلامنىڭ سۈننىتىدۇر. ئەمەلدىن ئىلگىرى ئىلىم كېرەكتۇر.

جىھاد ھەرىكىتى ئەزا بولىدىغانلارنى سۈپەت، شەرت ۋە ئۆلچەمگە ئاساسەن ياخشى تاللاش ئۈستىگە تۇرغۇزۇلىدۇ. كەسە ـ كەلمەس ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. شەرت قويماي قوبۇل قىلىش ھەرىكەتنى ۋەيران قىلىش دېمەكتۇر. ئەسكەرلىككە ھەممە كىشى ماس كەلمەيدۇ. ئاللاھ پارتىيسىنىڭ قۇرئاندا بايان قىلىنغان سۈپەتلىرى بار، شۇ سۈپەتلەرگە رىئايە قىلىش لازىم.

جىھاد يولىدىكى يېتەكچى ئەزالىرىغا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ مېھرىبان بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇ ئۆلگە ۋە ئۇلارغا نىسبەتەن ئاتىنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان كىشىدۇر. ئۇ يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن، قوپاللىققا سىلىقلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشى لازىم. ئەزالار بىلەن جىدەللىشىش تەشۋىقاتنىڭ ۋە ھەرىكەتنىڭ يولىغا زىت كېلىدىغان ئىشتۇر.

جىدەل ۋە ئىختىلاپ قىلىش ئادەملەرنى زۇكام قىلىپ، قېرىنداشچىلىقنى يوقۇتۇپ ئاداۋەتنى يوغىنىتىۋېتىدۇ. يېتەكچى بۇنداق ئىشلارنى يوقۇرى پەم بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىشى كېرەك. شۇڭا ئىسلامىيەت ئاداۋەت ۋە جىدەل ـ ماجراغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى چەكلىدى.

ئاللاھ بىركىشلەرگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغان بولسا ئۇلارغا خىزمەت قىلىش يولىنى ئېچىپ بېرىپ، جىدەل يوللىرىنى ئېتىدۇ. بىركىشلەرگە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا جىدەل دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىپ، خىزمەت قىلىش دەرۋازىسىنى تاقايدۇ.

جىھاد قىلىشتىكى مەقسەت ھوقۇققا ئېرىشىش بولماستىن دىننى تۇرغۇزۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. دىن ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش شەرەپلىك ئىشتۇر، ھوقۇق ۋە مەنسەپ دىننى تۇرغۇزۇشنىڭ ۋاستىسىدىن ئىبارەت.

جىھاد قىلىش ئۈچۈن ھەقىقى ئوغلانلارنى تەربىيىلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنى بىركېچە-كۈندۈزدە يېتىلدۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ. بۇ ئىش سەۋىيەگە قاراپ ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ. بەلكى ئۇزۇن مۇددەت كېتىشى مۇمكىن. ئۈمىدسىزلىنىشتىن ئۈمىدلىنىشكە قاراپ يول ئالىدىغان، باشقىلارنىڭ گېپىگە تەسىرلىنىپ يوقۇلۇپ كەتمەي ئەمەلى خىزمەت قىلىدىغان، قالايمىقان بولغىنىچە ئىش قىلماي پىلانلىق ۋە سىستېمىلىق ئىش قىلىدىغان، قۇرۇق غەۋغا قىلماي ئەمەلى رىئاللىقنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىدىغان، جىدەللەشمەي ھەمكارلىشىدىغان، مەنمەنلىك قىلماي مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىدىغان ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن چوڭقۇر تەربىيىلەش ئۇزۇن ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئۇگەنگەن موھىم دەرس، غەلىبە قورال بىلەن بىلەك كۈچى ، ئەسكەرلەر سانىنىڭ كۆپلىكى، ماددى بويۇملارنىڭ تولۇقلىقى ياكى تۆمۈر ۋە ئوتنىڭ كۈچى بىلەن قولغا كەلگەن ئەمەس. بەلكى ئۇ ئىماننىڭ كۈچى، سەۋەب ـ ئامىللارنى تولۇق قىلىش ۋە ھەققەتتە چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ.

چەتئەل كۈچلىرى ۋە يوشۇرۇن قارشى كۈچلەر، ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنى چىقالمايدىغان ھاڭغا كىرگۈزۈۋېتىش، پايدىسىز ئۇرۇشلارغا تىقىپ قويۇش، پەرزنى قالدۇرۇپ نەپلە بىلەن، ئاساسلىق مەسىلىلەرنى تاشلاپ شاخچە مەسىلىلەر بىلەن، مېغىزنى قويۇپ شاكىلى بىلەن، بىرلىككە كەلگەن مەسىلىنى قويۇپ تالاش-تارتىشتىكى مەسىلە بىلەن مەشغۇل قىلىۋاتقانلىقى ياكى بەزەنلەرنى ئالدىراپ ئىش باشلاشقا، ئورۇنسىز يەردە قورال ئىشلىتىشكە ئىتتىرىۋاتقانلىقى، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ سۈرتىنى ـ پەرقلەندۈرمەي ـ سەتلەشتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن قاراڭغۇدا جىددىيچىلىك، ھىلىگەرلىك ۋە يوقۇرى پىلان بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىغا دەلىلەر ناھايىتى كۆپتۇر. ھەرىكەت يېتەكچىلىرى بۇنداق ئىشلارغا قاتتىق دىققەت قىلىشى، ھوشيار تۇرۇشى لازىم.

بۇ كۈچلەر ئىسلام ھەرىكىتىنى شاخچە(قوشۇمچە) ۋە سىرتقى مەسىلىلەر بىلەن مەشغۇل قىلىپ، ھەرىكەتنىڭ ئىددىيۋى كۈچىنى، تەشۋىقاتتىكى ئەمەلى ئېنىرگىيەسىنى بۇ شاخچە مەسىلىلەرگە قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق پارچىلاپ، ئىسلامنىڭ بىناسى، ئۈممەتنىڭ ئۆز ھوقۇقىغا ئۆزى ئىگە ئىكەنلىكى ۋە ۋەتەنلىرىنى ئازات قىلىشتەك ئورتاق ئۇلۇغۋار مەسىلىلەرگە تۇتىشىدىغان ئىشلاردىن ياش ئەۋلادلارنى مەھرۇم قويماقتا.

ئىسلامغا قارشى كۈچلەر، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ھەرىكەتلەرنى بىر بىرىگە دۈشمەن قىلىپ قويماقتا. ئىسلام ھەرىكەتلىرى ئۆزىدىكى كۈچلەرنى ئورتاق دۈشمىنىگە قارىتىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزئارا بىر بىرىگە قاراتماقتا، بىرى يەنە بىرىگە تۆھمەت چاپلىماقتا. ھەتتاكى بۇ مەسىلە ئۆزىدىن باشقىلارنى گۇناھكار قىلىپ چىقىرىش، كۇپىرغا چىقىرىۋېتىشكە ۋە ئۆز ـ ئارا توقۇنۇشۇپ قېلىش دەرىجىسىگە يەتتى. بەزى ھەرىكەتلەر دۈشمەننىڭ دېپىغا ئۇقماي ئۇسۇل ئويناپ ھەقىقى دۈشمىنىنىڭ كىملىكىنى پەرق ئېتەلمەي بىرى يەنە بىرىگە ھۇجۇم قىلماقتا. نەتىجىدە پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان دۈشمەن خۇشال ھالەتتە كۆڭۈل ئېچىپ تۇردى، زۆرۈر تېپىلغاندا قالغىنىنى ئۆزى يوغۇشتۇرىۋەتتى.

www.islamyoli.net

دۈشمەن ھىلگەرلىكدىن ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىدىن ياكى بىر ـبىرى بىلەن ئۇقتۇرماي سوقاشتۇرۇپ ۋەيران قىلماقتا. بىز بۇنى چۈشەنمەي بەزى بىر كۆز قاراشلاردا بىرلىككە كېلىشەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن خەنجەرنى ئۆز قېرىندىشىمىزغا سالدۇق. قېرىندىشىمىز بىزنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىمىزنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتتۇق. بۇ تەرەپتە دۈشمەننىڭ ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىپ، ھەقىقى دۈشمەننىڭ كىملىكىنى ئوبدان بىلىش كېرەك. دۈشمەن ھەرگىز بىزنى ئىتتىپاق، ئىناق ئۆتسۇن، ئىشلىرى گۈللەنسۇن دېمەيدۇ ھەمدە بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. دۈشمەنلەر ئۆز ـئارا جېدەل ـ ماجراغا سېلىشقا ھەر ۋاقىت ھېرىس بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھەرىكەتتىن كىشلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ، خىزمەت يولىنى تاقاشنى ئويلايدۇ.

جىھاد مەيدانلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇللىرى بىر قانچىدۇر. دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلام تەشۋىقاتىغا توسالغۇلۇق قىلىش ئۇسۇلى قانچىلىك بولسا جىھاد ئۇسۇلىمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ.

دۈشمەنلەر بەش تۈرلۈكتۇر:

1 ـ نەپسىنىڭ شەھۋىتى ۋە ھاۋايى ھەۋىسى؛

2 ـ شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئويۇنلىرى؛

3 ـ كاپىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە مىكىرلىرى؛

4 ـ مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ھىيلە مىكىر سۈئقەستلىرى؛

5 – زالىملار ۋە پاسىقلاردۇر.

شەيتاننىڭ كىرىش ئېغىزلىرى كۆپتۇر، ئۇنى توسۇش ئۈچۈن ئۇ ئېغىزلارنى ئوبدان بىلىش كېرەك. بۇ كىرىش ئېغىزلىرىنىڭ ئەڭ خەتەرلىكى ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە شەھۋەت ئېغىزىدۇر. شەيتان ئىككى قورالنى ئىشلىتىدۇ، ئەقىدىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن گۇمان ـشەك پەيدا قىلىش قورالى، قىلغان ئىشنى بۇزۇش ئۈچۈن شەھۋەت ۋە ھاۋايى ـھەۋەس قورالىدۇر. ئەقىدە بىلەن ئەمەل بۇزۇلسا نىمە قىلغىلى بولسۇن!.

ئىنسانىيەتنىڭ نەپسى تۇيغۇ، ئەخلاق ۋە نىزام مەرىكىسىدە غەلىبە قىلالمىسا، ھەربى مەرىكىلەردە غەلىبە قىلالمايدۇ. دۈشمەنلەردىن غەلىبە قىلىشنى ئىرادە قىلغان ئەسكەرلەردە تۆت نەرسە تولۇق تېپىلىشى لازىم بولىدۇ :

(1) ـ ئەقىدە بىرلىكى

(2) ـ نىشان بىرلىكى

(3) ـ سەپ بىرلىكى

(4) ـ تەۋرەنمەس ئىمان ۋە ئاللاھنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچە قىلىش.

مۇجاھىدىنىڭ شەخسىيتى:

1 ـ دەۋاتقان ۋە ئېتىقاد قىلىۋاتقان نەرسىگە ئىمان ئېيتىش ۋە ئەقىدە يولىدا ھەر قانداق قىممەتلىك نەرسىسى بولسىمۇ پىدا قىلىش؛

2 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوچۇق پىرىنسىپى ئاساسىدا، تەتقىق قىلىش ۋە پىلان تۈزۈش ئۇستىگە قۇرۇلغان ھەرىكەت؛

3 ـ ئەقىدىنىڭ ساغلام بولىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ راستچىل بولىشى بىلەن قەدەمنىڭ داۋاملىششى ئۈچۈن ۋە ئۇسۇلنى توغۇرلاش ئۈچۈن پىلانلارنى ھەر ۋاقت تۈزلەپ قايتا ـ قايتا مۇراجەت قىلىپ تۇرماق لازىم.

مۇسۇلمانلار كۆڭلەرنىڭ قايسى بىرىدە بولمىسۇن غەلىبىنى سانىنىڭ ۋە تەييارلىقىنىڭ كۆپلىكى بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ باقمىدى. چۈنكى تەييارلىق قىلىش غەلىبىنىڭ سەۋەپ چارىسىدۇر. مۇسۇلمانلار ئەھۋالى غەلىبە سەۋىيىسگە ئېرىشكىدەك ھالەتكە يەتكەن چاغدا غەلىبە ئاللاھنىڭ قېشىدىن يېتىپ كېلىدۇ. ئاسماندىن ئارقىمۇ ـ ئارقا ياردەمچى مەدەت قوشۇنى چۈشىدۇ. ئاللاھ شۇ ئارقىلىق ئۇرۇشنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە كەسكىن بىر تەرەپ قىلىدۇ.

مۇسۇلمانغا ئايدىڭ بولۇشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلارنىڭ بىرسى قىيىنچىلىق، سىناق مەيدانى مەغلۇبىيەتكىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. غەلىبىنىڭ سىنىقى ئىنسانىنىڭ بۇ دۇنيادىكى غايىسگە ئېنىق توغرا كەلمەي قالسا، غەلىبىنىڭ سىنىقى تېخىمۇ قاتتىق بولۇشى مۈمكىن.

مۇسۇلمانغا مەغلۇبىيەت كېلىپ قالسا ئۈمىدسىزلەنمىسۇن، ئۆزىنى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ تولۇقسىز يەرلىرنى تولۇقلاپ قەدىمنى يەنە داۋاملاشتۇرىۋەرسۇن. ئۇ ئۇسۇلنى تۈزلەپ، سەۋەبنى تولۇق قوللۇنۇپ بولۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ كۆپلىكنى كۆرگەندە ئاللاھنىڭ بۇ سۆزىنى ئەسلىسۇن: { كاپىرلار تەرەپدارى بولغانلار مۆمنلەرگە: كىشلەر سىلەرگە قارشى ناھايىتى كۆپ توپلاندى، ئۇلار بىلەن ئېتىشمەن دېمەي، جىم ئولتۇرۇڭلار، ئۇلاردىن قورقۇڭلار دېدى. مۇشرىك كاپىرلارنىڭ قىلغان بۇ سۆزى ئۇلارنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇلار: ئاللاھ بىزگە كۇپايە، نېمىدىن ئەنسىرەيتۇق، ئاللاھ ھەممىگە ئىگە دېيىشتى. ئۇلار ئاللاھنىڭ نىئمىتى ۋە پەزلى بىلەن غەلىبە قىلىپ قايتىپ كەلدى، ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى. ئاللاھ ئۇلۇغ پەزلەت ئىگىسىدۇر، ئەنە شۇ شەيتان دوستلىرىنى قورقىتىدۇ. ئەگەر ھەقىقى مۆمن بولا بولساڭلار ئۇلاردىن قورقىماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار } دېدى. (1)

بىز دۈشمىنىمىز بىلەن ئۇچۇرشۇشتىن ئىلگىرى، پىرىنسىپىنىڭ پۇختا، تەربىيەنىڭ كەم بولۇش سەۋەبىدىن سەپتە يوچۇق ۋە كاۋاكنىڭ يوقلىقى، خىزمەتنى ئىجرا قىلىشتا تەشكىلاتتا بۆلۈنۈش ۋە پارچىلىنىشنىڭ بولمايدىغانلىقى، كۆز قاراشتا غۇۋالىقنىڭ يوقلىقى، مەسئۇلىيەتنى كۆتۈرۈشتە ئاجىزلىقنىڭ يوقلىقىنى تەكىتلەيدىغان بولساق، ئىمان بىلەن ئۈمىدسىزلىك ھەرگىز بىر ئورۇندا بىرلىشىپ بىر كېلىپ قالمايدۇ.

جىھاد ئىشىدا ياكى ئىسلام ھەرىكىتىدە ئۈمىسىزلىنىشكە قەتئى ئورۇن يوق. بىر ئىش چۇۋۇلۇپ كەتسە قايتا ئىش قىلىشتىن زېرىكىش، ئۈمىدسىزلىنىش توغرا ئەمەس، بىر ئىش باشلاپ مەغلۇب بولساق ئىككىنچى قېتىم تەجرىبە ئارقىلىق پۇختا قىلىشىمىز مۈمكىن، ھەممە ئىش ئىنسانىنىڭ ئۈيلىغىنىدەك چىقمايدۇ.

ئىسلام رىسالىسى ئۈمىدسىزلىك، غەم ـ قايغۇنى تونۇمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " ئى ئاللاھ مەن غەم ـ قايغۇ، ئاجىزلىق، ھورۇنلۇق، قورقۇنچاقلىق ۋە بېخىللىقتىن ئامانلىق تىلەيمەن" دەپ دۇئا قىلاتتى. مانا بۇ ھەدىس ئۈمىدسىزلىكنىڭ جەمىيەتنى پارچىلاپ، جە مىيەتنىڭ بىناسىنى تەۋرىتىپ ئۇنى سۇنغۇن، ئۈمىدسىز ۋە قايغۇلۇق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. ئۇنىڭ نەقەدەر ۋەيران قىلىش كۈچىگە ئىگە قورال ئىكەنلىكىنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۈمىدسىزلىك بىر مىللەتنى

www.islamyoli.net

ئىگەللىۋالسا ئۇ مىللەتنىڭ ئىشلىرىنىڭ مىزانى داۋالغۇپ مەنىۋىيتى چۈشۈپ كېتىدۇ. مەككىدە شۇ قەدەر قىيىنچىلىق ۋە قورقۇنۇشلۇق ئەھۋال تۇرسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ساھابىلىرىنىڭ روھى مەنىۋىيتىنى يوقۇرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئىشەنچ سالاتتى.

جىهادنىڭ تۆرلىرى كۆپتۇر، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام : ° "مۇشرىكلار بىلەن مېلىڭلار، جېنىڭلار ۋە تىلىڭلار بىلەن جىهاد قىلىڭلار " دېگەن. (1)

سۆز كۆرشىمۇ ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كۆرەشلەرنىڭ بىرىدۇر. بۈگۈنكى بۇ زاماندا بۇ مەرىكە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقماقتا. سۆزگە ـ سۆز بىلەن، قەلەمگە قەلەم بىلەن، قورالغا قورال بىلەن قارشى تۇرۇش لازىم. ئىسلام دىنى مىليارتلىغان ئىنسانلارغا يېتىشتە قىتئە ئاتلايدىغان راكتا ئارقىلىق ئۆتمەي، كۈچلۈك پاكتى ۋە نۇرلۇق بايانى بىلەن ئەقىل بىلەن قەلبىنى يېرىپ ئۆتكەن ئىدى. ئىدىيەنى قەلەم بىلەن بايان قىلىپ، تىل بىلەن مۇداپىئە قىلىپ، پاكىت بىلەن مات قىلىش جىهادنىڭ قاتارىغا كىرمەسمۇ؟ دۈشمەنلەر سۆز ۋە قەلەم ھۇجۇمى ئارقىلىق دىنىمىزنى سەتلەشتۈرۈۋەتتى ئەمەسمۇ؟ ئىدىيە كۆرشىدە قورالغا مۇھتاج بولمايمىز، ئەگەر سۆز قورالىنى ئىشلىتىشتىن چەكلەنسەك، سەتلەشتۈرۈۋېتىلگەن ئەقىدىمىزنى، بىكار قىلىۋېتىلگەن پىرىنسىپىمىزنى، چەكلەنگەن تەشۋىقاتىمىزنى، ئۆچۈرۈلگەن تارىخىمىزنى، يوقۇتۇلغان شەخسىيىتىمىزنى، قارشىلىققا ئۇچراۋاتقان دىنىمىزنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن قولغا قورال ئالماي بولمايدۇ.

دىنىنى مۇداپىئە قىلىش جان بىلەن مالنى مۇداپىئە قىلىشتىن بۇرۇن بولىدۇ. ئەگەر دىن، مال، جان ۋە ئابرويغا بىرلەشتۈرۈپ ھۇجۇم قوزغىسا جىهاد قىلىپ ئۇرۇشماق ۋاجىب بولىدۇ. لېكىن بۇ ئۇرۇشنىڭ قائىدە ـقانۇنىيەتلىرى، ئۇسۇل چارىلىرى بار، جىهاد قىلغاندا قائىدىسىزلىك قىلماسلىق لازىم. قىززىق قانلىقىغا تايىنىپ ، ھىسياتقا بېرىلىپ، تولۇق تەييارلىق پۈتۈشتىن ئىلگىرى مەيدانغا چۈشمەسلىك لازىم. مەككىدە مۇسۇلمانلار گەرچە ئۇلارنىڭ سانى ئاز، تەييارلىقى كەم بولسىمۇ ئۇرۇش قىلىشقا يۈرىكى كۆيۈپ تۇراتتى، ئۇلار دۈشمەنلىردىن ئاچچىغنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىڭلار دېيىلسىكەن دەپ كېتەتتى. ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ دەھشەت ئازابى سەۋەبىدىن ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلالمىغىدەك دەرىجىگە كەلگەندىمۇ ئىبادەت بىلەن بولۇپ، تەييارلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، سەۋر قىلىشقا بۇيرۇلۇپ، ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا تېخى ئۇلارنىڭ تەييارلىقى تولۇق پۈتمىگەن ئىدى، شارائىت مۇناسىپ كەلمەيتتى.

دۈشمەن ۋەتىنىمىز، بايلىقىمىزنى ۋە ھەق ـ ھوقۇقىمىزنى تاما قىلىپ بۇلاشنى مەقسەت قىلسا ياكى مۇستەقىللىقىمىزغا تاجاۋۇز قىلىشنى نىيەت قىلسا، بۇ ئەھۋال بىزنىڭ قەيسەر شىجائەتلىك بولىشىمىز، ئىززەت كارامەت ۋە شەرەپ كىيىمىنى كىيىپ ئالللاھغا تەۋەككۇل قىلىشىمىزغا ئەرزىمەسمۇ؟ ھوقۇقىمىزنىڭ ساقلىنىشى، ئابرويىمىزنىڭ قوغدىلىشى، شەخسىيىتىمىزنىڭ ئېنىق بولىشى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ داۋاملىق بىزدىن قورقۇپ تاجاۋۇز قىلىش پىكرىدىن يېنىشى ئۈچۈن بىر بەدەندەك ئۇيۇشما بولۇپ جىهاد قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام دۆلىتىنى زېمىندا تۇرغۇزۇشتىن بۇرۇن قەلبلىرىدە تۇرغۇزغان بۇ كىشلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز. جىهاد بايرىقىنى كۆتۈرگۈچىلەر ئۇلاردىن ئۆگەنسۇن. نۇرلۇق قوللار، سەجدە قىلىپ تۇرىدىغان پېشانىلار، ياش ئاقتۇرىدىغان كۆزلەر، زىكرى ئېيتىدىغان تىللار، كېچىلىكتە ئىبادەت قىلىپ ئىششىپ

www.islamyoli.net

كەتكەن پۇتلار، ئاللاھدىن قورقۇپ تۇرىدىغان بەدەنلەر بىلەن بىرلىكتە سەۋەب - ئۇسۇللىرىنى قوللۇنۇش ئارقىلىق ئۇلار ئىسلام دۆلىتىنى قۇرغانلىقىدىن ئىبرەت ئېلىش لازىمدۇر. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، ئەسكەرلەرنىڭ گۇناھى دۈشمەندىنمۇ قورقۇنۇشلۇقتۇر.

يېتەكچىنىڭ سۈپەتلىرى يۇقۇرى سەۋىيىلىك، ئاڭلىق، ئۆتكۈر ۋە چوڭقۇر پىكىرلىك بولۇشتۇر. ئۇ بۇ سۈپەتلىرى بىلەن دۈ شمىنىنىڭ كىملىكىنى، ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ نىملىكىنى بىلەلەيدۇ. دۈشمىنى ئۈنىڭغا ھۇجۇم ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن ۋە دۈشمىنى كىملەرگە، قايسى ئۇسۇل بىلەن ھۇجۇم قوزغاشنى ئويلاشتىن ئىلگىرى، ئۇ دۈشمىنىنىڭ ھۇجۇمىنى، قاچان ھۇجۇم قوزغايدىغانلىقىنى دەل ۋاقتىدا پەرەز قىلالايدۇ.

يېتەكچى بولغان كىشى شەخسى مەنپەئەتىدىن تامامەن يىراق بولۇپ، ھەققەتەنىڭ خىزمەتچىسى بولۇشى، ئومۇمى مەنپەئەت ئۈچۈنلا كۆرەش قىلىشقا تېگىشلىكتۇر. ئەقىدە يېتەكچىنى ئۇنىڭ جېنى، مېلى ۋە ئۈنىڭدىن باشقا بارلىق ماددى ئېھتىياجىدا ئۇيغا سالمايدۇ.

يېتەكچى سەۋرچان، ئېغىر بېسىق، ئۆزىنى تۇتىۋالالايدىغان بولىشى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئەسكەرلەرمۇ سەۋرچان، ئۆزلىرىنى تۇتىۋالالايدىغان بولىشى لازىم. جىھاد ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق بولغاندەك سەۋر قىلىش ئارقىلىقمۇ بولىدۇ. بەلكى ئۇرۇش قىلىشتىكى كۈچ- قۇۋۋەتنىڭ ئاساسى سەۋر قىلىشتۇر. شۇ سەۋەبتىن قۇرئان بىزنى سەۋر قىلىشقا چاقىرىپ: { ئى مۆمىنلەر! تائەت ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە تېخىمۇ كۆپ چىدامىلىق بولۇڭلار، جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھدىن قورقۇڭلار } دەيدۇ. (1)

سەۋرقىلىش بىلەن نەپسىنى تەربىيلەش، يېتەكچى بىلەن ئەسكەرنىڭ ئۆزىنى تۇتىۋېلىشى بىر بىرىگە چېتىشلىق بولغان مەسىلىدۇر. ئۆزىنى تۇتىۋېلىش دىگەنلىك چۇچۇپ كەتمەسلىك، تاما قىلماسلىق، ھاۋايى - ھەۋەس ۋە شەھۋەتنى يۇلۇپ تاشلاش، مەغلۇبىيەتتە ئۈمىدسىزلەنمەسلىك، غەلىبىدە يوغانچىلىق قىلىپ پەخىرلىنىپ كەتمەسلىك، زىيان ۋە ئېغىرچىلىقلار كېلىپ قالسا ئۈستۈن ئىرادە ۋە نېرۋىسى تىنىچ ھالەتتە قوبۇل قىلىش دىگەنلىكتۇر.

ئىسلامىيەت شەرىئەتتىن ئىلگىرى تۈيغۇلارغا، سەپتىن ئىلگىرى كۆڭۈللەرگە ۋە روھى تەرەپكە ئەھمىيەت بەردى. جىھادنى پەقەتلا كۈچ ئىشلىتىش، قورال كۆتۈرۈش، دۈشمەننى يوقۇتۇش دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغانلار بۇ دىننىڭ تەبىئىتىنى چۈشەنمىگەنلەردۇر. ئەگەر ئىش شۇنداق بولىدىغان بولسا مەككىنىڭ ئۆزىدىلا مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش قىلىش پەرز قىلىنغان بولاتتى. ئىسلامىيەت سان، پىلان، تەييارلىق ۋە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى، قورالنىڭ تۈرىگە ئەمەس ئەسكەرلەرنىڭ تۈرىگە، ساننىڭ كۆپلىكىگە ئەمەس سۈپىتىگە، نۇر چاقناپ تۇرىدىغان قول پىشانىلارغا، ياش تۆكۈپ تۇرىدىغان كۆزلەرگە ئەھمىيەت بەردى. ئۆزلىرى دۇنيادا ياشىسىمۇ ئاخىرەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇ خىل تۈردىكى كىشىلەرنى تەربىيلەشكە كۆڭۈل بەردى.

كۆز ئالدىمىزدا يېتەرلىك تەربىيلەنمىگەن، بىراق دىنى ۋە ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن قورال كۆتۈرگەن جىھاد ھەرىكەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن دۇنيا تەلەپ قىلغۇچىلىرى بولۇپ قالىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار جىھاد قىلغانلارنىڭ قەدىر قىممىتىنى

سەتلەشتۈرۈۋېتىشكە سەۋەبچى بولماقتا. كاپىرلارنى بۇ ئارقىلىق خوش قىلماقتا. كاپىرلاردىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە باشلىماقتا. تەربىيە يېتەرلىك بولمىسا بۇنداق ئەھۋاللاردىن ساقلانماق تەس بولىدۇ.

ئىمان تەربىيىسى ۋە يوقۇرى غايە ئۈچۈن تەشۋىقاتنىڭ بېشىدا ۋاقتلىق قولنى يىغىشقا بۇيرۇق كەلگەندى، بۇ ئاللاھ بەلگىلىگەن ھىكمەت ئۈچۈندۇر. ۋاقتلىق قولنى يىغىشنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرىنچىسى: ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنۇش، قوماندانغا ئىتائەت قىلىش ۋە رۇخسەت كۈتۈشكە مۆمىنلەرنىڭ نەپسىنى سەۋر قىلىش ئارقىلىق كۆندۈرۈش ئىدى. ئۇلار ئىلگىرى ھەر قانداق چاقىرىققا دەرھال ئاۋاز بېرەتتى، خارلىققا چىداپ تۇرالمايتى. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تۇتىۋالمىقى ئۇلارغا نىسبەتەن ئۇرۇش قىلىشتىنمۇ قىيىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنى بىر ئاز تۇتىۋالغانىدى.

ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئۈممەت ئۆزىنىڭ ھەر بىر تال ھۈجەيرىلىرىنى ئويغۇتۇشقا، بارلىق كۈچىنى يىغىشقا، تەييارلىقنى تولۇق مۇكەممەل قىلىشقا ۋە بارلىق ئېنىرگىيىسىنى جۇغلاشقا مۇھتاج بولىدۇ.

غەلىبە بەزى ۋاقىتلاردا مۆمىن جامائەتنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچلەندۈرىشى ئۈچۈن كېچىكىپ قالىدۇ، بۇ جامائەت ئەلەم تارتىپ، قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ قالسا ئاللاھدىن باشقا يۆلەنچۈك تاپالمايدۇ. بۇ ئىمانى ئالاقە پىرىنسىپتا رۇس تۇرۇشقا كېپىل بولالايدۇ.

غەلىبىنىڭ كېچىكىپ قېلىش سەۋەبلىرىنىڭ بىرىسى، مۆمىن جامائەتنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان تەشۋىقاتىدا، كۆرەش قىلىشىدا ۋە قۇربان بېرىشتە خالىس ۋەسەممىي بولمىغانلىقىمۇ بىر سەۋەپتۇر. ئۇ بەزىدە يۈز ئابروي، غەنىمەت، مەنسەپ ۋە نام - شۆھرەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپمۇ قالىدۇ.

مۇسۇلمان جامائەتى يولنى ئۇزاق، غەلىبىنى ئاستا كۆرسە، ئۆزىنى قايتا تەكشۈرۈپ باقسۇن!، ئۆلچەملىرىنى قايتا قويۇپ باقسۇن. ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى غەلبە بىلەن مەغلۇبىيەت قانۇنىنى تونۇسۇن. خۇددى ئۆزى ئەيىپ - نوقساان ۋە خاتالىقتىن پاك -پاكىز خالىدەك، مالامەتنى دۈشمەنگە ئارتىپ قويمىسۇن!.

نەپسىنى بېسىش ئۈچۈن گۇناھلاردىن يىراق بولۇش كېرەك، گۇناھ مەغلۇبىيەتنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىدىن سانىلىدۇ. تەۋەككۇل قىلىش، گۇناھىنىڭ كەچۈرلىشىنى تىلەش، گۇناھدىن پاكلىنىش غەلىبىنىڭ تەييارلىقىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابىلەر گۇناھلىرىدىن دۈشمەندىن قورىققاندىنمۇ بەكرەك قورقاتتى. گۇناھ مۇسۇلماننى غەلبە مەيدانىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، مەغلۇبىيەت دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. نەپسىنى كونترول قىلىش ئۇرۇشنىڭ موھىم بىر كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. شۇڭا ئىسلام ئۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسىدە : ئىمانى ئالاقە ۋە قېرىنداشلىق ئالاقىسى ئورۇنلاشمىغىچە ئۇرۇش قىلىنمىغان ئىدى. ئۆمەرئىبنى خەتتاب ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى سەئدئىبنى ئەبىۋەققاسقا مەكتۇپ يوللاپ : « مەن سىنى قايسى ئەھۋالدا بولمىسۇن ئاللاھدىن قورقۇشقا بۇيرۇيمەن. چۈنكى ئاللاھدىن قورقۇش دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا ئەڭ ياخشى تەييارلىق، ئۇرۇشتىكى تاكتىكىلارنىڭ كۈچلۈكىدۇر. مەن سىنى ۋە سەن بىلەن بىللە تۇرىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دۈشمىنىڭلاردىنمۇ بەكرەك گۇناھ ئىشلاردىن پەخەس بولۇشقا بۇيرۇيمەن. چۈنكى ئەسكەرلەرنىڭ قىلغان گۇناھلىرى ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ئەسكەر بولىدۇ. ئۇ دۈشمەندىنمۇ قورقۇنۇشلۇق بىر نەرسىدۇر. مۇسۇلمانلار،

ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ پەرۋەردىگارىغا كۆپ گۇناھ ئىشلارنى قىلىشى بىلەن غەلىبە قىلالايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا بىزنىڭ كۈچ- قۇۋۋىتىمىز دۈشمەننىڭكىگە قارىغاندا قانچىلىك؟ چۈنكى بىزنىڭ سانىمىز ئۇلارنىڭ سانىدەك كۆپ ئەمەس. بىز ئۇلار بىلەن گۇناھ ئىشلاردا ئوخشاش دەرىجىگە بېرىپ قالساق ئۇلار بىزدىن غالىب كېلىدۇ. ئەگەر بىز تەقۋالىق ئارتۇقچىلىقىمىز بىلەن غەلىبە قىلمىساق كۈچىمىزگە تايىنىپ غەلىبە قىلالمايمىز. سىلەر ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىۋاتقان تۇرۇپ گۇناھ ئىشلارنى قىلماڭلار » دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ھەربى ئۇرۇننىڭ قەيەرگە جايلىشىش توغۇرلۇق مەسلىھەتلەشتى. شۇنداقلا دۈشمەنلەرگە ئالاقىدار كۆپرەك مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھەربى ئاخبارات خەۋەرلىرىنى يىغىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئاندىن ئەسكەرلەنى ئاڭلىق تەجرىبە بىلەن ھەر بىر ئەسكەرنىڭ ئىمكانىيىتىگە ۋە ئۇرۇشتىكى رولىغا قارىتا سەپكە تىزدى.

غەلىبىنىڭ سەۋەبلىرى: سەۋەبنى تولۇق قىلىدىغان، شۇ ساھەنىڭ ھەر خىل ئېهتىماللىقىغا قارشى ئەھۋالنى مۆلچەرلىيەلەيدىغان، ئاللاھغا ئىمان كەلتۈرۈپ، ياردەم بېرىدىغانلىقىغا چىن كۆڭلى بىلەن ئىشىنىدىغان تەجرىبىلىك، پىشىپ يېتىلگەن مۇتەخەسسىس يېتەكچىگە مۇھتاجدۇر.

قۇرئاننىڭ سۈرە بەقەرە ئارقىلىق جىهاد قىلغۇچىلارغا بەرگەن دەرسى :

ئاللاھ قۇرئاندا: { ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ شۇ سەۋەپتىن ئاللاھ ئۇلارنى ئۆلۈڭلار دېدى، ئۇلار ئۆلدى. ئاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈردى. ئاللاھ ئىنسانلارغا مەرھەممەتلىكتۇر} دېدى.[1]

بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ ھسياتىنى قوزغايدىغان، ئەقىل بىلەن مۇناقىشە قىلىدىغان، ئىمانىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان ئۇسۇل بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقتۇرۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمان بىلەن توشقان قەلب، ئاللاھنىڭ قازاسىدىن خاتىرجەم ھالدا ساۋاپ ۋە مۇكاپات تەلەپ قىلىپ ماڭىدۇ. ئارقىغا چېكىنىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ، ئىشەنچ قىلغان ھالەتتە، كۆڭلى خاتىرجەملىك بىلەن ئالغا قاراپ ماڭىدۇ.

ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەنلىكى ئۇلارنى ئاللاھنىڭ قازاسىدىن ساقلاپ قالالمىدى. ئۆلۈمدىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن كۈچى پايدا قىلمىدى. ئۆلۈمدىن قورقۇش ئەسقاتمايدۇ ، چۈچۈپ كېتىش ئىنساننىڭ ھاياتىنى ئاشۇرالمايدۇ، ئۆمۈرنى ئۇزارتالمايدۇ. قازانى توسۇپ قالالمايدۇ. شۇڭا سابىت تۇرۇپ ئاللاھغا تايانغان كۆپ ئەۋزەلدۇر. قورقۇنچاقلارنىڭ كۆزى نەگىلا بارسا خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدۇ، بۇ بىرىنچى دەرس.

ئىككىنچى دەرس: مۇسا ئەلەيهىسسالامدىن كېيىن بەنى ئىسرائىلنىڭ پادىشالىقى يوقۇلۇپ، مۇقەددەس بىلىدىغان نەرسىلىرى بۇلىنىپ دەپسەندە قىلىنىپ، دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن خارلىققا ئۇچراپ، ھەقىقى توغرا يولدىن بۇرالغانلىقىنىڭ سەۋەبى بىلەن دەھشەت ئازاب زۇلۇمنى تېتىغاندىن كېيىن، يېڭىدىن ھۇشىغا كېلىپ سىلكىنىپ، دىللىرىدا ئەقىدە ئويغۇنۇپ، جىهاد قىلىشقا ئىشتىياق قىلىپ: {ئۇلارئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە : بىزگە پادىشا تىكلەپ بەرگىن، ئاللاھنىڭ يولىدا جىهاد قىلايلى دېيىشتى }.[1]

بۇ دەرسلەردىن ئېلىنىدىغان پايدىلار:

www.islamyoli.net

1 - جىھاد قىلىۋاتقان مۇسۇلمان تەشكىلاتى ياكى ئىسلام ھەرىكىتىدە جىددىيلىك ۋە ئومۇمىي قىزغىنلىق يېتەكچىنى ئالدىيالمايدۇ. يېتەكچى رەھبەر ئۇلارنىڭ بۇ قىزغىنلىقى بىلەن جىھاد قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى تەجرىبە ئاستىغا قويمىقى لازىم. بۇ پەيغەمبەر ئەسكەرلەرنىڭ ئىرادىسىنىڭ چىڭ ياكى بوشلۇقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا: {پەيغەمبەرى ئۇلارغا : سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالارسىلەرمىكىن؟ ' دېگەندە ئۇلار بۇنى ئىنكار قىلىشىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ: " ئۇلار، يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟ دېيىشتى}. لېكىن بۇ قىزغىنلىقنىڭ نۇرى ئۇزۇنغا بارماي ئۆچتى، يولنىڭ يېرىمىدا يىقىلدى، ئۇرۇش پەرز قىلىنغان ۋاقتىدا كۆپىنچىسى قېچىپ كەتتى.

2 - ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەي تۇرۇپلا ئەگىشىپ كېتىشنى، ئاشكارا قىزغىنلىقنى سىناش، بىرىنچى قېتىملىق سىناق بىلەن تۈگەپ قالمايدۇ. بەنى ئىسرائىلنىڭ ئۆز تەلىپىگە ئاساسەن ئۇرۇش قىلىش پەرز قىلىنسا، ئۇلار شۇنچە كۆپ تۇرۇقلۇق ئاز ئادەمدىن باشقىسى قاچتى. بۇلار تالۇت ئەلەيھىسسالام بىلەن - ئۇنىڭ پادىشا، قوماندان بولۇشقا لايىقلىقى ھەققىدە جىدەللىشىپ قانائەتلەنگەندىن كېيىن تالۇت بىلەن بىللە چىققان ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىرىنچى باسقۇچتىلا دۇم چۈشتى. قوماندان ئۆزى بىۋاسىتە ئېلىپ بارغان بىرىنچى قېتىملىق سىناق ئالدىدا بۇلار ئاجىزلىشىپ قالدى.

دۈشمەنلەرنىڭ سانىنىڭ ۋە كۈچىنىڭ كۆپلىكى ئالدىدا، ئىرادىلىرى ئۆرۈلۈپ كەتتى، يۈرەكلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇلار: {بۈگۈن بىزنىڭ جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا كۈچىمىز يەتمەيدۇ } دېيىشتى. بۇنداق سىلىشاپ كېتىش ئالدىدا تاللىنىپ قالغان ئازغىنا بىر گۇرۇھ كىشىلەر ئاللاھغا ئىشىنىپ، مىدىرلىماي مۇستەھكەم تۇردى. ئۇ كىشىلەر: { ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز بىر گۇرۇھ كىشىلەر كۆپ كىشىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. ئاللاھ چىدامىلىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىرگىدۇر } دېدى. مانا بۇ سىناق ئالقاننى كۈچلاندۇردى ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. يېتەكچى رەھبەر نەپسىلەرنىڭ تەبىئىتىگە نىسبەتەن تەجرىبىلىك بولىشى، ئاشكارا قىزغىنلىققا ئالدىنىپ كېتىپ قالماسلىقى، بىرىنچى سىناق بىلەن توختاپ قالماسلىقى، ئەسكەردىكى ئىرادە ۋە ئىتائەت قىلىش ئۆلچىمىنى سىناپ بېقىشى لازىم. ئۇ بۇ سىناق ئارقىلىق ئاجىزلانى ئايرىۋەتتى ، ئۇلارنى كەينىگە تاشلاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن سەپ -گەرچە سان ئاز بولسىمۇ - ساپ بولدى.

3 - ئاللاھ بىلەن ئالاقە قىلغان يۈرەكنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى ئۆزگىچە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ چەكلىك كىچىك ئەمەلىيەتنى، چوڭ ئەمەلىيەتكە سوزۇلىدىغان كۆز بىلەن كۆرىدۇ. بۇ يۈرەك كۈچ -قۇۋۋەت ميزان ئۆلچىمى كاپىرلارنىڭ قولىدا ئەمەس، ئاللاھنىڭ قولىدا دەپ ھىس قىلىدۇ.

سەۋرنى ئىماندىن، كۈچ- قۇۋۋەتنى ئاللاھدىن ئالغان گۇرۇھنى دۈشمەننىڭ سانىنىڭ كۆپلىكى كۈچىنىڭ ئۈستۈنلىكى تەۋرىتەلمەيدۇ. بۇ گۇرۇھ ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. قورقۇنچقا ئىخلاس، سەۋر ۋە تەقۋالىق بىلەن قارشى تۇرىدۇ.

مۆمىنلەر قۇدرەتنىڭ پەردىسى بولۇپ، ئاللاھ ئۇلار ئارقىلىق نىيىتنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ. تاللىغان نەرسىنى ئۇلار ئارقىلىق ئىجرا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچ قانداق ئىگىدارچىلىقى يوقتۇر، ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ.

ئىنسان بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ ئۆلۈمدىن ئاجايىپ قورقىدۇ. ئىنسان ئۆلۈمگە قارىتا توغرا تەسەۋۋۇردىن يىراقلاشسا ساراڭ بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم بىزگە ئۆلۈم بىرىش ۋە ھاياتلىق بىرىش مەسىلىسىگە ئىگە بولغۇچى بىردىن بىر زات ئاللاھدۇر، ئۇ زالىملارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا قادىردۇر، لېكىن ئاللاھنىڭ ئۆزى بىلىدىغان بىر ھىكمەت ئۈچۈن ئەجەلنى قارار قىلدى. ئەجەل ئالدى - كەينى بولۇپ قالمايدۇ. قورقۇنچاقلىق قىلىپ ئۆمۈرنى ئۇزارتقىلى بولمايدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەجىلى ئايرىم مۇئەييەن پۈتۈلگەن بولىدۇ، دەيدۇ.

راستچىل مۆمىن كىشى قورقۇنچاقلىقنى تونۇمايدۇ. شەيتان ۋەسۋەسە قىلىپمۇ، ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ يەردە ئۆلۈم ۋەھىمىسى بىلەن رىزىقتىن ئەنسىرەش ۋەھىمىسىدىن ئىبارەت ئىككى يامان تۇيغۇ بار ئۇنى يوقۇتماق كېرەك.

ماددى كۈچ- قۇۋۋەتنى تەييارلاش ئىشلىرىغا سەل قارىماسلىق كېرەك. چۈنكى سەۋەب چارىلارنى ئىشلىتىشنىڭ ئۆزىمۇ ئىبادەتتۇر. ئىنسان ئىمانى ۋە تەۋەككۇل قىلىشقىلا تايىنىپ - گەرچە ئۇ غەلىبىنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىلى بولسىمۇ - ماددى سەۋەبلەرگە كۆز يۇمىشى، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ھورۇنلۇق قىلىشى توغرا بولمايدۇ. ئىنسان بۇ تەرەپكە سەل قارىسا ئەيىپلىنىدۇ ۋە جازالىنىدۇ. بەلكى ئۇ ئىمانىغا تەسىر يەتكۈزىشى مۇمكىندۇر. چۈنكى ئاللاھ مۆمىن بەندىلىرىنى ئۇرۇش قىلىشقا مۇھتاج قىلماي تۇرۇپمۇ، ئۇلارغا ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشكە قادىر تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇدى ئەمەسمۇ؟! تەۋەككۇل قىلىش ئىشى ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى تولۇق قىلىپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا: { ئاللاھ سىنى كىشلەرنىڭ زىيان زەخمەت يەتكۈزىشىدىن قوغدايدۇ } [1] دېگەن تۇرسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېھتىيات سەۋەبلىرىنى قوللانغانلىقى بۇنىڭغا زىت كەلمەيدۇ.

ئاللاھغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە سەۋەب قىلىش، ھەزەر قىلىش، پاراسەتلىك بولۇش ۋە كۈچ ئارقىلىق تەييارلىق قىلىشتەك خىلمۇ - خىل ۋاستىلارنى قوللانماق كېرەك. كۈچ- قۇۋۋەت زامان بىلەن شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۈگۈنكى مۇسۇلمانلاردا كۆپ قېتىم تەكرارلىنىدىغان خاتا پىكىر بار، گەرچە ئۇلار ساھابىلەرنى مىسلى كۆرۈلمىگەن، مۇكەممەل ئىنساننىڭ نەمۇنىلىرى دەپ قارىسىمۇ، لېكىن ئۇلار، ساھابىلاردىكى كاتتىلىق، ئۇلۇغلۇق ئۇلارغا كېلىپ ئەمدى ئۇنىڭ تەسىرى تۈگىدى. ئۇ كاتتىلىق، نەمۇنىلىق شۇلارنىڭ زامانى ۋە ماكانىغا خاس ئىدى، ئەمدى ئۇنداق زامان يەنە قايتا كەلمەيدۇ دەپ خاتا گۇمان قىلىشىدۇ. رىسالەت (يەنى ئىسلام دىنى) ئومۇمى، مۇكەممەل ۋە مەڭگۈلۈك تۇرسا، قانداقمۇ ئۇلار خىيال قىلغاندەك بولسۇن! ئاللاھ قۇرئاندا: { ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىلار ۋە ئەنسارىلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەت كۈنىگىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن ئاللاھ رازى بولدى } دېدى. [1]

ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭىدىغانلار قىيامەت كۈنىگىچە ئۈزۈلۈپ قالماي چىقىپ تۇرىدۇ.

جىھاد تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى كىشلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش ۋە ئۇنى يېقىن ۋە يىراققا يەتكۈزۈشتىكى ۋاستىلاردۇر. پەيغەمبەرنى ئەۋەتىشتىكى، كىتاپلارنى چۈشۈرۈشتىكى غايىمۇ شۇدۇر.

ئەقىل كونترول قىلمىغان تۇيغۇ، ھېسسىيات ئالدىغا سېلىۋالغان ئۇشۇق قىزغىنلىق جىھادنىڭ قاتارىدىن سانالمايدۇ. قان قىزغىنلىقنىڭ كەينىدە كېتىپ قالىدىغان ياكى ئۆلۈپ تۈگىگىچە ۋاقت

كۆتـىدىغان ئىش يوق. ھەر بىر ئىشنىڭ ئۆلچىمى ۋە ۋاقتى بولىدۇ. تەييارلىق پۈتۈشتىن ئىلگىرى ئالدىراپ ئىش باشلاش، دۈشمەنلەر خۇرسەن بولىدىغان، ئۆزىنى يوقاتقاننىڭ ئورنىدىكى ئىشتۇر. چۈنكى ئۇلار نەتىجىسىنى بۇرۇن بىلىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنى شۇنىڭغا ئىتتىرىدۇ. جىھاد ئىشىدا نەتىجىسى زور بولمىغان كىچىك ئىشلارغا كۈچنى سەرپ قىلماي، كۈچنى ساقلاپ تۇرۇپ ۋاقتى كەلگەندە بىرلىكتە ئىشلەتمەك ياخشى بولىدۇ. جىھاد مەيدانى كېڭىرى، دۈشمەنلەر كۆپ، ئۇرۇشنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ ۋە بىر قانچە تۈرلۈكتۇر. كۆرەش مەيدانى غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئارقىمۇ ـ ئارقا تەمىنلەپ تۇرىدىغان ياردەمچى كۈچ ۋە ۋاقتقا مۇھتاج بولىدۇ. كۈچنى غاچىدا ئەھمىيەتسىز ئورۇنغا ئىشلىتىۋېتىپ قاراپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ. ئىش دېگەن ـ بىر ئاز كىچىككىسىمۇ ـ پىلانلىق ۋە تاكتىكىلىق غەلىبە قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن مېڭىشى زۆرۈردۇر. تەييارلىق رەسمى پۈتۈشتىن ئىلگىرى، ئالدىراپ ئىش قىلىپ قويۇش سۇنئەتكە خىلاپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :" لاتتمنوا لقاء الـدو ولكن وۋا لقيتموه فاڭبتوا، وامـلموا ۋن الجنه تچت ئلال السيوف " تەرجىمىسى: " دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچۇرىشۇشقا ئالدىراپ كەتمەڭلار، ئۇچۇرشۇپ قالساڭلار بىجىرىم، تەۋرىمەي تۇرۇڭلار. جەننەت قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويۇڭلار " دېگەن. [1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " بىر ئادەم ئاللاھدىن ھەقىقى راستچىللىق بىلەن شېھىتلىكنى سورىسا ئۇ ئادەم كۆرپىسىنىڭ ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتسىمۇ شېھىتلىك ماقامىغا يېتەلەيدۇ " دېگەن [2].

ئەكسىچە جىھاد قىلماي ياكى جىھاد قىلىشنى كۆڭلىگە ئەكەلمەيدىغان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ: " كىم جىھاد قىلماي ياكى جىھاد قىلىشنى ئويلاپ باقماي ئۆلۈپ كەتسە مۇناپىقلىق ئۈستىدە ئۆلگەن بولىدۇ " دېگەن. ( [3] )

جىھاد قىلغۇچى سەپتىكى بىر ئەسكەر، ئۇنىڭ قوماندانى بار، ئەسكەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى ۋاجىبتۇر. ئۇ ئۆزىگە يۈكلەنگەن بارلىق مەسئۇلىيەتلەرنى ۋە ئۇنىڭغا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. قوماندانىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆزى بىلىپ كاللىسىغا كەلگەن پىكىر بويىچە ئىش قىلىش سەپكە ۋە ھەرىكەتكە زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

سەۋەپ قىلىش، شارائىت، ئەھۋالغا ۋە ئىمكانىيىتكە رىئايە قىلىش لازىم.

مۇجاھىدنىڭ سۈپەتلىرى

(1) ـ دۈشمەننىڭ ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى يەنچىۋېتەلىگىدەك دەرىجىدە تاشتىنمۇ قاتتىق ئىمان ۋە ئەقىدىلىك بولۇش؛

(2) ـ ئاگاھلىق بولۇش، دۈشمەننىڭ نىشان پىلانلىرىنى بىلىش ۋە دۈشمەننىڭ پىسخولوگىيە ئۇرۇش پەنلىرىنى بىلىش؛

(3) ـ بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇنۇشلىرىنى بىكار قىلىپ تاشلاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىش؛

(4) ـ ئىرادىنى بوشاشتۇرىۋېتىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىنى بىكار قىلىپ تاشلاش؛

(5) ـ غەلىبە قىلىشتىكى ئىشەنچنى تەۋرىتىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىنى پاش قىلىپ تاشلاش؛

(6)ـ دۈشمەنلەرنىڭ قورقۇتۇش ۋە روھى بېسىم قىلىش ئۇرۇنۇشلىرىنى بىكار قىلىپ تاشلاش؛

(7) ـ سىرلارنى ساقلاش ۋە قۇرۇق گەپ ـ سۆزلەرنى تارقىتىشنى چەكلىشى لازىم.

نىشانىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن مۇجاھىدلار ئارلىقى ئىناق، ئىتتىپاق بولمىسا ۋە مۇستەھكەم ئاساسلارغا تايانمىسا يۇقارقى ئىشلار ئەمەلىلەشمەيدۇ. بۇ ئاساسلار تۆۋەندىكىچە :

(1) - ئىمان ۋە ئەقىدە كۈچى؛

(2) - ئۈمىدۋار بولۇش، ئۈمىدسىزلەنمەسلىك بىلەن بىرلىكتە نىشان ۋە سەپنىڭ بىرلىكى ساقلاش؛

(3) - ئەمەلىيەتكە قارشى تۇرۇشتا نىزاملىق بولۇش، پىلان ئىشلىرىدا كېڭىرىرەك بولۇش لازىم. بەزى بىر نىشانلار ئەمەلىلەشمەي قالسا قايغۇرماسلىق؛

(4) - ئىلمى پىلان تۈزۈش، قالايمىقان ئىش قىلىشتىن يىراق بولۇش ۋە قۇدرىتى يەتمەيدىغان نىشانلارغا ئىنتىلىشتىن يىراق بولۇش؛

(5) - ئىشلارنى رەتلىك قىلىش ۋە ئىناق بولۇش؛

(6)- ئۆزىنى ئىنكار قىلىش، ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى جانلاندۇرۇش، ۋىجدان ئويغاقلىقى بولۇش، تۇيغۇ ۋە ئىنتىلىشلىرىنى كونترول قىلىش؛

(7)- ئۆز - ئارا ھەمكارلىشىش، يوچۇق ۋە بوشلۇق قالدۇرماسلىق؛

(8) - مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇش، ئۇرۇش قىلىشنىڭ قىيىنچىلىقىغا بەرداشلىق بېرىش؛

(9) - قايغۇ - ئەلەملەر كەلگەندە سەۋرلىك بولۇش، نىمەت كەلگەندە ئاللاھغا تەشەككۈر ئېيتىش؛

(10) - مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئالاقە مۇھەببەت، قېرىنداشچىلىق، دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق ئۈستىگە قۇرۇلۇشى لازىمدۇر. (1)

- باب

تەشۋىقاتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە مەجبۇرىيەتلەر

تەشۋىقاتچى شەخسىنىڭ شەرتلىرى

**1 - روھى جەھەتتە:**

روھى كۈچ تەشۋىقاتچىنىڭ شەخسىيتىدىكى بىردىن - بىر ئاساستۇر. ئۇنىڭسىز تەشۋىقاتچى جانسىز بەدەنىدەك ئاجىز ۋە بوشاڭ بولۇپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روھى كۈچى كىشلەرگە تەسىر كۆرسىتىشتە، ئۇلارنى جەلىب قىلىشتا ناھايتى يوقۇرى رول ئوينىغانىدى. ئۇلار ئۆزلىكىدىنلا تەبئى ئاۋاز قوشاتتى، ئۇنى سەممىيلىك ۋە ئىخلاس بىلەن ياخشى كۆرەتتى. ئىمان ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشەتتى. ئۇلار ئىسلام يولىدا بارلىق قىممەتلىك نەرسىلىرىنى قۇربان بېرەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىكى ۋە ساھابىلاردىكى روھى كۈچ- قۇۋۋەت، كېچىنى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى، بەدەنلىرىنى جىھاد قىلىش يولىدا چارچاتقانلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان. ئاللاھ قۇرئاندا:{ئى كىيمگە يۆگىنىۋالغۇچى پەيغەمبەر ! كېچىنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسىدا، يېرىمىدا ياكى يېرىمىدىنمۇ ئازراقىدا ياكى كۆپرەكىدە ناماز ئوقۇغىن، قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغىن} دېدى[1]

يەنە :{پەرۋەردىگارىڭ سىنىڭ ۋە سەن بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ (يەنى ساھابىلار) دىن بىر تۈپ ئادەمنىڭ (تەھەججۇد نامىزى ئۈچۈن) كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىدە، يېرىمىدا ۋە ئۈچتىن بىر ھەسسىسىدە تۇرىدىغانلىقىڭلارنى بىلىدۇ } دېدى.(2)

ئەۋۋەلقى مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتى توغرۇلۇق ئاللاھ قۇرئاندا: { ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى (دۇنيادا) ياخشى ئىش قىلغۇچىلار ئىدى. ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلايتى، ئۇلار سەھەرلەردە (پەرۋەردىگارىدىن مەغپىرەت تىلەيتتى } دېدى. (1)

بۇ راستچىل داۋاملاشقان ئىبادەت بىلەن ئۇلارنىڭ روھى كۈچى يېتىشتۈرۈلدى. ئۇلار ئۇ روھى كۈچى ئارقىلىق قەلبلەر ۋە دىللارنى جەلىب قىلالىدى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا ئۇلارغا بويسۇنغان ئىدى. ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچىسى ئىنساننىڭ نەپسىدۇر، شۇڭا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تۇنجى قېتىم بۇ نۇقتىدىن باشلىغانىدى. ئاللاھ قۇرئاندا: { روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مەقسىتىگە يېتىدۇ، نەپسىنى بۇزغان ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ } دېدى. (2)

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە، نەپسىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ بەردى. ئۇ تۈزۈلسە ھەممە ئىشلىرىمىز تۈزۈلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا ھەممە ئىشلىرىمىز بۇزۇلىدۇ.

نەپسىمىز بويسۇنغانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن جىھاد قىلماق كېرەك. شۇنداق قىلساق ئاللاھ سۈپەتلىگەن بۇ كىشىلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلالايمىز :{ ئازابتىن خاتىرجەم بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا شېرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر } دېدى. (3)

زېمىندا خاتىرجەملىكنى تېپىشتىن ئىلگىرى، ئىنسان ئۆزىنىڭ نەپسىدە خاتىرجەملىكنى تېپىشى لازىم. نەپسىدە خاتىرجەملىكنى تاپالماي تۇرۇپ، زېمىندا خاتىرجەملىكنى تېپىشى قىيىندۇر.

روھى تەربىيە نەپسنى ئۆزگەرتىش، قەلبنى تازىلاش، ئەقلنى يېتىلدۈرۈپ چىقىش ھەرىكىتىدۇر. بۇ ئىشلارنىڭ ئاساسى ئىمانى تەربىيەدۇر. جىھاد قىلىشتىن مەقسەت، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش، يامان كۆرىدىغان نەرسىدىن قېچىش ئۈچۈن تىرىشماقتۇر. روھى ساپ، تەقۋا بولماي تۇرۇپ، ئالىم بولۇپ كەتسىمۇ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان بولسا ئەلبەتتە ئاللاھنىڭ مەخلۇقى ئىبلىس ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنسا بولاتتى.

ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭدىن قورقۇش، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىش، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەش، ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردۇر. ئەزالار ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشى ۋە توسقان ئىشلاردىن يېنىشى لازىم. ئاللاھ بۇ ھەقتە: { ئىنسان پەقەت ئىشلىگەن، ھەرىكەت قىلغان نەرسىنىڭ نەتىجىسىنى تاپىدۇ} ' دېدى. (1)

ئىنساننىڭ نەپسى بىلەن شەيتان ھەرگىز ئايرىلىپ كەتمەيدۇ. شەيتاننىڭ ئازدۇرۇش ئورنى ئىنساننىڭ نەپسىدۇر. ئىنسان نەپسىگە ئەگەشسە بۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەشسە تۈزۈلىدۇ. شەيتانغا قارشى چىققانلىق ئىبادەتتۇر. چۈنكى شەيتان ئەگەشكەنلەرنى ۋەسۋەسە قىلىش ئارقىلىق دوزاققا چاقىرىدۇ. شەيتان بىلەن دۈشمەنلىشىش دېگەنلىك بارلىق كۈچى بىلەن قارشىلىشىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ شەيتانلار بىلەن قارشىلىشىپ، ئۇلارنىڭ قورال- ۋاستىلىرىنى بىكار قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن

ئەقىدىدىكى گۇمان بىلەن قارشىلىشىشىدىغان ئىمانىنى، شەھۋەت بىلەن قارشىلىشىشىدىغان سەۋردىن ئىبارەت ئىككى قورالنى ئىنسانغا بەردى.

شەيتان بىزنى ھەرگىز بولدى قىلىپ كېتىپ قالمايدۇ، ئۇ بىز بىلەن داۋاملىق زىرىكمەي ئېيتىشىپ تۇرىدۇ، بىزنى بىردەم شەھۋەت قورالى بىلەن شەھۋانى ئىشلارغا قىزىقتۇرسا، يەنە بىر دەم قورقۇتۇش، ئۈمىدسىزلەندۈرۈش ۋە مەسخىرە قىلىش قورالى بىلەن قورقۇتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز روھى جەھەتتە ئويغاقلىقتا، قەلبىنىڭ تىركىلىكىگە ۋە ۋىجدان تۇيغۇلارنىڭ ھەقىقى ئويغىنىشىغا بەك مۇھتاج. ئىمان بىلەن ئەمەل ئارىسىدىكى ئالاقە پارچىلىنىپ كېتىدىكەن، روھى كۈچ- قۇۋۋەتنى ئۈستۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

مۇسۇلمان كىشى نەپسىدىن غەلبە قىلىپ، قەلبىدە ئاللاھقا ھەقىقى قۇلچىلىقنى شەكىللەندۈرەلىسە، شەيتان بىلەن ئۇرۇش قىلىشتا كەسكىن ئۇتۇق قازانغان بولىدۇ. ئىمام بەننا بۇ توغرىسىدا: « يېتەكچى، رەھبەر ۋە قوماندان بولۇشتىن ئىلگىرى ئاللاھقا ھەقىقى ئىبادەت قىلغۇچىلاردىن بولساڭلار، ئىبادەت سىلەرنى ئەڭ ياخشى قوماندانلىقتا ئىلىپ بارىدۇ " دېگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندە شەيتاننى چېكىندۈرگىنى بولىدىغان بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز :

1- ئۆزىنى ئۆزگەرتىشتە قەتئى نىيەتكە كېلىشى لازىم. چۈنكى ھەر بىر ئادەم ئۆزىنى - ئۆزى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ. شۇڭلاشقا يولنى ئۆزگەرتىپ شەيتانغا ۋە ئۇنىڭ ۋاستىلىرىغا كەينىمىزنى قىلىپ مېڭىپ، ئۇنى دۈشمەن ساناپ، ئاللاھقا يۈزلىنىش لازىم.

2- ئىبادەت، دۇئا ۋە زىكرىنى كۆپ قىلىش، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدا ئويلىنىش، سۆز ھەرىكەتلىرىدە ئىخلاسمەن بولۇش ئارقىلىق ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش؛

3- شەيتاننىڭ ۋاستىلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى كۆرسەتمىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش؛

4 - پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ھەقىقى راستچىل ئەگىشىپ مېڭىش؛

5- ھەقىقەت تەرەپتە ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولۇش، ھەقىقەتتە ئاللاھدىن باشقا مەخلۇقتىن قورقماسلىق؛

6 - ھەر بىر مۆمىن كىشى ياخشى ھەمراھنى تاللىشى ۋە دوست تۇتۇشى لازىم.

7- كىشلەرنى، كۆز قاراشلارنى ۋە نەرسىلەرنى تارازىلەشتە ئاللاھنىڭ (مىزانى) ئۆلچىمىنى قەلبىمىزدە كۆتۈرەيلى. ئاللاھ مەرتىبىسىنى يۇقىرى قىلغاننى يۇقىرى قىلايلى، تۆۋەن قىلغاننى تۆۋەن قىلايلى، ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرەيلى، يامان كۆرگەننى يامان كۆرەيلى. ھەممە ئىشلارنى ئاللاھنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچەيلى؛

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روھنى جانلاندۇرۇش ھەققىدە: "ئىمان كىيىم- كېچەك كونىرغاندەك كوناپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا ئاللاھدىن ئىمانىڭلارنى يېڭىلاشنى تىلەڭلار " دېگەن. (1)

يەنە: " ئىمانىڭلارنى يېڭىلاپ تۇرۇڭلار" دېگەن. (2)

بىرىنچى باسقۇچتا، قەلبنى كېسەللىك ھالىتىدىن ساقايتىش، ئىككىنچى باسقۇچتا، بۇ قەلب ئۆزىنىڭ يوقىرى ئىمانى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان كۆندىلىك ئوزۇقىنى بېرىش كېرەك.

توغرا باشلىنىش نۇقتىسى قەلبىگە بولغان ئۆزگەرتىش  پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇشتۇر، چۈنكى بۇ خىل تۈردە خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق ئىنسان  شەيتاننىڭ  (مەيلى ئۇ ئىنسانى شەيتان بولسۇن ياكى جىن - شەيتان بولسۇن) ۋەسۋەسە پىتنىسى دائىرىسىدىن  چىقىپ كەتكەنلىككە  خاتىرجەم بولغىلى بولىدۇ.

شەيتاننىڭ پىتنىسى داۋاملىق ئادەمگە يولۇقۇپ تۇرىدۇ. ساغلام ۋە  قېتىپ كەتمىگەن  قەلب ئۇنىڭدىن يىراق بولالايدۇ.  كېسەل ۋە قاتتىق قەلب شەيتاننىڭ ۋەھىيسى ۋە ۋەسۋەسىسى بىلەن ماڭىدۇ.  ئىنساننىڭ قەلبىنى ئىسلاھ قىلىشتا مەغلۇب بولۇش، ئادەمنى چارچىتىدىغان ۋە  ئازدۇرىدىغان، كېسەل ئىنسانلار نەمۇنىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەۋبە قىلىش، ئىستىغپار ئېيتىش ۋە دۇئا قىلىش روھى تەربىيەنىڭ ئاساسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " كىم كۆپ ئىستىغپار ئېيتسا ئاللاھ ئۇ كىشىگە ھەر قانداق  غەمدىن قۇتۇلۇش يولى ۋە ھەر قانداق سىقىنچىلىقتىن چىقىش ئېغىزى قىلىپ  بېرىدۇ، ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق ئاتا قىلىدۇ " دېگەنىدى. (1)

ھەقىقەتتە قەلب  داۋاملىق باغچا، سۈيى تاتلىق ئۆستەڭدۇر،  دىل ئاۋات شەھەر، پۇختا قورغاندۇر. ئۇ تۈزەلسە دۇنيا تۈزۈلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا ئالەم بۇزۇلىدۇ. دىلنى  پاكلىغان ئادەم بولسا بۇ ھاياتلىقتا ياخشىلىق ۋە نۇرنى كۆرەلەيدۇ، گۇناكار ئادەم بولسا بۇ ھاياتلىقتا يامانلىق  ۋە قاراڭغۇلۇقتىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ.

روھى ساپ - سۈزۈك تەشۋىقاتچى ئۇيغىنىش پەيدا قىلالايدۇ، ئەۋلادلارنى يېتەكلەپ ئۈممەت يېتىشتۈرەلەيدۇ. ئۇ ئاللاھ يولىدا ئەمەل  ۋە جىھاد قىلىدىغان ئادەم تەربىيىلەيدۇ.

دىلنىڭ ئۆزگىرىشى سۆز ياكى قۇرۇلتاي ئارقىلىق ھاسىل بولمايدۇ، ئۇ نەپسىنى ئىسلامغا بېسىش، ئىسلام بىلەن يېتىۋشتۇرۇش ۋە ئۇنى ئىمان ئەخلاقىدا تەربىيىلەش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

روھى تەربىيە كېچىدىكى ئىبادەت بىلەن كۆپ ئۇنۇم بېرىدۇ، چۈنكى مۆمىن كىشىنىڭ جەننىتى ئۇنىڭ مېھرابىدۇر، ئاللاھ بىلەن مۇڭدىشىشنىڭ  تەمىنى تېتىغان ئىنسان نامىزىدا ئاللاھقا يېقىنلىقنى ھىس قىلىدۇ. مۇشۇنداق پەيتتە روھى ساپلىشىدۇ، تۇيغۇلىرى يۇمشايدۇ،  ئىمانى پاكلىنىدۇ،  ئۇنىڭدىن نۇر تارايدۇ ۋە  روھى كېسەللەردىن سالامەت بولىدۇ.

<u>تەشۋىقاتچىنىڭ شەخسىيىتىدىكى روھى تەرەپنىڭ قۇرۇلمىسى :</u>

1 - ئىبادەتنى ئاللاھدىن قورقۇش، نېمە دەۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەندەك ھالەتتە ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ دېگەن ھىس تۇيغۇ بىلەن  تولۇق ئادا قىلىشى ؛

2 – پەرز، نەپلە نامازلارنىڭ ۋاقتىدا ئادا قىلىشقا  قاتتىق دىققەت قىلىش ، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۋەتمەسلىكى ؛

3 - نامازلانى جامائەت بىلەن ئادا قىلىشقا ھېرىس بولۇشى؛

4 - كۈچىنىڭ يېتىشىچە كېچىلىرى بىر قانچە رەكئەت ناماز ئوقۇپ ئىبادەت قىلىش ؛

5 - نەپلە ئىبادەتلەرگە ھېرىسمەن بولۇش؛

6 - قۇرئان كەرىمنى داۋاملىق تەپەككۇر قىلىش ۋە مەنىسىنى ئويلۇنۇش ئىچىدە ئوقۇپ تۇرۇش؛

7 - ھەر قايسى ساھەدىكى تاللانغان دۇئالارنى تاشلىماسلىق؛

8 - داۋاملىق ئاللاھقا دۇئا قىلىش بىلەن يالۋۇرۇش، چۈنكى دۇئا ئىبادەتنىڭ يىلىكىدۇر؛

---

(1) ئەبۇ داۋۇد بايان قىلغان .

9 - ئىبرەت ئېلىش يۈزىسىدىن قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش؛
10 - ھەر ھەپتىدە بىر قانچە كۈن نەپلە رامىزان تۇتۇش؛
11 - چاشكا نامىزنى ۋە ۋىترى نامىزىنى قولدىن بەرمەسلىك؛
12 - ھەر كۈنى دېگىدەك ئۆزىگە قۇرئاندىن بىر قانچە پارە ئوقۇشنى مەجبۇرىيەت قىلىش؛
13 - پەرز نامازدىن كېيىن ياكى ئۆخلايدىغان چاغدا دۇئا قىلىشقا كۆپ ئەھمىيەت بېرىشى؛
14 - زىكرى، ئىلىم ۋە دەرس سورۇنلىرىغا قاتنىششى؛
15 - كۈنلىكى ئىستىغپار ئېيتىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالام يوللىشى؛
16 - جىھاد قىلىش پۇرستى كېلىپ قالسا جىھاد قىلىشى؛
17 – گۇمانلىق ۋە شۇبھى بولغان ئىشلاردىن يىراق بولۇش، رۇخسەت ۋە مۇباھ ئىشلارنى كۆپ تاللىۋالماي ۋاجىپ ئىشلارنى قىلىشى؛
18 - ياخشى دوستلارنى تۇتۇشى؛
19 - كۆپ ۋاقتىنى مەسچىتتە ئۆتكۈزۈشى؛
20 - قۇرۇق پاراڭ ۋە جىدەل - ماجىرا سورۇنلىرىدىن يىراق بولۇشى لازىم.

مانا بۇ تەشۋىقاتچىنىڭ شەخسىيىتىدە تېپىلمىسا بولمايدىغان روھى تەرەپتۇر. تەشۋىقاتچى ئۇ سۈپەتلەرنى ئۆزلەشتۈرمەي تۇرۇپ تەشۋىقاتنى ياخشى ئېلىپ بارالمايدۇ. روھى تەربىيە ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى، بىنانىڭ ئاساسىغا ياكى ئۇسكۈنلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېرىدىغان موتۇرغا ئوخشايدۇ.

**2 - ئىستىلى جەھەتتە:**

ئىسلام دىنى جىدەللىشىش، مۇنازىرلىشىش ۋە پاكىت تۇرغۇزۇش بىلەنلا كۈپايىلىنىپ قالىدىغان دىن ئەمەستۇر. ئۇ ئىنسانىيەت بەختىگە ئېرىشەلەيدىغان ۋە ئاللاھغا خالىس ئىبادەت قىلىش رىئاللىققا ئايلىنىدىغان پەزىلەتلىك ئىنسانىيەت جەمىيتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ئاللاھ يولغا قويغان ئەمەلى دىندۇر. ئاللاھ پەرز قىلغان ھەر قانداق ئىبادەتنىڭ ئەخلاقى ۋە ئىجتمائى مەقسىتى باردۇر. ئالايلۇق، نامازنى ئېلىپ ئېيتساق ئۇ رەزىللىكنى يوقۇتۇپ، پەزىلەتكە يول ئاچىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا: { ناماز ئادەمنى يامان سۆز ۋە ناچار قىلىقلاردىن توسالايدۇ } دېدى.[1] رامىزان بولسا تەقۋالىقنىڭ يولىدۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردىن يېنىشى ۋە بۇيرۇغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن كۈچلۈك تۈرتكىدۇر. باشقا ئىبادەتلەرنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئەخلاقى ۋە ئىجتمائى مەقسەتلىرىمۇ ناھايىتى ئوچۇقتۇر.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سەۋەبىدىن ئالدى - كەينى بولۇپ ئاجايىپ چوڭ دۆلەتلەر، ئىمپىرىيەلەر مەيدانغا بارلىققا كەلگەن ئىدى. ئۇ قانداق بولۇپ يىقىلىپ چۈشتى؟ سەۋەبى نىمە ؟ جاۋابى، شۇ ئۈممەتلەردە ئەخلاقنىڭ چۈشكۈنلەشكەنلىگى سەۋەبىدىندۇر. ئۈممەتلەر پاك ۋە ياخشى ئەخلاقى بىلەن ئۆرە تۇرالايدۇ ئەمەسمۇ؟ !

ئەخلاق بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئەقىدە ۋە دىنى پائالىيەتنىڭ مۇستەھكەم ئورۇنلاشقانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئاساسلىق پرىنسىپتۇر. ئۇ بىزنىڭ يوقلىقىمىز بىلەن بارلىقىمىزنىڭ ئۆلچىمىدۇر. ئىنسان ئىسلامى ئەخلاق سايىسىدا ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن رەڭگى، مىللىتى ۋە تىلى قانداق بولۇشىدىن سىرت ھۆرمەتلىنىدۇ. ئىنسان ئەخلاقى بىلەن ھايۋانلاردىن پەرق ئېتىپ تۇرىدۇ. ئەخلاق تەشۋىقاتچىنىڭ ئۆز

نەپسى ۋە چۈشكۈنلەشكەن جەمىيەت بىلەن قارشىلىشىشتىكى شۇنداقلا ئىنسانىيەت بىناسىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشتىكى ھەقىقى قورالدىن ئىبارەتتۇر.

شۇ سەۋەپتىن تەشۋىقاتچىنىڭ ئىستىلى، ئەمەلى ۋە باشقا پائالىيەت قىلمىشلىرى ئۆزى چاقىرىۋاتقان دەۋەتنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالماستىن شەرىئەتكە تامامەن ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئاللاھ: {كىشىلەرنى ياخشىلىققا چاقىرىپ قويۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇپ قالامسىلەر؟ } دېدى. [1]

ئائىشە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئەخلاقى توغرۇلۇق سورالغاندا : " ئەخلاقى قۇرئان ئىدى" دەپ جاۋاب بەرگەن.

مۇسۇلمان شەخسى ئەھمىيەتسىز ۋە پايدىسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:" ئەھمىيەتسىز ۋە پايدىسىز ئىشلارنى تاشلىغانلىق بىر ئادەمنىڭ ئىسلامىنىڭ گۈزەل بولغانلىقىدۇر"دېگەنىدى. مۇسۇلمان كىشى دەپتىكەنمىش، دېيىلىپتىكەنمىش، بولاپتىكەنمىش دەيدىغان ئىشلاردىن ۋە ئەھمىيەتسىز كۆپ سۇئال سوراشتىن يىراق بولىدۇ.ئۇ يەنە گۇمانلىق ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ. رۇخسەتكە ئوشۇقچە تايىنىش ياكى مايىل بولۇش يوقۇرى ھىممەتكە ۋە تەشۋىقات يولىدىكى مۇشەققەتكە تاقىشىدۇ. ئۇ ئۆتىمەكچى بولغان ۋەزىپە ناھايىتى چوڭ ۋە ئېغىر ۋەزىپىدۇر. ئۇ ۋەزىپە بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ سۆزىنى زېمىندا ئۈستۈن قىلىش، ئۇنىڭ بايرىقىنى دۇنيانىڭ بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىغىچە يوقۇرى كۆتۈرۈش ۋە ئىسلام تەلىماتىنى كىشىلەر ئارىسىدا تارقىتىشتىن ئىبارەتتۇر.بۇ بۈيۈك ۋەزىپىگە ئاتلانغانلار ئەلبەتتە قۇرۇق گەپ ساتىدىغانغا، ئەھمىيەتسىز گەپ ـ سۆزلەر بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈشىدىغانغا ۋە پايدىسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدىغانغا ۋاقت تاپالمايدۇ.

ئىمام بەننا بۇ ھەقتە:« ئەقىل نۇرى بىلەن ھىسيات تۇيغۇللىرىنى يۇگەللەڭلار، ھىسيات ئۇچقۇنى ئارقىلىق ئەقىل نۇرىنى يورتۇڭلار ، خىيالنى ھەقىقەت ۋە ئەمەلىيەتنىڭ راسچىللىقى بىلەن كونترول قىلىڭلار. ھەقىقەتلەرنى چاقناپ تۇرغان خىياللارنىڭ نۇرىدا تېپىپ چىقىڭلار. بىر تەرەپكە پۈتۈن مايىل بولۇپ كەتمەڭلار، كائىناتنىڭ قانۇنىيتى بىلەن سوقاشماڭلار ، ئۇ چوقۇم غەلبە قىلىپ كىتىدۇ. لېكىن ئۇ كائىناتنى ئىشلىتىپ غەلبە قىلىڭلار، ئۇنىڭ دولقۇنىنى ئۆزگەرتىپ پايدىلىنىڭلار ، غەلبە ۋاقتىنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار ، ئۇ كۆپ يىراق ئەمەس » دەيدۇ.

غايىلىك كىشى ۋاقتىنى قەدىرلەيدۇ، زامان ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشىدىكى ئاساس. زامان كىتىۋىرىدۇ ، ساقلاپ تۇرمايدۇ. بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىش زۆرۈر. چۈنكى بىزنى ساقلاپ تۇرغان ۋەزىپە كۆپ ۋە ئېغىر.

بىزنىڭ دىللىرىمىزدا ھەر ۋاقت بىزنى غايە يولىدا ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيدىغان راستچىل ھىسيات بولۇشى لازىم. بۇ ھىسيات ۋە تۇيغۇ بىزنىڭ ئەقلىمىز بىلەن پىكرىمىزنى ئىگەللەپ، دىللىرىمىزدا چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، قېنىمىز بىلەن ئارىلىشىپ كەتمىسە كۆپ ئىشلارنى قىلالمايمىز.

مۇسۇلمان كىشى گەپ قىلسا ئۆلچەملىك، نىشانلىق ۋە غايىلىك قىلىدۇ. ئىش قىلسا پىلانلىق ۋە نىشانلىق قىلىدۇ. ئۇنۇملۈك ئىش قىلىشقا ھەر ۋاقت تىرىشىدۇ ۋە جىددى قىياپەتتە تۇرىدۇ. ھەر بىر ئېغىز سۆزنىڭ قەدىر قىممىتىنى تونۇيدۇ ۋە سۆزنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇنسىز گەپ ـ سۆز قىلمايدۇ. تەشۋىقاتچىغا نىسبەتەن تىلنى رەتكە سېلىش بەك موھىمدۇر. بىلگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىنى باشقىلار ئالدىدا تۆكۈۋېتىش توغرا ئەمەستۇر، ئويلىماي گەپ قىلىپ

www.islamyoli.net

ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىش تېخىمۇ توغرا ئەمەستۇر، ئەھمىيەتسىز كۆپ گەپ قىلىش ئادەمنىڭ قەدىر قىممىتىنى چۈشۈرىۋېتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇزەررگە بۇ ھەقتە : " مەن ساڭا تىلغا يەڭگىل، ساۋابى مىزاندا ئېغىر بىر نەرسىنى دەپ بەرمەيمۇ! ، دېگەندە ئەبۇزەررى : شۇنداق قىلسىلا دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : " گەپ قىلماي جىم تۇرۇش، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش، ئەھمىيەتسىز ئىشلارنى قىلماسلىق"دەپ جاۋاب بەردى. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : " ئىمانى مۇكەممەل مۆمىنلەر، ئەخلاقى گۈزەل بولغان مۆمىنلەردۇر" دېگەن.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " ئاللاھ مۇلايىم ۋە مېھرىباندۇر، ئۇ ھەممە ئىشلاردا مېھرىبان ۋە مۇلايىم بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ " دېگەن.

تەشۋىقاتچىنىڭ ھىممىتى يۇقۇرى بولىدۇ، چۈنكى يۇقۇرى ھىممەتلىك ئادەملەر دۇنيانىڭ يۈزىنى ۋە تارىخ سەھىپىسىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئۆز ئىدىيەسىگە ئىشىنىدىغان، ئىدىيەسى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان، ئالى ھىممەتلىك، يۇقۇرى ساپالىق، گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە ئېسىل سۈپەتلىك بۈيۈك بىر كىشى قايىسى بىر ئىلمى پىكىر بولسۇن، چوڭ قۇرۇلما بولسۇن ياكى خەلقنى ئىسلاھ قىلىشتا بولسۇن نىشان ئەمەللەشكەنگە قەدەر تۈرتكە بولىدۇ.

ئالى ھىممىتىدە، يۇقۇرى غايىسىدە، ئىرادىسىدە تەۋرەنمەي تۇرۇشتا ۋە ئىدىيەسى ئۈچۈن جېنىنى بەدەل تۆلىسىمۇ يانمايدىغان ئۆلگىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بار. ئۇ : ئىدىيەسى ۋە ئەقىدىسى ئۈچۈن بولغان مەرىكىسىدە : " ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار مېنى ئىدىيەمدىن يانىدۇرۇش ئۈچۈن ئوڭ قولۇمغا قوياشنى، سول قولۇمغا ئاينى تۇتقۇزۇپ قويسىمۇ بۇ ئىدىيە ئاشكارا بولۇپ غەلىبە قىلغانغا ياكى مەن بۇ ئىدىيە ئۈچۈن قۇربان بېرىپ ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ھەرگىز بۇ ئىدىيەمدىن يانمايمەن ۋە دەۋىتىمنى ھەرگىز تاشلىمايمەن " دېگەنىدى.

ھىممىتى ئۈستۈن، نىشانى ئېنىق، پىكرى ئوچۇق، ئاللاھ بىلەن ئالاقە باغلىغان ئادەم قانداقمۇ بېسىم ئالدىدا بوشۇشۇپ قالسۇن ياكى قىيىنچىلىق ئالدىدا تەن بەرسۇن!.

تەشۋىقاتچى كىشىنىڭ ئىلىم بىلەن ئەمەلنى بىرلەشتۈرۈشى ئالى ھىممەتنىڭ قاتارىدىندۇر. ئەمەل تەستىقلىمايدىغان ياكى كۈچلەندۈرمەيدىغان ئىلىمنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن! ئەگەر سىز كۆپ بىر نەرسە ئوقۇشقا ۋە كۆپ بىر نەرسە يېزىشقا ۋاقتى يەتمەيدىغان، بىراق سۆزى ۋە ئىش ھەرىكەتلىرى بىلەن ئادەمنى ياخشى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدىغان بىر تەشۋىقاتچىنى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭ ھەقىقى ئالى ھىممەتلىك بىر كىشى ئىكەنلىگىنى شۇ يەردىن بىلىسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر سۆزىنى چىرايلىق قىلىدىغان، ئەمەلنى ياخشى قىلالمايدىغان، چوڭ سورۇنلاردا ئاۋازى يۇقۇرى كۆتۈرۈلۈپ چىقىدىغان ۋە جىددى پەيتتە تاپىقلى بولمايدىغان تەشۋىقاتچىنى كۆرسىڭىز ئۇنىڭ ھەقىقى تەشۋىقاتچى ئەمەس، قۇرۇق دەۋاچى ئىكەنلىكىنى شۇ يەردىن بىلىسىڭىز بولىدۇ.

ھەر قانداق ئۈممەتنىڭ باشقا ئۈممەتلەردىن ئايرىم ئىستىلى ۋە ئەدەپ ئەخلاقى بولىدۇ. ۋەتەنداش بولغان كىشى بۇ ئۈممەتنىڭ ئەمەلى بىر سۈرىتى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. پىرىنسىپىنى ئۇنۇتقان، شەخسىيتى ئارىلىشىپ كەتكەن، ئەخلاقى ۋە ئۆرپى ـ ئادىتىنى ساقلىيالمىغان ئۈممەت ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئېرىىپ تۈگەپ كېتىدۇ. ھەر بىر ئۈممەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىستىلى ۋە شەخسىيتى بولىدۇ، ھېچكىم

بۇمەسىلىنى ئىككىنچى دەرىجىلىك مەسىلىنىڭ قاتارىدىن ياكى ئەھمىيىتى تۆۋەن بولغان مەسىلىنىڭ قاتارىدىن دەپ ساناپ قالمىسۇن.

مۇسۇلمان كىشى ئۆز چۈشەنچىسى، ئېڭى، ئىستىلى، ئەمىلى، كۆرىنىشى، كىيىم- كېچەكلىرى ۋە ئۆنىڭدىن باشقا بارلىق تەرەپلىرىدە ئۆزگىچە ئالاھىدە ۋە پاك بولىدۇ.

بۇ ئىستىلى تەرەپنى ئەمەللەشتۈرۈش ئۈچۈن تەشۋىقاتچى تۆۋەندىكى ئەخلاقلارغا رىئايە قىلىشى لازىم :

1 - ئىسلام ئەخلاقى بىلەن سۈپەتلىنىش، ئۇنىڭ موھىملىرى :

(1) - تەشۋىقاتچى بېشى ئۈستىۈن ئېزىز ھالەتتە تۇرالىشى، خالىغان نەرسىنى دېيەلىشى، يەتكۈزۈشكە تېگىشلىك نەرسىنى يەتكۈزەلىشى ئۈچۈن كىشلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىدىن ئۆزىنى پاك ۋە ئېپپەتلىك تۇتىشى لازىم. تەشۋىقاتچى ئۆزىنى قانچىلىك ئېپپەتلىك، تەقۋا ۋە پاك تۇتالىسا شۇنچىلىك قەدىر - قىممەت ۋە ئىمكانىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇ شەخسى مەنپەئەتىدىن ئومۇمى مەنپەئەتنى ئارتۇق بىلىشى، بەلكى قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئەلا كۆرىشى كېرەك.

(2) - كەچۈرۈمچان، قەلبى كۆكسى كېڭرى بولۇش ۋە نەزەر دائىرىسى كېڭرى بولۇش لازىمدۇر. تەشۋىقاتچى كەڭچىلىك قىلىش روھى بىلەن ئالاھىدە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم بالىسىنىڭ خاتالىشىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئاللاھ بەندىسىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇغۇ! قانداقمۇ بەندىلەر بىر بىرىنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمىسۇن! ئىسلاھاتچىلارنىڭ مەقسىتى قەلبلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى ۋە بىرلىشىشى ئۈچۈن كىشلەر ئارىسىدا مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈش روھىنى قوزغاپ چىقىشتۇر.

تەشۋىقاتچىلار چوڭ نىشانلىرى ئۈچۈن ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان پەيتتە تاسادىبى پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئۇلارنىڭ بەزى بىر كىچىك ئىشلىرىدىن كۆز يۇمۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:"ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان ئازار- كۈلپەتلىرىگە پەرۋا قىلمىغىن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن، ئاللاھ تەۋەككۇل قىلغانلارغا يېتەرلىكتۇر " دەيدۇ. [1]

(3)- راستچىللىق، قەيسەرلىك، پىداكارلىق، جۈرئەتلىك بولۇش، زاھىد بولۇش، رەھىمدىل بولۇش ۋە كىشلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا ئوخشاش سۈپەتلەر بىلەن ئەخلاقلىنىشى لازىمدۇر. چۈنكى بۇ خۇلقلار كىشلەرنى تەشۋىقاتچىغا مايىل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

2 - ھارام ئىشلاردىن يىراقلىشىشتۇر. چۈنكى مۇسۇلمان ئۇ ئىشنى قىلىش بىلەن ھاۋايى - ھەۋەس ۋە شەھۋەتنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەپتىن دىلىدىكى ئىلاھى نۇر ئۆچىدۇ. ئەھۋالى ئۇنداق بولغان ئادەم تەشۋىقاتچىلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ.

3 - ئەمەلى ئۈلگە بولۇشتۇر، تەشۋىقاتچى ئۆزى دەۋەت قىلىۋاتقان نەرسىنىڭ ھەممىسىگە قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە جانلىق شەكىلدە ئۈلگە بولمىقى لازىم. تەشۋىقاتنى ئەمەلى ئېلىپ بېرىش، سۆز ئارقىلىق ئېلىپ بارغاندىن ئارتۇق بولىدۇ.

4 - قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرۇشتۇر. تەشۋىقاتچى كىشلەرگە يېتەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن قۇربان بېرىشتە كىشلەرگە نەمۇنە بولىشى، كۆپ ۋاقتىنى قۇربان بېرىشى، ھاجەتمەن كىشلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشى، يوچۇق ۋە بوشلۇقلارنى چېگرالارنى ئېتىش ئۈچۈن مېلى بىلەن قۇربان بېرىشى، ئازار - كۈلپەتلەرنى كۆتۈرۈشكە ئوخشاش ئىشلاردا قۇربان بېرىشى لازىم. ئۇ يوقۇلۇپ تۈگەيدىغان نەرسىگە

ھېرىس بولماي، ئاللاھنىڭ قېشىدىكى نەرسىگە ھېرىس بولسۇن. ئۇ ئاللاھدىن شېھىتلىك ماقامىغا يەتكۈزۈشنى تىلىسۇن.

5 - مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتۇر، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بىر ئادەمگە بىر نەرسىلەرنىڭنى كۆتۈرۈپ ماڭا ئەگىشىپ ماڭغىن دەيدىغان ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئىنسان تەبىئىتى پىشىپ يېتىلىپ، ئىنسانلار ھازىر مەسئۇلىيىتىنى ئۆزلىرى كۆتۈرەلىگىدەك ھالغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا ئەركىنلىك بېرىلدى. بىراق مەسئۇلىيەتسىز ئەركىنلىكنىڭ مەنىسى بولمايدۇ، ئەركىنلىكسىز مەسئۇلىيەتنىڭ قەدىر قىممىتى بولمايدۇ.

زېمىن يۈزىدىكى ھەر بىر ئىنسان مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر كىشى ئۆز دائىرىسىدىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى كېرەك. ھۆرمەتلىك ئىنسان جەمىيەتكە كۆپ خىزمەت قىلىدۇ.

ئىسلامىيەت ئىسلام جەمىيىتىدىكى ھەر بىر كىشىنىڭ مەسئۇل ئىكەنلىكىنى قارار قىلىپ: " ھەر بىرىڭلار بەلگىلەنگەن ئىشلاردىن مەسئۇلدۇر " دېدى. [1] شۇنىڭ ئۈچۈن تەشۋىقاتچى دەسلەپتە كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك كىشىلەرنى ئويلىشى، ئۇلارنى ئىسلامنىڭ تەلىماتىغا بارلىق ۋاستىلار بىلەن كۆندۈرۈشى لازىم. ئاللاھ قۇرئاندا: {ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشتا چىدامىلىق بولغىن } دېدى. [2] يەنە مۇنداق دەيدۇ: { ئى مۆمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دوزاختىن ساقلاڭلار}.[3] ئائىلە بالاچاقىلارغا قارىتا بولغان بۇ مەسئۇلىيەتتە كۆپلىگەن تەشۋىقاتچىلار سەل قاراپ، ئومۇمى تەشۋىقات بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، دەۋەت قىلىشقا، تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك بولغان ئۆزلىرىنىڭ باللىرى، ئۆيلىرى ۋە تۇغقانلىرىغا سەل قارىماقتا.

تەشۋىقاتچى قېرىنداش نەدىلا بولمىسۇن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى، باشقىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تونۇتۇپ قويۇشى لازىم. يېتەكچىلىرى تېگىرىقاپ قالغان ئۈممەت ئورنىدىن تۇرالىغان ئەمەس. يېتەكچى دېگەن مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ تولۇق ئىجرا قىلىدۇ.

## 3 - ئىدىيە جەھەتتە

تەشۋىقاتچى چۈشەنچە ۋە سەۋىيەدە يوقۇرى دەرىجىدە بولمىسا ئىسلامنى باشقىلارنىڭ ئەقلىگە كىرگۈزەلمەيدۇ. ئىسلام دىنى ئەقىدە، ئىدىيە، پرىنسىپ، ھۆكۈم ۋە ئەدەپ - ئەخلاقتىن ئىبارەت بولۇپ، تەشۋىقاتچىدىن ئۇ مەسىلىلەرنى ھۆججەت ۋە پاكىت ئارقىلىق بىلىشنى شۇنداقلا كەسكىن ئۇسۇل بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن دۇنيا - ئاخىرەتتە ئەڭ ياخشى دىن ۋە ئەڭ ياخشى بىر نىزام ئىكەنلىكىگىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

بۇ تەشۋىقات ئىلىم ۋە ئەمەل تەشۋىقاتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دىل بىلەن ئەقلىنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى تۈگەتمەك لازىم.

تەشۋىقاتچىنىڭ خىزمىتى دىيانەتلىك ياخشى كىشلەر ئارىسىدىلا بولمايدۇ. ئۇنىڭ خىزمەت قىلىدىغان مەيدانى كەڭرىدۇر. شۇڭلاشقا ئۇ توقۇنۇش ۋە رىقابەتلىشىش ھەرىكىتىدە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا مۇھتاج بولىدۇ.

بۇ خىل ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن تەشۋىقاتچى كىشىدە تۆۋەندىكى ئامىللار تولۇق بولۇشى لازىم :

(1) - ئۆزى دەۋەت قىلىۋاتقان نەرسىگە چۈشەنچىسى ئۇچۇق بولۇش، چۈنكى ئىدىيەنىڭ غۇۋا كۆرۈنۈشى، تەشۋىقاتچىنىڭ پاكىتىنى جانسىز، دەلىلىنى ئاجىز قىلىپ قويىدۇ. تەشۋىقاتچىنىڭ چاقىرىۋاتقان نەرسىسى روشەن ئېنىق بولمىسا ياخشىسى شۇك تۇرغىنى ئەۋزەل بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ مەنىۋى، ئەخلاقى، ئىجتىمائى، ئىقتىسادى ۋە سىياسىي مەيدانلىرىدىكى تەشۋىقاتچىنىڭ ئىدىيەسى، ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشانلىرىدا بولسۇن ياكى باسقۇچلۇق نىشانلىرىدا تامامەن ئوچۇق بولۇشى لازىم.

مۇنداق دېگەنلىك ھەر بىر ئىشتا چوڭقۇرلاشقان ئىختىساس ئىگىلىرى بولسۇن دېگەنلىك ئەمەس. بۇنىڭدىكى مەقسەت، بۇ ئىشلارغا قارىتا ئۇنىڭ كاللىسىدا ئوچۇق ئىسلامى تەسەۋۋۇر بولسۇن دېمەكچى.

(2)- ئۆزى چاقىرىۋاتقان ئىدىيەنى چۈشىنىش، تەشۋىقاتچى ئىسلامنى چۈشىنىشتە ئەقلىغا سىغقىدەك دەرىجىدە مەلۇماتلىق بولۇشى لازىمدۇر.

(3) - يوقۇرى ئىسلامى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش، تەشۋىقاتچىغا ھازىرقى ھاياتنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئېلىنغان ئەملى بىلىم - سەۋىيە لازىم بولىدۇ. تەشۋىقاتچى شۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ كىسەللەرنى، ھوقۇق بېشىدىكى نىزاملارنى، جەمىيەتنى ئىگەللىۋالغان كۆز قاراشلارنى، ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرىۋاتقان ئامىللارنى، سوقۇشاۋاتقان ۋە رىقابەتلىشىۋاتقان دولقۇنلارنى، ئۇ كىشىلەرنىڭ قانداق مەسىلىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ دەرت - ئەلەملىرىنى، خۇرسەنلىك ۋە قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى، كۈچلۈك نۇقتىلىرى بىلەن ئاجىزلىق نۇقتىلىرىنى چۈشىنەلەيدۇ.

دوكتۇر يۈسۈپ قەرزاۋى مۇنداق دەيدۇ: «تەشۋىقاتچى كىمنى چاقىرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى قانداق دەۋەت قىلىدىغانلىقىنى، قايسى ئىشنى بۇرۇن دەپ، قايسى ئىشنى كېچىكتۈرىدىغانلىقىنى بىلمىسە دەۋىتىدە نەتىجە قازىنالمايدۇ».

شۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ ئەسىردىكى تەشۋىقاتچى تۆۋەندىكى نەرسىلەرنى بىلىشكە تېگىشلىكتۇر:

ئىسلام دۇنياسىنىڭ جۇغراپىيىسى، ئىقتىسادى، سىياسى ۋەزىيىتى، نوپۇسىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ كەينىدە قېلىش سەۋەبلىرى، بۆلۈنۈش ئىللەتلىرى، تەرەققى قىلىش ۋە بىرلىشىش ئامىللىرى، ئىقتىسادى تەرەپتىن مۇكەممەللىشىش، سىياسى ۋە ھەربى تەرەپتىن بىر بىرىگە كېپىل بولۇش، ئىجتىمائى ۋە مەدەنىيەت تەرەپتىن يېقىنلىشىشنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسىنى بىلىش ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەملى ئەھۋالىنى چۈشىنىش لازىم.

يەھۇدىلار، خىرىستىيانلار، كوممۇنىستلاردىن تەركىپ تاپقان قورقۇنۇشلۇق ئۈچ بۇلۇڭنى شەكىللەندۈرگەن قارشى كۈچلەرنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىنى ۋە بۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئۆز - ئارا بىرلىككە كېلەلمىسمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ زىيىنىغا كەلگەندە ئورتاق دۈشمەنلەر ئىكەنلىكىنى بىلىش؛

يەھۇدى، خىرىستىيان ۋە بۇددىزىم دىنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش؛

ھازىرقى زامان ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، رايۇن خاراكتىرلىك ھەرىكەتلەر، خەلقئارالىق ھەرىكەتلەر، ئىسلامنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتۇپ مېڭىۋاتقان ھەرىكەتلەر، ئومۇمى تەرىپىنى تۇتۇپ مېڭىۋاتقان ھەرىكەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش، ئۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئەڭ موھىملىرىنى بىلىش؛

قارشى ئىدىيەدىكى ئېقىملارنىڭ ئەھۋالىنى، يەنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىچىدىكى لىبرالىستىك، مىللەتچىلىك ۋە ئىلمانى كۆز قاراشتىكى سىياسى كۈچلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش؛

ئەھلى سۈننەدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كەتكەن باھائىيە ۋە قادىيانىيەگە ئوخشاش مەشھۇر پىرقىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش؛

شارائىتنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش، ھەر بىر تەشۋىقاتچى ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنى تەتقىق قىلىشى، ئۇ جەمىيەتنىڭ شارائىتلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشى، ئۇ جەمىيەتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى، ئۇ جەمىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ مىجەزىنى، ئۇ كىشىلەرگە نېمىنىڭ تېز تەسىر قىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى؛

ئىسلام تەشۋىقاتى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار خىلمۇ - خىل، مەنبەلىرى تۈرلۈكتۇر، شۇنداقتىمۇ تەشۋىقاتچى ئۇنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، خۇش كۆڭۈللۈك بىلەن قارشى تۇرۇشقا ئۆزىنى تەييارلىشى لازىم.

(4) - تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش تەشۋىقاتچىغا نىسبەتەن موھىم ئىشتۇر. چۈنكى ئۇ ماتىريال كۆرۈش ۋە ئىلىم ھاسىل قىلىشتىن توختاپ قېلىشى توغرا ئەمەس. ئاز بولسىمۇ داۋاملىق ماتىريال كۆرۈپ بېرىش تەشۋىقاتچىنىڭ ئۈزۈقىدۇر. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئېڭى ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، چۈشەنچىسى ئاشىدۇ، پاكىتى كۈچلۈك بولىدۇ ۋە قەدىمى مۇستەھكەملىنىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا:{ ئىلىملىك، ئاڭلىق كىشلەر بىلەن ئىلىمسىز نادان كىشلەر تەڭ باراۋەر بولالامدۇ ؟} دېدى. (1)

تەشۋىقاتچىنىڭ سەۋىيەسى داۋاملىق ئۆسۈپ ۋە يېڭىلىنىپ تۇرىشى كېرەك.ئۇ كارۋاننىڭ يېتەكچىسى، ھەرىكەتنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن يوقۇرى سەۋىيلىك ۋە بىلىملىك ئىنسان بولىشى لازىم. تەشۋىقاتچى كۈندىلىك ھاياتىنىڭ ئەھلىيىتىدىن گېزىت - ژورنال، ئاخبارات ئاگېنتلىقى ۋە ئىزاھات بەرگۈچىلەرنىڭ ئىزاھاتىدىن يېڭى مەلۇماتلارغا ئېگە بولالايدىغان ئويغاق ئەقىللىق ۋە يۇمشاق ھىس تۇيغۇلۇق بولىدۇ. ئېھتىياجى چۈشكەندە ئىشلىتىش ئۈچۈن موھىم خەۋەرلەر ۋە ۋەقەلەرنى خاتىرىلەيدىغان ئايرىم خاتىرە تۇتۇپ قويسىمۇ بولىدۇ.

تەشۋىقاتچى ھەرىكىتىدە نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن ئۈچ خىل خىسلەت لازىمدۇر :

بىرىنچى: تەشۋىقاتچىنىڭ قورالى قەلبىنى ئېرىتىدىغان يۇمشاق سۆزدۇر، ئۇ مۇنازىرىلەشكەن كىشىدىن غەلىبە قىلىش، ئۈنىڭدىن ئۈستۈن بولۇش رىغبىتىنى تاشلىشى، بەلكى مۇنازىرىنىڭ جىدەلگە ئۆزگىرىپ قېلىش ئېھتىمالى كۆرۈلۈپ قالسا، ئەدەپ، ھېكمەت ۋە چىچەنلىك ئىچىدە مۇنازىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن توختىشى لازىم. جىدەل ھېچ قانداق ئەھۋالدا تەشۋىقاتچىنىڭ ئۇسۇلى قاتارىدىن ئەمەس، مۇنازىرىدىكى ئاساسلىق مەقسەت ھەقنى تېپىپ چىقىشتۇر، بىر بىرىنى يېڭىۋېلىش ئەمەستۇر. تەشۋىقات ئىشىدا غەلىبە قىلغۇچى مەغلۇپ بولغۇچى بولمايدۇ. لېكىن كىشلەر ياخشىلىق ۋە تەقۋالىق ئىشلىرىدا ھەمكارلىشىدۇ.

ئىككىنچى : كىشلەر بىلەن قارشىلىشىپ قېلىشتىن يىراق بولۇش كېرەك، تەشۋىقاتچى ئۆزىنىڭ ھاجەت ئېگىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنى ئادا قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئەسلىسۇن ۋە پىكرىنى كىشلەرگە يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلىدىغانلىقىنى ئەسلىسۇن.

www.islamyoli.net

ئۈچىنچى: كىشىلەرگە يوغانچىلىق قىلىش، ئۈستۈنلۈك قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. كىشىلەر ئۆزى توغرۇلۇق تولا سۆزلەيدىغان، ئۆزىنى باشقىلارغا ئالاھىدە قىلىپ كۆرسىتىدىغان كىشىلەرنى يامان كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كەمتەر بولۇشى، ئۇلار بىلەن قېرىنداشچىلىق ئىچىدە ئۆتىشى لازىم، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىنى ئۆزىگە ئوخشۇتۇپ تۇرۇپ خىتاپ قىلىشى.

ئىمام ھەسەن بەننا بۇ ساھەدە ۋەسىيەت قىلىپ شۇنداق دېگەن، بۇ ۋەسىيەتنى ھەر بىر تەشۋىقاتچىنىڭ ئويلىنىشى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلىشى لازىم:

1 ـ شارائىت قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئەزاننى ئاڭلىغان ھامان نامازغا تەييارلانغىن.

2 ـ قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغىن،كۆرگىن، ئاڭلىغىن ياكى ئاللاھنى ئەسلىگىن، ۋاقتىڭنى ئەھمىيەتسىز ئىشلاردا ئىسراپ قىلمىغىن.

3 ـ پاساھەتلىك ئەرەپ تىلى بىلەن سۆزلەشكە تىرىشقىن، چۈنكى ئۇ ئىسلام شۇئارى قاتارىدىندۇر.

4 ـ قايسى بىر مەسىلىلەردە بولسۇن كۆپ جېدەللەشمىگىن، جېدەل ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ.

5 ـ كۆپ كۈلمىگىن، ئاللاھ بىلەن ئالاقە باغلىغان دىل تەمكىن بولىدۇ.

6- چاقچاق قىلما، جىھاد قىلىۋاتقان ئۈممەت جىددىيلىكتىن باشقىنى تونىمايدۇ.

7 ـ ئاۋازىڭنى ئېھتىياجىڭدىن ئارتۇق كۆتۈرمىگىن.

8- كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، ھەيئەت ـ جەمئىيەتلەرنى جاراھەتلەندۈرىدىغان سۆزلەردىن ساقلانغىن، ياخشى گەپلەردىن باشقا گەپ قىلمىغىن.

9 ـ سەن ئۇچراشقان قېرىنداشلىرىڭ بىلەن ـ ئۇ سەندىن تونۇشۇشنى تەلەپ قىلمىسىمۇ- تونۇشقىن، چۈنكى تەشۋىقاتىمىزنىڭ ئاساسى تونۇشۇش ۋە مۇھەببەتتۇر.

10 ـ بىجىرىدىغان ۋەزىپىلەر ۋاقىتتىن كۆپرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقتنى تېجەپ، ئىشلىرىڭ بولسا قىسقىغىلا ئادا قىلىپ، باشقىلارنىڭ ۋاقتلىرىدىن پايدىلىنىشىغا ياردەم بەرگىن.

تەشۋىقاتچىلارغا ئىككى خىل تەمىناتنىڭ لازىملىقى :"

بىرىنچى: ئىلىم ۋە ئەدەبىيە تەمىناتى:

ئىلىم دېگەن ئەقىل ۋە دىلنىڭ نۇرىدۇر. ئۇ چۈشەنچىنىڭ ئاساسى، پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ ۋاستىسى ۋە يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ماياكدۇر. يېتەرلىك ھېكمەت سەۋەبىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام 23 يىل جەريانىدا ۋەھيىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ۋە كېتىپ تۇردى. ئەسلىتىش، چۈشەندۈرۈش سورۇنلىرى ئۇرۇش ۋاقتلىرىدىمۇ ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملاشتى. ئۇنى ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ كېڭىيىشىمۇ توختۇتۇپ قالالمىدى. ئىلىم ھەدىستە كەلگەندەك: " بۆشۈكتىن تارتىپ گورغا كىرگەنگە قەدەر تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ بىزنى ئىلىمغا قىزىقتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ بىر ۋاستىسى بولغان دۇئانى تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: { ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىم ئىلمىمنى زىيادە كۆپ قىلغۇچىكىن دېگىن } (1).

ئادىل خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز: « كىم ئىلىمسىز بىرئىش قىلىدىكەن ئۇ كىشىنىڭ بۇزۇدىغان ئىشى تۈزەيدىغان ئىشىدىن كۆپرەك بولىدۇ » دېگەن.

ئىلىم ئۆزىنى تەشۋىقاتقا ئاتىۋەتكەن، رىسالەت مەسئۇلىيىتىنى كۆتۈرۈشكە بەل باغلىغان كىشى ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى ئۇ تەشۋىقاتچى بىرىنچى قىلىپ نۇرلۇق ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرقى دەرتلىك ئەھۋالىنىڭ ئارلىقى ئۈزۈلۈپ قالغان ئۈممەتكە دۇچ كېلىدۇ، ئۇ ۋەزىپىسىنى ھازىرقى زاماننىڭ

تىلى ۋە ئۇسۇلى بىلەن ئىجرا قىلىشتا زور كۈچ ۋە داۋاملىق ھەرىكەت بىلەن قەدەم باسمىسا قانداقمۇ ئۈمىدتىنىڭ ئۆتمىشى بىلەن ھازىرقى ھالىتىنى تۇتاشتۇرالىسۇن. ئىككىنچى قىلىپ، ئىدىيە بىلەن قوراللانغان، ئۆسكۈنلىرى تولۇق، ۋاستىلىرى تەييار بولغان، ئىسلامغا ۋە ئىسلامنىڭ ھايات پەلسەپىسىگە، ئۇنىڭ كائىناتقا بولغان كۆز قارشىغەئوخشاش مەسىلىلەردە ھۇجۇم قوزغاۋاتقان دۇنياغا دۇچ كېلىدۇ.

ئىسلام دىنى ئىلىمنىڭ قەدىر قىممىتىنى يوقۇرى كۆتۈرۈپ : "ئاللاھ كىمگە ياخشىلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىۋېتىدۇ " دېگەن [2].

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:" كىم ئىلىم ئىزدىنىش يولىدا ماڭسا، ئاللاھ ئۇكىشىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغان يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ " دېگەن. [3]

قۇرئان كەرىم بىزگە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر تۇرۇقلۇق، ئۆز ئىلمى بىلەنە قانائەتلىنىپ قالماي يەنە ئىلىم ئۈگىنىشكە قاراپ ماڭغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: {ئاللاھ ساڭا بىلدۈرگەن توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگىشەيمۇ ؟ } [3].

ئىلىم ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئىمانغا قارشى نەرسە ئەمەس. ئىسلام دىنى ئىلىم بىلەن قارشىلىشىپ قالغان ئىشنى ياكى ئىلىم دەرۋازىسىنى تاقاپ سالغان ئىشنى تارىخ بويى كۆرۈپ باقمىدى. ئىسلامىيەتتە ئىلىم ئىماننىڭ دەلىلى سانىلىدۇ. ئىسلام ئەقىدىسىمۇ قارىغۇلارچە دوراشقا ئەمەس ئىلىم ۋە چۈشەنچە ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئىلىم ئىنساننىڭ ھاياتىغا ياردەم بېرىدۇ، ئۇنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇنىڭغا ۋاقتنى قىسقارتىپ، ئۇزۇننى قاتلاپ بېرىدۇ. يىراقنى يېقىنلاشتۇرۇپ، تۆمۈرنى يۇمشاقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئىماننى كۈچەيتىدىغان، ۋىجداننى جانلاندۇرىدىغان، پەزىلەت ئۇرۇغىنى تېكىدىغان ۋە ئەقلىنى شەھۋەتتىن ساقلايدىغان دىنى ئىلىمغا مۇھتاج. دىنى ئىلىم پەننى ئىلىمنىڭ توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلايدۇ. ئىلىم- پەننى تاجاۋۇزچىلىق ۋە ۋەيران قىلىش يولىدا ئىشلىتىشكە قارشى تۇرىدۇ.

ئىبادەت بىر ئادەمگە مەنپەئەت قىلغان بولسا، ئىلىم نۇرغۇن ئادەمگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. ئىلىم خۇسۇسەن بۇ دەۋرىمىزدە توسالغۇلارنى تونۇمايدۇ ۋە ئېتىراپ قىلمايدۇ.

ئەبى دەردا مۇنداق دەيدۇ: «بىر سائەت ئىلىم مۇزاكىرە قىلىش بىر كېچە ئىبادەت قىلغاندىن ياخشىراق.»

ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن: " ئىلىم ئوقۇش نامازدۇر " (يەنى ئىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق نەپلە ناماز ئوقۇغاندەك ساۋاپقا ئېرىشكىلى بولىدۇ) .

ئەلى (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: "ئىلىم مۆمىننىڭ يوقىتىلۇپ قويغان نەرسىسىدۇر، ئۇنى مۇشرىكلارنىڭ قولىدىن بولسىمۇ ئېلىڭلار ".

ئالىملارنىڭ ئىززىتى ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىنى دىلىدا يادىلىغانلىقى، قوللىرىدا ھىدايەت مەشئەللىرىنى كۆتۈرگەنلىكى ۋە قەلبىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئىلىم خەزىنىلىرىگە ئىگە بولغانلىقىدىن كېلىدۇ.

بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىزنىڭ ئىلمى ئۇزۇقىمىزدا تۆۋەندىكى تەرەپلەر تولۇق بولىشى كېرەك:

1 - ئىسلامنىڭ ئىدىيە تەمىناتى:

بۇ ئىسلام دىنىنى، كىشىلەرگە ئەسلى كونا ئۇسۇل بىلەن يېڭى ئەسىرنىڭ پايدىلىق ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ كۆرسىتىدىغان ئىدىيەدۇر. ھەر ئىككى ئۇسۇلنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن بىھاجەت بولالمايدۇ. يېڭى ئۇسۇل بىلەن رازى بولۇپ، كونىسىنى تاشلىۋەتكەن كىشى ئەسلى ئۆستەڭنى قويۇپ، ئېقىپ كېلىپ قالغان سۇ بىلەن رازى بولغان كىشىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئوزۇقتا ئېتىقاد، ئىبادەت ۋە ئىستىل ئەخلاقتىن ئىبارەت ھەر بىر ئادەمنىڭ ئورۇنلىشىغا تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنى تولۇقلاشقا، ۋە ئۇ ۋەزىپىلەرنى ئەمەلى يۈرگۈزۈشكە كۆڭۈل بۆلمەك لازىم. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ موھىم ۋە ئاساسلىق تەرەپلەرگە سەل قارايدۇ. سىياسەت ۋە ئىجتىمائى مەسىلىلەرگە قارىتا بولغان ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە تەسىرلىنىشى ئۇلارنى تارتىپ كېتىدۇ. ھەتتاكى بەزى ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ بىرسى نامازدىكى ئىككى سەجدىنىڭ ئارىسىدا قانداق ئولتۇرۇشنى بىلمەيدۇ، تېخى بەزى ۋاقىتلاردا نامازنى مۇھاپىزەت قىلمايدۇ!.

2 - ئەمەلى تەتبىقلاشتىكى ھەرىكەت ئوزۇقى :

بۇ نۇقتا ئىسلام دۈشمەنلىرى ئۈتمۈشتە پىلانلاپ، ھازىر ئىجرا قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ۋە كېلىچەكتىكى يۈنۈلۈشنى بىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ تەرەپتە دۈشمەنلەرنىڭ ئومۇمى پىلانلىرى بار، ئۇنىڭغا قارىتا سەگەك بولۇش، ئۇنى داۋاملىق ئانالىز قىلىش، ئۇ پىلانلارنىڭ تارلىرىغا ئۇرۇش ۋە ئۇ پىلانلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئومۇمى ئىسلامى ئاڭنى يېتىلدۈرۈش لازىم. ئۇ پىلانلار تۆۋەندىكىچە :

1- خىرىستىيانلاشتۇرۇش بىلەن مۇستەملىكە قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش پىلانلىرىدۇر، بۇ خىل ئەھۋال ئافرىقا ۋە ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ئېنىق كۆرۈنىدۇ. مەسىلەن سۇداننىڭ جەنۇبى قىسمى، فىلىپىن، ئېرىترىيە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەتلەردىكى ئىسلام ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىنى يوقۇتۇشقا ئۇرۇنۇش پىلانى، نېگىرىيە دۆلىتىدىكى پىتنە ۋە قالايمىقانچىلىق قوزغاش پىلانى، داۋاملىق ئىسرائىلىيەنى، لىبناندىكى تىوغرا يولدىن بۇرۇلغان ئاز سانلىقلارنى قوللاش پىلانى، ئەرەپ ۋە ئىسلام شەھەرلىرىدىكى ماسونىيە تەشكىلاتىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ئىبارەت.

2- كوممۇنىزىم سوتسىيالىزىم ۋە ماتىرىيالىزىمنىڭ ھۇجۇم پىلانى:

ئۇلارنىڭ ئىسلام ئىدىيەسىنى يوقۇتۇۋېتىشتىكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پىلانلىرىدۇر. بۇ خىل ئەھۋال ئىسلام ئىدىيىسىنى بۇرجۇۋازىيە ئىدىيىسى دەپ سۈپەتلىشىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇلار داۋاملىق ئىنسانى ئەخلاقنى چېقىلىدۇ. ئابروي ۋە شەرەپ مەسىلىنى مەسخىرە قىلىدۇ. داۋاملىق ئۇلارنىڭ دەيدىغىنى ئىشلەپ- چىقىرىش قىممىتى، سانائەتنىڭ رولى ھەققىدە سۆز ئېچىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىنساننى ياراتقۇچىسىغا ۋە ئىسلامى ئەخلاقلارغا باغلايدىغان نەرسىلەرنى چەكلەشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇڭا بۇ نۇقتىدا بۇ خىلدىكى ئىدىيەلەر بىلەن مۇناقىشە قىلىدىغان، ئۇ ئىدىيەلەرنىڭ خاتالىقىنى ئېچىپ تاشلىيالايدىغان مۇھەممەت قۇتۇپنىڭ "ماددا بىلەن ئىسلام ئارىسىدىكى ئىنسان " ناملىق كىتابى، شېھىت سەييىد قۇتۇبنىڭ "ئىسلامى تەسەۋۋۇرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى " ناملىق كىتابىغا ئوخشاش كىتاپ- ماتىرىياللارنى كۆپ كۆرۈش كېرەك. شۇنداقلا بۇ ئىدىيەلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئۈچۈن ئۇ ئىدىيەلەرنى تارقىتىدىغان گېزىت - ژورنال، كىتاب- ماتىرىيالغا ئوخشاش نەرسىلەرنى كۆرۈش كېرەك. شائىر شۇنداق شېئىر ئېيتقان :

مەن يامانلىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، يامانلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يامانلىقنى بىلدىم. كىم يامانلىقنى بىلمەيدىكەن ئۇ يامانلىققا چۈشۈپ قالىدۇ.

3 ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىغا قىلىنىۋاتقان نىجىس ھۇجۇم پىلانلىرى،

ھەر بىر ئەرەپ رايۇنلىرىدا بازار تىلىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق پاساھەتلىك ئەرەپ تىلى بىلەن قارشىلىشىش، ياۋرۇپانىڭ سۈتىنى ئىمىپ چوڭ بولغان، ئەقلى ياۋرۇپالىشىپ كەتكەن ئادەملەرنى ئىسلام مەدەنىيىتى ھەققىدە بىر نەرسە يېزىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئىلىپ بېرىلىۋاتقان ھۇجۇملار. تاھا ھۈسەين، سالامە مۇسا، تىلشۇناس لويىس ئىۋز ۋە ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىگە قىلغان ھۇجۇملىرى بىزدىن يىراق ئەمەس.

ئامىركىلىق جىنسىيىتى يەھۇدى پروپپىسۇر" شاخىت" قا ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە تەنە قىلىدىغان ھۇجۇم پىلانلىرى يەنىلا داۋاملاشماقتا. بەزى ژورناللارنىڭ سەھى بۇخارىغا تەنە قىلىشى، بەزى كىشلەرنىڭ ھىجرىيە يىل نامىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغانلىقىغا ئوخشاش ھۇجۇملار كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئىسلام تارىخىنى كىچىكلىتىش ھەركىتى دەپ تەشۋىق قىلىش، ساھابىلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن بەزى بىر ۋەقەلەر تۈپەيلى ساھابىلارنى مەسخىرە قىلىشقا ئۇرۇنۇش، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسماننىڭ قەدىر قىممىتىنى تۆۋەن چۈشۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرى ھىلىمۇ ھەم بـــــار.

4 - ياۋرۇپا مەدەنىيىتى بىلەن شەرىق مەدەنىيىتى ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان زىددىيەتلەرنى كۆزۈتۈش، ئەخلاقى چۈشكۈنلۈكلەرنى ۋە ئىجتمائى پارچىلىنىش ئەھۋاللىرىنى خاتىرلەش ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆچ ئاجرىتىش كىرەك.

5 - ئىسلام بىلەن قارشىلىشىۋاتقان نىزاملارنى كۆزۈتۈش، ئۇلارنىڭ ئەپتى- بەشىرىسىنى ئىچىپ تاشلاش لازىم. بىز كىتاپ ـماتىريال تولۇق، گېزىت - ژورنال كىگىرى، رادىيو، تىلىۋىزور، كومپيوتىر، ئىنتىرنىت دەۋرىدە تۇرۇقلۇق دۈشمىنىمىزگە قارىغاندا بىزنىڭ ئىگە بولغان ياكى ئىشلىتىۋاتقان ۋاستىلىمىز نېمىدىگەن ئاز ـھە !

ئىككىنچى : تەقۋالىق ئۇزۇقى :

ئۇ تەمنات ئەلۋەتتە بىرىنچىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ نۇر چىقىرىدىغان، يورۇقلۇق بېرىدىغان ئېلىكتىر ئېنىرگىيەسىگە ئوخشايدۇ. ئۇ مۇسۇلماننىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكىدۇر. شۇ سەۋەپتىن ئاللاھ قۇرئاندا: { ئاللاھ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن كەڭ قىلغان، پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى ئۈستىدە بولغان ئادەم (دىلى كور ئادەم بىلەن) ئوخشاشمۇ ؟ } دەيدۇ. (1)

يەنە: { ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەر ئاللاھدىن قورقساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ }. دەيدۇ(2)

يەنە: { ئۇزۇق تولۇك ئىلىۋىلىڭلار، ئەڭ ياخشى ئۇزۇق تولۇك تەقۋالىقتۇر، ئى ئەقىل ئىگىلىرى ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار } دىدى. (3)

ئىسلامنىڭ ھەر بىر مۇسۇلماندىن تەلەپ قىلىدىغىنى تەقۋالىقتۇر. مۇسۇلمانلار تەقۋا بولسا ئىسلام مەزمۇت تۇرىدۇ. مۆمىنلەردىكى تەقۋالىق تەسرىگە ئۇچرىسا ئىسلام دىنىمۇ تەسىرگە ئۇچرايدۇ. تەقۋالىق

www.islamyoli.net

ئىستىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :" كۆكرىكىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ، تەقۋالىق بۇ يەردە دەپ ئىشارەت قىلغان "ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :" بەدەندە بىر پارچە گۆش بار، ئۇ تۈزۈلسە بەدەننىڭ ھەممە يېرى تۈزۈلىدۇ، ئۇ بۇزۇلسا بەدەننىڭ ھەممە يېرى بۇزۇلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ يۈرەك" دېگەنىدى (1)

كۆڭۈل ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭدىن قورقۇش بىلەن تۈزۈلگەن ۋاقتىدا ئەزالارنىڭ ھەرىكىتى تۈزۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنسان ھارام ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ. گۇمانلىق ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ. كۆڭۈل بۇزۇلسا ھاۋايى ھەۋەس ۋە شەھۋەتنى ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسى ئىگەللەپ كېتىدۇ، شۇ سەۋەپلىك ئەزالارنىڭ ھەرىكىتى بۇزۇلىدۇ.

كۆڭۈل پاك بولسا ئىشلار ياخشى بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ قۇرئاندا:{ ئى مۆمىنلەر! ئاللاھدىن قورقۇڭلار، توغرا گەپ - سۆزنى قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ } دەيدۇ. (2)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىللىرىغا تەقۋالىقنى ۋەسىيەت قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئازغا : " ئى مۇئاز! مەن سېنىڭ ئاللاھدىن قورقۇشۇڭنى، راس سۆزلىشىڭنى، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشىڭنى، ئامانەتنى ئادا قىلىشىڭنى، خىيانەت قىلماسلىقىڭنى، يېتىملارغا رەھىمدىل بولۇشۇڭنى، خوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققى ھوقۇقىنى قوغدىشىڭنى، ئاچچىغىڭ كەلسە ئۇنى يۇتۇۋېتىشىڭنى، يۇمشاق سۆز قىلىشىڭنى، باشقىلاردىن بۇرۇن سالام قىلىشىڭنى، قۇرئاننى چۈشىنىۋېلىشىڭنى، ئاخىرەتنى ياخشى كۆرۈشۈڭنى، قىيامەتتىكى ھېساپتىن قورقۇشۇڭنى، ئارزۇ - ئۈمىدنى قىسقىراق قىلىشىڭنى، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىشىڭنى بۇيرۇيمەن. مەن سېنىڭ، مۇسۇلمان كىشىنى تىللىشىڭنى، يالغانچىغا ئىشىنىشىڭنى، راستچىل ئادەمنى يالغانچىغا چىقىرىۋېتىشىڭنى، ئادىل ئىمامغا ئاسىيلىق قىلىشىڭنى، ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىڭنى چەكلەيمەن. ئى مۇئاز! ھەر بىر دەرەخ ياكى تاشنىڭ قېشىدا بولغىن ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرغىن، گۇنا قىلىپ سالغان بولساڭ تۆۋبە قىلغىن، مەيلى ئاشكارا يەردە بولغىن ياكى يوشۇرۇن يەردە بولغىن ئوخشاشلا ئاللاھدىن قورققىن "! دېگەن(1)

يەنە ھەدىستە مۇنداق كەلگەن:" نەدىلا بولساڭ ئاللاھدىن قورققىن، يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن يۇغىن، كىشلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلغىن " دېگەن.

بۇ ئۇزۇق تاسادىپى كېلىپ قالمايدۇ، ئۇ ھىممەت ۋە ئىرادىگە باغلىق ئىشتۇر. بۇ ھىممەت نەپسىدىن باشلىنىدۇ، ھەققى مۇجاھىد ئاللاھ يولىدا ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلغان كىشىدۇر. بۇ ئىش ئاللاھ پەرز قىلغان ئىشلارنىڭ لەززىتىنى ۋە راھىتىنى ھىس قىلىش ئۈچۈن ئۇ پەرزلەرنىڭ ۋاقتىغا رىئايە قىلىشتىن باشلىنىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىدە كەمچىللىك قىلىپ، ئۇ ۋەزىپىلەرنى ئۆز لايىقىدا ئادا قىلالمىسا كۆپلىگەن توغرا يولدىن بۇرۇلۇش ئەھۋاللىرى ۋە ھاۋايى ھەۋەسلەر ئىنساننىڭ نەپسىدىن باشلىنىدۇ. مەنىۋى بوشلۇق ئىنساننىڭ ئوڭ- سولغا قالايمىقان دەسسىشىگە ئۈندەيدۇ.

يوقۇرى ھىممەت بولسا، تەقۋالىقنى قولغا كەلتۈرۈپ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. يوقۇرى ھىممەتلىك كىشلەر ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلىدىغان ئىنسانلاردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام : " ئاللاھ كاتتا، ئۇلۇغ ئىشلارنى ياخشى كۆرىدۇ، مەنىسىز ئىشلارنى ياقتۇرمايدۇ " دېگەن.

چوڭ ئەقەبە بەيئىتىدە ئاببىاس ئەنسارىلارغا قاراپ: "بۇ ئادەمگە (مۇھەممەد ئەلەيھسسالام)غا نېمە ئۈچۈن بەيئەت قىلىدىغانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ سىلەر ئۇنىڭغا قارا ۋە قىزىل كىشلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بەيئەت قىلىسىلەر، ئەگەر سىلەرئۇنى ھەقىقى قوغدىيالايمىز دېسەڭلار بىللە ئېلىپ مېڭىڭلار، بولمىسا مۇشۇ يەردە قېلىپ قالسۇن، ئۆزىمىز ھىمايە قىلىمىز دېگەندە ئەنسارىلار: بىز ئۇنى ماللىرىمىزنىڭ مۇسىبىتىگە ۋە شەرەپلىك كىشلىرىمىزنىڭ ئۆلۈمى ئۈستىگە قوبۇل قىلىمىز دېيىشتى. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا قاراپ: ئەگەر بىز ۋاپا قىلساق نېمىگە ئېرىشىمىز؟ دەپ سورىغاندا ئۇ ئۇلارغا: ‶" جەننەتكە ئېرىشىسلەر ʻدەپ جاۋاب بېرىپ، ئۇلاردىن بىر بىرلەپ بەيئەت" ئالدى.

مانا بۇ يۇقۇرقى ھىممەت تۈپەيلى ئىسلام بىلەن بۇددىزىم ئارىسىدىكى توقۇنۇش تارىخىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ئىسلام دۆلىتىنى مەدىنىدە تۇرغۇزۇشقا يول ئېچىلدى.

قۇرۇق ئارزۇ ۋە ئارماندىن ھەزەر قىلىش لازىمدۇر، چۈنكى ئۇ ئۆلۈكلەرنىڭ نەرسىسىدىن ئىبارەت. ھەسەن بەسەرى دىلنىڭ غەپلىتىدىن، چۈش ۋە قۇرۇق ئارزۇ - ئارمانلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: " كىشلەرنى ئەمەلسىز گەپ - سۆز، سەۋرىسىز ئىلىم - مەرىپەت، ئىشەنچىسىز ئىمان ھالاك قىلىۋېتىدۇ، ئادەم كۆپ، ئەقىل ئازدۇر " .

ئېتىقاتىدا كۈچلۈك بولۇش، ئىماندا ئىشەنچلىك بولۇش، مۇلايىملىق ئىچىدە ئىلىم - مەرىپەتلىك بولۇش، ئىلىم بىلەن مۇلايىم بولۇش ۋە سىلىق- سىپايىلىق بىلەن ئەقىللىق بولۇش مۆمىنلەر ئەخلاقىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

مۆمىن كىشى داۋاملىق ئۆمەر ئىبنى خەتتابدەك بولۇشى لازىم. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى :" ھېساپقا تارتىلىشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ھېساپقا تارتىڭلار، ئەمەللىرىڭلار تارازىغا سېلىنىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭلار تارازىغا سېلىپ بېقىڭلار! ".

تەشۋىقاتچى تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئېسىدىن تارتىپ چىقارماسلىقى كېرەك:

1 - ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللاھ يولىدىكى سەپىرىدە ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىش لازىم. شۇ سەۋەپلىك قەلبىنى قاتۇرىۋېتىدىغان دەرىجىدە ئىسراپخورلۇق قىلىشنىڭ ياكى لەززەتلىنىشنىڭ ئورنى يوق. ئاللاھ بۇ ھاياتقىلا بېرىلىپ كېتىپ ئاخىرەتنى ئۇنۇتقان بىر تۈركۈم كىشلەرنى غاپىللىق بىلەن سۈپەتلەپ، ئۇلارغا دوزاخ ئازابىنى ۋەدە قىلىپ: {بىز بىلەن ئۇچۇرشىشنى ئۈمىد قىلمايدىغان، دۇنيا تىرىكچىلىكى بىلەن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا رازى بولغانلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئارام تاپقانلار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىل بولغانلارنىڭ بارىدىغان جايى، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن دوزاخ بولىدۇ } دېدى . [1]

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام " ئىمان نۇرى قەلبىگە كىرسە دىل ئېچىلىدۇ ۋە خۇرسەن بولىدۇ دېگەندە، ساھابىلاردىن بىرسى: ئۇنىڭ بەلگىسى نېمە؟ دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: "مەغرۇرلىنىش يۇرتىدىن يىراق تۇرۇش، مەڭگۈلۈك يۇرتقا ئىنتىلىش، ئۆلۈم كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىشتۇر " دېدى.

2- گۇنا قىلىپ سېلىشتىن ئەنسىرەش ۋە خارلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئورۇنلاردىن يىراق بولۇش كېرەك. گۇنا دېگەن قاراڭغۇلۇق بولۇپ، ئىنساننىڭ ئىتائەت قىلىشى بىلەن قولغا كەلتۈرگەن نۇرنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنىدۇ.

مۆمىن ئىنسان گۇناھلىرىنى ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىشتىن قورقۇۋاتقان يوغان تاغدەك كۆرىدۇ. مۇناپىق بولسا گۇناھلىرىنى بۇرنىدىن چىۋىننى قورۇۋەتكەنچىلىك كىچىك ئىش دەپ قارايدۇ. تەقۋا كىشىنىڭ ئالامىتى ئۇ داۋاملىق ئويغاق ۋە ھۇشيار بولىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا بۇ كىشىلەرنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ: { تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە ئۇچرىسا، ئاللاھنى ئەسلەيدۇ-دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلىدۇ } دېدى. [1]

شەيتان چوڭ دەرىجىدە ئازدۇرالمىسا كىچىك دەرىجىدە بولسىمۇ ئازدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:" شەيتان سىلەرنىڭ بۇ زېمىنىڭلاردا ئۇلاھ سۈپىتىدە ئىبادەت قىلىنىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، لېكىن ئۇ سىلەر كىچىك ساناۋاتقان گۇنالار بىلەن رازى بولدى " دەيدۇ.

بۇ ساھەدە تەشۋىقاتچى كىچىك گۇنالاردىن يىراقلىشىش ئارقىلىق چوڭ گۇنالاردىن قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇشى لازىم. تاغمۇ ئۇششاق تاشتىن تەركىپ تاپىدۇ. بۇ ئىشنىڭ بېشى تىلنى ساقلاش، سۆزنى ئۆلچەپ قىلىشتۇر، چۈنكى تىل ۋە دىل ئىدىيە بوش قالمىسا ئېزىپ كەتمىگەن بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : " ئاللاھ سىلەرنىڭ دەپتىكەنمىش، دېيىلىپتىكەنمىش دېگەن سۆزۈڭلارنى، ئورۇنسىز سوئاللارنى كۆپ سورىشىڭلارنى ۋە ئىقتىساتنى ئەھمىيەتسىز ئورۇنلاردا زايا قىلىۋېتىشىڭلارنى يامان كۆرىدۇ" دېگەن.

3 - داۋاملىق نەسىھەت قىلىش ۋە ئەسلىتىش مەيدانلىرىنى تېپىشقا ھېرىس بولۇش لازىم. دوستلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھنى ئەسلىسە ياردەم بېرىدىغىنى، ئاللاھنى ئۇنتۇپ قالسا ئەسلىتىدىغىنىدۇر. "بۆرىمۇ توپتىن ئايرىلىپ قالغان قوينى يەيدۇ" تەشۋىقاتچى داۋاملىق بۇ مەسىلىگە جىددى نەزەر بىلەن قارىسۇن، ئىشلارنىڭ رۇخسەت تەرەپلىرىنى كۆپ ئالماي (ئەزىمە) ۋاجىب تەرەپلىرىنى كۆپ ئالسۇن. تەشۋىقاتچى رۇخسەت تەرىپىنى ئېلىۋالسا باشقا خەلق ئاممىسى نېمىنى ئالىدۇ؟.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## تەشۋىقاتچىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى

تەشۋىقاتچى ئىدىيەسىگە ئىشىنىدىغان بىرئىنسان بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى يېزىقچىلىق، نۇتۇق سۆزلەش، خۇتبە سۆزلەش، ۋەز -نەسىھەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق تەشۋىقات ئۇسۇللىرىنى ئىشلىتىپ ئۆز ئىدىيەسىگە چاقىرىدۇ. ئۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە بارلىق ۋاستىلارنى ئىشلىتىپ خۇسۇسى ۋە ئومۇمى ھەرىكىتىدە جىددى خىزمەت بىلەن ئۇلارغا دەۋەت ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇ يازغۇچى، خەتىپ، ھەدىسشۇناس، ئۇستاز، يېتەكچى، قوماندان، ئىنژېنېر ۋە كىشىلەرگە ئەمىلى شەخسىيىتى بىلەن تەسىر بېرەلەيدىغان ئۆلگە بولالايدۇ. ئۇ روھى كېسەللەرنى داۋالايدىغان، ئىجتىمائى ۋەزىيەتلەرنى ئىسلاھ قىلىدىغان ئىجتىمائى دوختۇر. ئۇ ھاياتى ئىسلاھات ئۈستىدە تۇرىۋاتقان، يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئاگاھلىق تەنقىتچىدۇر. ئۇ چوڭ -كىچىك، باي -كەمبەغەلگە قېرىنداش ۋە دوست بىر ئىنساندۇر. ئۇ ئۆزىدىن مۇھەببەت تۇيغۇسىنى چېچىپ تۇرىدۇ، كۆزىدىن رەھمەتنى قۇيۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ تىلى ۋە قولىدىن غەمخورلۇق ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆز جەمىيىتىدە قوماندان، مۇھىتىدا سىياسىيون ۋە ئەگەشكۈچىلەرگە يېتەكچىدۇر.

تەشۋىقاتچى تەشۋىقاتىدا پاراسەتلىك، مۇئامىلىسىدە راستچىل بولسا ئۇنىڭ سۆزى كۆڭۈللەرگە بۆسۈپ كىرىپ، ئۇ ئۈمىد قىلىۋاتقان ئىسلاھاتقا كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى يۇمشاقلىق، رازىلىق ۋە خۇرسەنلىك ئىچىدە يېتەكلەپ ماڭالايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئۇسۇلى ئۆزى چاقىرىۋاتقان ئىدىيەگە سۆيگۈلەرنى قوزغايدۇ.

تەشۋىقاتچى نەتىجىگە ئېرىششى ئۈچۈن ئۆزىگە قارىتا، ئائىلىسىگە قارىتا، دەۋىتىگە قارىتا، تەشۋىقاتتىكى سەپداش قېرىنداشلىرىغا قارىتا ۋە ئومۇمى كىشىلەرگە قارىتا ئۆتەيدىغان بىر بۆلۈك ۋەزىپە مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى كېرەك.

<u>1 - پەرۋەردىگارىغا قارىتا مەجبۇرىيەتلىرى</u>

1 - تەشۋىقاتچى ئىسلامنىڭ مەشھۇر بەش ئاساسى پىرنسىپى بىلەن ئەمەل قىلىشى لازىم.

2 - تەسلىم بولۇش: ئۇ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئاللاھغا تاپشۇرۇش دېگەنلىكتۇر، ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ:

(1) -ئاللاھنىڭ دىنىدىكى ھۆكۈملەرگە تەسلىم بولۇشتۇر. ئاللاھ قۇرئاندا: { ئى مۇھەممەد! پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشتا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ } دېدى [1]

(2) - ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى تەقدىر قىلغان ھۆكمىگە تەسلىم بولۇشتۇر، ئۇنىڭ مىسالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىسى ئىبراھىم ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ تۇراتتى، ئۇ : " كۆز ياش تۆكىدۇ، كۆڭۈل قايغۇرىدۇ، بىز پەرۋەردىگارىمىز رازى بولىدىغان نەرسىدىن باشقىسىنى دېمەيمىز، ئى ئىبراھىم! بىز سەندىن ئايرىلىپ قالغانغا قايغۇرىمىز " دېگەنىدى.

3 - ئىخلاس قىلىشتۇر، ئۇ ئەمەل ۋە نىيەتكە چېتىشلىق ئىشتۇر، نىيەت ساپ بولسا ئەمەل ساغلام بولىدۇ. نىيەت بۇزۇلسا ئەمەل زايا بولۇپ كېتىدۇ، كۈچ بىكارغا كېتىپ قالىدۇ. يامان نىيەت ئىبادەتنىمۇ

قىممىتى يوق باتىل بىر ئىشقا ئۆزگىرىتىۋېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:"كىشىلەر قىيامەت كۈنى نىيەتلىرىگە قارىتا تىرىلدۇرۇلىدۇ "دېگەن. (1)

ئىخلاس بىلەن قىلىنمىغان ئەمەلنى ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ. ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ھايات قۇرماقچى بولغان، ئىنسانىيەت جەمىيىتىنىڭ ساقلىنىشى ئۈچۈن شەرىئەتنى تۇرغۇزماقچى بولغان ۋە شۇ يولدا بارلىق قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئىشلەتكەن ئى ئىنسان! ئەگەر سەن قەلبىڭگە سەل قارساڭ ئۆزۈڭنى كەمچىلىك قىلدى دەپ قارىمامسەن؟

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:"سورۇنلارغا كەلسە تونۇلمايدىغان، يوقاپ كەتسە سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان ئىخلاسمەن كىشىلەرگە مۇبارەك بولسۇن. ئۇلار ھىدايەتنىڭ مەشئەللىرىدۇر، ئۇلاردىن ھەر قانداق قاراڭغۇ پىتنىلەر ئېچىلىپ كېتىدۇ "دېگەن. (2)

يەنە ئۇ :" ئۈچ تۈرلۈك خىسلەت بار، بۇ ئۈچ تۈرلۈك خىسلەتكە مۆمىننىڭ قەلبى خىيانەت قىلمايدۇ: ئاللاھقا خالىس ئەمەل قىلىش، ھاكىملارغا خالىس نەسىھەت قىلىش، مۇسۇلمانلار جامائەتىگە ئېسىلىشتۇر " دېگەن.(3)

4 ـ سەۋرلىك بولۇشتۇر، ئىمام ئەھمەد: « سەۋر قىلىش قۇرئاندا توقسان نەچچە ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان، ئۇ ئۇممەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن ۋاجىبدۇر. ئۇ ئىماننىڭ يېرىمى ھېساپلىنىدۇ، چۈنكى ئىمان ئىككى پارچە: يېرىمى سەۋر قىلىش بولسا، قالغان يېرىمى ئاللاھقا رەھمەت ئېيتىشتۇر ». ئاللاھ مۆمىنلەرنى سەۋر قىلىشقا بۇيرۇپ: {ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر " دېدى. (3)

5 ـ ئاللاھ مېنى دائىم كۆزىتىپ تۇرىدۇ دەپ بىلىش: يەنى ئاللاھ مېنىڭ بارلىق ئىشلىرىمنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە ئاڭلاپ تۇرىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر، ئاللاھ: { بىلىڭلاركى، ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ جازالىنىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار } دېدى (1)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام : " سەن ئاللاھقا خۇددى ئۇنى كۆرۈپ تۇرىۋاتقاندەك قىياپەتتە ئىبادەت قىلىشىڭ ئېھساننىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنى كۆرمىسەڭمۇ ئۇ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ " دېگەن. (2)

شۇنىڭغا ئاساسەن كۆزىتىش شۇنداق بولىدۇ: ئۇ كىشىنىڭ كۆزىتىشنى داۋاملاشتۇرۇشى، ئاللاھ ماڭا قاراپ تۇرىدۇ، گەپ ـ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ ۋە ھەر ۋاقىت ۋە ھەر قانداق شارائىتتا كۆرۈپ تۇرىدۇ دەپ ئېتىقات قىلغاننىڭ نەتىجىسىدۇر.

6 ـ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرۈشتۇر، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش دۇنيا دېڭىزىغا غەرىق بولۇپ كېتىش، ئۇنىڭ شەھۋەتلىرى ئارقىسىدا تىلىنى چىقىرىپ يۈگۈرۈشتىن ساقلىغۇچى يەلكەنلىك كېمىدۇر. ئاللاھقا قەلبى ئېسىلغان ئادەم ئاللاھدىن باشقا ھەر قانداق نەرسىنى ئاللاھنى ياخشى

---

(1) ئىبنى ماجە بايان قىلغان )

(2) بەيھەقى بايان قىلغان . )

(1) بەقەر سۈرىسى 235 ـ ئايەت .

(2) بۇخارى بايان قىلغان . )

كۆرۈشتىن ئارتۇق بىلىپ كەتمەيدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە :﴿ ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىندىشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق -تۇغقانلىرىڭلار، تاپقان پۇل ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھدىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەردىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق كىشىلەرنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾ دېدى[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :"سىلەردىن بىرىڭلار، مەن ئۇ كىشىگە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئاتىسى، بالىسى ۋە پۈتۈن كىشىلەردىن مۇھەببەتلىكرەك بولمىغىچە مۆمىن بولالمايدۇ " دېدى. [1]

7 - ئېھتىياتچان بولۇشتۇر، ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم: « ئېھتىيات قىلىش دېگەن گۇمانلىق نەرسىلەرنى، پايدىسىز ۋە ئەھمىيەتسىز نەرسىنىڭ ھەممىسىنى تاشلاش دېگەنلىكتۇر" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋقۇالىقنى بىر سۆزدە يىغىنچاقلاپ:" بىر ئادەمنىڭ كېرەكسىز ۋە پايدىسىز نەرسىنى تاشلىغانلىقى، ئۇ ئادەمنىڭ ئىسلامىنىڭ گۈزەل بولغانلىقىدۇر" ُ دېگەن. [2]

ئېھتىيات قىلىشتىن مەقسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىسىدا شۇبھى ئىشلار بار، شۇ ئىشلاردىن دىققەت قىلىش لازىم دېمەكچى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك بۇ شۇبھى ئىشلارنى كۆپلىگەن كىشىلەر بىلمەيدۇ

8 - ئۈمىدۋار بولۇشتۇر، ئاللاھ قۇرئاندا: ﴿ مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ ، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر ﴾ دېدى. [3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:" ئەگەر مۆمىن كىشى ئاللاھنىڭ قېشىدىكى رەھمەتلىكنى بىلسە ئىدى، ئاللاھنىڭ جەننىتىدىن ھېچكىم ئۈمىدسىزلەنمىگەن بولاتتى" دېگەن. [4]

ئۈمىد بىلەن تامانىڭ ئارىسىدىكى پەرق تاما ھورۇنلۇق بىلەن بولىدۇ، ئۇ ئادەم جىددىيلىك ياكى تىرىشىش يولىنى تۇتمايدۇ. ئۈمىد قىلىش بولسا كۈچ چىقىرىش، ياخشى تەۋەككۇل قىلىش بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار" ئۈمىد ئەمەل بىلەن بولىدۇ" دەپ بىرلىككە كېلىشتى.

تەشۋىقاتچى ئىنساننىڭ خىزمىتى ياخشىلىقنىڭ تەسىرىنى كۆرسە ئۇ ياخشىلىقنى كۈچەيتىپ ئۆستۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ غەلىبە قىلىدۇ. زور يامانلىقنى كۆرسە تېنىچ، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن داۋالاپ، ئۇنى يىلتىزىدىن يۇلۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇھەببەت ۋە ياخشىلىقنى تىكىدۇ.

9 - تەۋەككۇل قىلىشتۇر، ئاللاھغا تەۋەككۇل قىلىش مۆمىنلەر داۋاملىق ئىزدەيدىغان ھەقىقەتتۇر. ئاللاھ قۇرئاندا:﴿ ئاللاھ بىزنى يوللىرىمىزغا يېتەكلىگەن تۇرسا، نېمىشقا ئاللاھغا تەۋەككۇل قىلمايلى؟ بىزگە يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىڭلارغا ئەلۋەتتە سەۋر قىلىمىز. تەۋەككۇل قىلغۇچىلار پەقەت ئاللاھغا تەۋەككۇل قىلسۇن﴾ ُ دېدى. [1]

مۆمىن كىشى پەقەتلا ئاللاھغا تەۋەككۇل قىلىدۇ، قەلبى ئاللاھدىن باشقىسىغا قارىمايدۇ ۋە ياردەممۇ ئۈمىد قىلمايدۇ.

---

[2] (تىرمىزى بايان قىلغان .)

[3] (بەقەر سۈرىسى 217 - ئايەت .)

[1] (ئىبراھىم سۈرىسى 11 - ئايەت .)

10 - ئاللاھغا نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن يېقىنلىششتۇر، نەپلە ئىبادەتلەر دېگىنىمىز ناماز، رامىزان، زاكات، ھەج، سەدىقە، زىكرى ئېيتىش ۋە ئاللاھ پەرز قىلغان ئىبادەتتىن باشقا قىزىقتۇرغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى نەپلىگە كىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسى قۇدۇسىدا : " ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: كىم مەن دوست تۇتقان ياخشى تەقۋا بەندە بىلەن قارشىلىشىدىكەن مەن ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلىمەن. بەندەم ماڭا پەرز ئىبادەتلەردىنمۇ ياخشىراق نەرسە بىلەن يېقىنلىشىپ باقمىدى. بەندەم ماڭا نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن يېقىنلىشىۋېرىدۇ، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىمەن. مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالسام، مەن ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولۇپ بېرىمەن. ئۇ مەندىن بىر نەرسە سورىسا ئۇنى بېرىمەن، بىر نەرسىدىن ئامانلىق تىلىسە ئامانلىق بېرىمەن " دېگەن.

11 - ئاللاھغا ئىشىنىشتۇر، مۆمىنىنىڭ قەلبى پەرۋەردىگارىغا ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش بىلەن توشۇپ كەتكەن. ئۇ داۋاملىق مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ:{مۇسا ئېيتتى: ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، (يەنى يېتىشەلمەيدۇ) پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ } دېدى.[1]

مۆمىن كىشى ئاللاھ تەقدىر قىلغان مۇسىبەتتىن باشقىسى ھەرگىز يەتمەيدۇ دەپ ئېتىقات قىلىدۇ. ئۇ ئاللاھ بىلەن داۋاملىق خاتىرجەم بولىدۇ.

12-داۋاملىق جىھاد قىلىش نىيتىنى ھازىرلاپ تۇرۇشتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە ئازات بولغان كۈنى:" مەككە ئازات بولغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىش بولمايدۇ، لېكىن جىھادقا نىيەت قىلىش بولىدۇ، سىلەر ھەر قاچان ئۇرۇشقا چاقىرىلساڭلار دەرھال چىقىڭلار " دېگەن. [2]

تەشۋىقاتچى دائىم جىھاد قىلىش نىيىتىدە بولىشى، قوماندان قايسى ۋاقىتتا جىھادقا چىقىشقا بۇيرۇسا تەييار تۇرمىقى لازىمدۇر.

13 - دائىم تۆۋبە بىلەن ئىستىغپارنى يېڭىلاپ تۇرۇشتۇر، ئاللاھ قۇرئاندا:{ ئى مۆمىنلەر! ئاللاھغا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار} دەيدۇ.[3] يەنە: { تەقۋادارلار يامان بىر گۇنا قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قالسا ئاللاھنى ياد ئېتىدۇ، گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان ئاللاھدىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ} دېدى [4] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :" مەن ئاللاھدىن ھەر كۈنلۈكى يەتمىش قېتىمدىن كۆپرەك گۇنالىرىمنىڭ كەچۈرۈلىشىنى تىلەيمەن " دېگەنىدى [1]

تەۋبە قىلىشنىڭ ئۈچ شەرتى بار :

1 - قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىش؛

2 - گۇنا ئىشلاردىن قولىنى يىغىش؛

3 - گۇنا ئىشلارنى قايتا قىلماسلىققا قەتئىي ئىرادە باغلاش.

تەۋبە قىلىشنى كېچىكتۈرۈپ، جان سەكراتقا چۈشكەندە قىلىنغان تەۋبە ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. بۇنداق تەۋبە رەت قىلىنىدۇ.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:" بەندىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقتى سەجدە قىلغان ھالىتىدۇر " دېگەن.

14 - ئاخىرەت كۈنگە تەييارلىق قىلىش ۋە ئۆلۈمنى ئەسلەشتۇر: ئاللاھ قۇرئاندا :{ھەر بىرجان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. سىلەرنىڭ ئەجىرىڭلار (ساۋابىڭلار) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ. كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇراد مەقسىتىگە يەتكەن بولىدۇ، دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىن ئىبارەتتۇر } دېدى. (1)

دوكتۇر ئابدۇلكەرىم زەيدان شۇنداق دەيدۇ: « قۇرئان كەرىم كەمدىن -كەم ئۇچرايدىغان ئەزىز ئاخىرەت ئىلمىدۇر. قۇرئان چاقىرسىمۇ كۆپلىگەن كىشلەر غاپىل قېلىۋاتىدۇ. ئاخىرەت يولىنىڭ ئىلمى كۆڭۈللەرنى قوزغاپ، ئۇنى چۈچۈتۈپ، ئۇنى ئەخلاقتا ئۈندەيدىغان ئىلىمدۇر. بۇ ئىلىم ئادەمنىڭ دۇنيادىكى غۇربەتچىلىكىنى ۋە تېز ۋاقىت ئىچىدە ئۇزاقتا سەپەر قىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

15 -داۋاملىق ئۆزىدىن ھساپ ئېلىپ تۇرۇش لازىم، تەشۋىقاتچى ئۆزى قىلىۋاتقان ۋە سۆزلەۋاتقان نەرسە ھەققىدە ئۆزىدىن ھېساپ ئېلىپ تۇرسا، ئاللاھ قۇرئاندا بايان قىلغان{ ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى } نىڭ قاتارىدىن بولالايدۇ. ھەسەن بەسەرى : " ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ مۆمىننىڭ نەپسىدۇر، چۈنكى مۆمىن كىشى بۇ سۆزنى نېمە ئۈچۈن دېدىم؟ نېمىنى مەقسەت قىلدىم؟ دەپ ئۆزىنى مالامەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇزۇق كىشى ئۆزدىن ھېساپ ئالمايدۇ. شۇڭا تەشۋىقاتچى كىشى ئۇخلاشتىن بىر سائەت بۇرۇن ئۆزىدىن شۇ كۈندىكى ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلالىغان ياكى ئادا قىلالمىغانلىقىدىن ھېساپ ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى ھېس قىلسا ئاللاھقا ھەمدى ئېيتىدۇ، ئەگەر كەمچىلىك قىلىپ قالغان بولسا گۇناينىڭ كەچۈرىلىشىنى تىلەپ تەۋبە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ، ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى ياردەمچى -ھە!.

ئىككىنچى: ئۆزىگە قارىتا مەسئۇلىيىتى

1 - بەدىنىگە قارىتا :

ئىسلامىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بەدەن ساغلام بولمىسا تولۇق ئورۇندىغىلى بولمايدۇ. ناماز، ھەج، رامىزان، زاكات، جىھاد ۋە تەشۋىقاتنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئۇ ئىشلارنىڭ ئېغىرچىلىقىنى، خىزمەت ۋە كۆرەشنىڭ قىينچىلىقىنى كۆتۈرەلەيدىغان ساغلام بەدەن كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :"كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىندىن كۆپ ئارتۇق، ھەممە مۆمىنلەردە ياخشىلىق تېپىلىدۇ" دېگەن (1)

ئىسلامىيەت بەدەننى ھمايە قىلىش ئۈچۈن ساقلىقنى ساقلاش قائىدىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇڭا ئىسلامىيەت ئاش -تامامنى نورمال ئىستمال قىلىشقا كۆرسەتمە بەردى.

تەشۋىقاتچىنىڭ بەدىنىگە قارىتا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئەڭ موھىم مەجبۇرىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە :

كېسەل ئالامەتلىرى سېزىلسە دەرھال دوختۇرغا بېرىپ كۆرۈنۈشى، بەدەننى كۈچلەندۈرىدىغان سەۋەبلەرنى قىلىشى، ساقلىقنى ساقلاشقا دىققەت قىلىشى ۋە بەدەننى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ئامىللاردىن يىراق بولۇشى لازىم.

قەھۋە چايدەك قوزغاتقۇچى ئىچىملىكلەرنى زۆرۈرىيەتسىز كۆپ ئىستمال قىلماسلىق كېرەك. تاماكىنى قەتئي چەكمەسلىك لازىم.

ئۆي ـ جاي، كىيىم ـ كېچەك، ئاش ـتائام، بەدەن مۇھىتى ۋە خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ تازلىقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىشى لازىم. چۈنكى ئىسلام دىنى تازلىققا ئەھمىيەت بېرىشكە قاتتىق قىزىقتۇرىدۇ، بۇ دىن پاكىزلىق ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر.

ئۇزۇن مېڭىش، مۇمكىن بولسا ھەر خىل موتۇسىكىلىت ۋە ماشىنىلارنى ھەيدىيەلىشى، ئات مىنىشىنى ئۆگىنىپ قويىشى، تاغقا يامىشىشىنى بىلىشى، سۇ ئۈزۈشىنى ئۆگىنىشى، چېلىشىش، بوكسىرچىلىق،ئوق ئېتىش ئۇسۇللىرى ۋە ئۇرۇش پەنلىرىدەك بىرەر تەنھەرىكەت بىلەن بەدەن چېنىقتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىشى لازىم.

2 ـ ئەقلىگە نىسبەتەن:

ئەقىل كۈچلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ۋە تاۋلاپ يېتىشتۈرىدىغان غىزاغا مۇھتاج بولىدۇ. تەشۋىقاتچىغا نىسبەتەن مەنىۋى غىزا ھەر تۈرلۈك بولىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەشۋىقاتچىنىڭ ئىسلام بىلىمى بىلەن بولۇپ كېتىپ قالغان بىلىملەرگە سەل قارىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بىز ئۇچۇر دەۋرىدە، خىلمۇ ـ خىل مەدەنىيەت ۋە ئېلىكتىرون دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. تەشۋىقاتچى سىياسى، ئىجتىمائى ھادىسىلەرگە ۋە يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان بىلىملەرگە ماسلاشقىدەك ئاڭ- سەۋىيەگە ئىگە بولمىسا، مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقالمايدۇ، توسالغۇ ۋە قارشىلىقلارغا تاقابىل تۇرالمايدۇ، كارۋاننى توغرا ئاڭلىق ھالەتتە يېتەكلىيەلمەيدۇ. بۇ دەۋېرنىڭ ئۆزىگە لايىق مەدەنىيەت سەۋىيىسى بار، ھازىرقى زامان بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولمىساق، ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەرگە قانداق قارشى تۇرغىلى بولسۇن!، بۇ زامان ئۆتكەنكى زامانغا، بۇ ئەسىردىكى كىشلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ ئەقلىگە ئوخشىمايدۇ. ھەر زاماندا كىشىلەرنىڭ ئەقلى تەپەككۇرىغا بېقىپ سۆزلەش سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسىدىندۇر. ئىلگىركى كىشلەر شۇ ۋاقىتىكى شارائىتنىڭ تەقەززاسى بويىچە جىھاد قىلىشتا قىلىچقا تايانغان بولسا، بۈگۈن بىزنىڭ تايىنىدىغان ئۇرۇش قورالى ئوخشىمىغاندەك، تەشۋىقات قورالىمۇ ئۆزگەردى. بۈگۈنكى تەشۋىقات ۋاستىلىرى شۇ دەۋردە بار بولۇپ كىشلەرنىڭ ئەقلى كۆتۈرەلىگەن بولسا شۇ ۋاستىلار ئىشلىتىلگەن بولاتتى. بۇنى شارائىت، مۇھىت، ئاڭ سەۋىيە بەلگىلەيدۇ، بۇ ھالال ھارامغا تاقىشىدىغان مەسىلە ئەمەس. پەتىۋا زامانىنىڭ، ئورۇننىڭ، شەخسىنىڭ ۋە شارائىتنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

3 ـ ئەخلاقىغا نىسبەتەن:

ئېسىل ئەخلاق ئىسلامنىڭ ئاساسلىق نىشانىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:"مەن ئېسىل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇرمەن "دېگەن. (1)

ئىسل ئەخلاق ئىماننىڭ دەلىلى ۋە نەتىجىسىدۇر. ئەخلاقسىز ئىماننىڭ قەدىر- قىممىتى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " دىن دېگەن نېمە؟ دەپ سورالغاندا، گۈزەل ئەخلاق"دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇملۇق دېگەن نېمە؟ دەپ سورالغاندا، "يامان ئەخلاق"دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى ُ (2)

ئەخلاق قىيامەت كۈنى تارازا باسىدىغان نەرسىدۇر. ئېسىل ئەخلاق ئىسلامدىكى ئەقىدىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.

ئىمام بەننا "تەلىماتلار" رىسالىسىدە تەشۋىقاتچىنىڭ ئەخلاقىغا نىسبەتەن موھىم ۋەزىپىلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ :

تۇيغۇسى ئىنچىكە، ھايالىق، گۈزەل ۋە قەبىھ گەپ-سۆزلەر بىلەن تېز تەسىرلىنىشى، ئىززەت ئىچىدە كەمتەر بولىشى كېرەك.

پەقەت يالغان سۆزلىمەسلىككە، داۋاملىق راست سۆزلەشكە ئادەتلىنىشى، ھەرگىز ئىككىلەنمەيدىغان ۋە ئالدى-كەينىگە دەسسىمەيدىغان ئىرادىسى كۈچلۈك بولىشى ۋە شارائىت قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلماسلىقى لازىم.

غەيرەت - شىجائەتلىك ھەقنى سۆزلەيدىغان، مەخپىيەتلىكنى ساقلايدىغان، ئاچچىغىنى باسالايدىغان، خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولىشى لازىم.

ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى، ۋەدىسىزلىك قىلماسلىقى لازىم.

4 - يانچۇقىغا نىسبەتەن :

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :" سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ ئوتتۇن تېرىپ سېتىپ، مۇمكىن بولسا ئۇنىڭدىن سەدىقە قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالىغىنى ئۇ كىشىنىڭ كىشىلەردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلغىنىدىن ياخشىدۇر. بېرىدىغان قول ئالىدىغان قولدىن ياخشىراق " دېدى. [1]

يەنە: "ھەسەت قىلىش پەقەت ئىككى نەرسىدىلا بولىدۇ: بىرسى؛ ئاللاھ بىرئادەمگە قۇرئان (ئىسلام ئىلمى) نىمىتىنى بەرگەن بولسا ئۇ ئادەم كېچە كۈندۈز قۇرئاننى ئوقۇغان بولسا، بۇ كىشىگە ھەسەت قىلسا بولىدۇ. ئىككىنچىسى؛ ئاللاھ بىر ئادەمگە مال دۇنيا نىمىتىنى بەرگەن بولسا ئۇ كىشى ئۇ مال دۇنيادىن كېچە كۈندۈز ئاللاھنىڭ يولىغا سەرپ قىلغان بولسا، بۇ كىشىگىمۇ ھەسەت قىلسا بولىدۇ ' دېگەن. [1]

ئىقتىسات تەشۋىقات خىزمىتى ۋە نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈردۇر. مال بولمىسا خەلىپە ئوسمان(ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) تەبۇك جېڭىنى جابدۇتۇپ قويالمىغان بولاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق:"ئى ئاللاھ! مەن كۇپۇرلۇقتىن ۋە كەمبەغەللىكتىن ئامانلىق تىلەيمەن دەپ دۇئا قىلاتتى" [2]

ئىسلامىيەت ئىقتىساتنى گۈللەندۈرۈشكە، ئىقتىساتنى ھالال يول بىلەن كۆپەيتىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. چۈنكى كەمبەغەللىك ئەخلاق بىلەن ئىستىلىغا زىيانلىق ئامىلىنىڭ بىرسىدۇر. ساغلام ئىدىيە كەمبەغەللىك بىلەن رۇس بولمايدۇ. ئۈممەت مەسىلىلىرىدە قورسىقى ئاچ كىشىنىڭ ياخشى تەپەككۇر قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟ كەمبەغەللىكتە ئائىلە پارچىلىنىشقا، ئابروي تۆكۈلۈشكە، ھۆرمەت دەپسەندە قىلىنىشقا، گۈزەل ئەخلاقلار يوقۇلۇشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. كەمبەغەللىك بىلەن ھەرىكەت قىلغىلى بولمايدۇ. خەلقنىڭ قولىغا قاراپ قالغان ھەر قانداق ھەرىكەتنىڭ نەتىجىگە ئېرىششى تەس بولىدۇ. ئۆزىنى - ئۆزى تەمىنلەيدىغان ئىقتىسات مەنبەسى بولمىسا بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ. ھەرىكەت بىكارغا ماڭمايدۇ.

ئىقتىسات بولمىسا كەسكىن پىلانلارنى ئىجرا قىلغىلىمۇ، ئەركىن سۆزلىگىلىمۇ بولمايدۇ، بۇگۈنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىقتىساتقا باغلىقتۇر.

---

[1] بۇخارى بايان قىلغان .
[1] بۇخارى بايان قىلغان .
[2] ئەبۇ داۋۇت بايان قىلغان .

www.islamyoli.net

ئۇنىڭدىن سىرت كەمبەغەللىك جەمىيەتنىڭ بىرلىكى، مۇقىملىقىغا تەھدىت سالىدۇ. كەمبەغەلچىلىكتە، ئېتتىپاقلىقنىڭ ئورنىغا جېدەل ـ ماجرا، قېرىنداشچىلىقنىڭ ئورنىغا ئۇرۇش، بىرلىكنىڭ ئورنىغا سۈيىقەست چۈشىدۇ.

ئىسلامىيەت ھېچقاچان مال دۇنيادىن كىشلەرنى يىراقلاشتۇرمىغان، زىرىكتۇرمىگەن ۋە سەت كۆرسەتمىگەن. قەلبىنى دۇنيا ئىگەللىۋالغانلارغا قارىتا" تەڭگە، تىللاغا قۇل بولۇپ كەتكەنلەر بىچىنى يىسۇن!"ُ دېگەن. ئەمما دۇنيانى قولىدا تۇتۇپ، قەلبىگە كىرىشكە يول قويمىغان كىشلەرنى ئېخىمۇ مال دۇنيا تېپىشقا قىزىقتۇرغان. ئەگەر ئىسلام دىنى ھەقىقى مال دۇنيانى سۆكىدىغان بولسا ئۇنداقتا نېمىشقا زاكات بېرىشكە، ئىقتىسادى تەرەپتىن ياردەم قىلىشقا، باشقىلارغا قەرز بېرىپ تۇرۇشقا ۋە جىھادقا ئىئانە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟

تەشۋىقاتچى بىر بۆلۈك ۋەزىپىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم :

ھەر قانچە باي بولۇپ كەتسىمۇ، بىركەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك.

خىزمەتنىنى تولۇق، پۈختا ئادا قىلىشقا ھېرىس بولىشى، ھىلىگەرلىك ۋە ئالدامچىلىق قىلماسلىقى لازىم.

جىددى ئەھۋاللار ئۈچۈن پۇل ساقلاپ قويىشى لازىم.

پايدىسىز ئويۇنلار بىلەن كۆرەش قىلىشى ۋە ئىسراپخورلۇق قىلماسلىقى لازىم.

ئىسلامى زاۋۇت، كارخانىلارنى قۇرۇش ئارقىلىق ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشگە ھەسسە قوشۇش، بىر تىيىن بولسىمۇ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىككە دىققەت قىلىشى لازىم.

قانداق نىيەت بولىشىدىن قەتئى نەزەر، قىمارنىڭ بارلىق تۈرلىرىدىن يىراق بولىشى لازىم.

<u>ئۈچىنچى: ئائىلىسگە قارىتا ۋەزىپىلىرى</u>

1 ـ ئاتا ئانىسىغا نىسبەتەن: ئاللاھ قۇرئاندا:{ پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى ھۆكۈم قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھۇي دېمىگىن. ئۇلارنى دۈشكۈلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا بەك مېھربانلىق يۈزىسىدىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە"ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگەندەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن "دېگىن} دېدى. [1]

ئاتا-ئانا باللارنى چوڭ قىلىش يولىدا پۈتۈن ھاياتىنى، قىممەتلىك نەرسىلىرىنى شىكايەت قىلماي، رەنجەمەي ئىشلىتىدۇ. ھەممە نەرسىسىنى باللىرى ئۈچۈن خۇرسەن ھالەتتە قۇربان قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدى.

ئاتا ـ ئانىغا قارىتا ئۆتەيدىغان موھىم مەجبۇرىيەتلەر:

ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا ھېرىس بولۇش كېرەك، چۈنكى ئاتا- ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئاللاھنىڭ قېشىدا جىھادتىن ياخشىدۇر. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قايسى ئىش ئاللاھغا سۆيۈملۈك؟ دەپ سورىسام، ئۇ " ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز" دېدى، ئاندىن مەن يەنە: ئاندىن قايسى؟ دەپ سورىسام، ئۇ " ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش " دەپ جاۋاب بەردى.ئاندىن قايسى؟دىسەم، ئۇ " ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش "دەپ جاۋاب بەردى. [2]

www.islamyoli.net

ئۇلارنى خاپا قىلىش ياكى ئاچچىغىنى كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى بۇ چوڭ گۇناھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە يالغان قەسەم ئىچىش چوڭ گۇنالارنىڭ قاتارىدىندۇر " دېگەن. [1]

گەرچە ئۇلار مۇشرىكلار بولسىمۇ، ئۇلارغا خەيرى- خالىق قىلىش، گۇنا بولمايدىغان ئىشلاردا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش لازىم.

ئەگەر ئۇلار كەمبەغەل بولسا ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئۇبدان خەۋەر ئېلىش، كېسەل بولسا داۋالىتىش، ئۇلارنى ئۆز نەپسىدىن، ئايالىدىن، بالىلىرىدىن ئارتۇق كۆرۈش لازىم. بالا ئاتا ـئانىسىغا قانچىلىك قىلسىمۇ، ئۇلار بالىغا قىلغان ھەققى ھوقۇقىنىڭ بەزىسىنى ئاران ئادا قىلغان بولىدۇ.

ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ گۇنالىرىنىڭ كەچۈرلىشىنى ھەر نامازدىن كېيىن تىلەش، ئۇلار ھەققىدە ياخشىلىق قىلىش لازىم.

باشقىلارنىڭ دادىسىنى تىللاش ئارقىلىق، ئۇلارنى باشقىلارنىڭ تىللىشىغا ۋە لەنەت قىلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق لازىم.

2 ـ ئايالىغا نىسبەتەن

ئايال ئىنسان ھاياتىدىكى موھىم ئاساستۇر، بۇ ئاساس ئىسلامى ئائىلە قۇرۇشتا نەتىجە مۇۋىسىنى بېرىشى ئۈچۈن تەشۋىقاتچى تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەرنى ئۆتىشى لازىم:

ئايالى بىلەن چىرايلىق ئۆتۈش، ئۇنىڭ تامىقى، كىيىم كېچەكلىكگە كېپىل بولۇش، بۇزۇلمەن دېسە تىللىماي ۋە ھاقارەتلىمەي چىرايلىق ياخشى گەپ ـ سۆز بىلەن نەسىھەت قىلىشى لازىم. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە:{ ئەرلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىرتۆشەكتە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار } دېدى. [1]

ئايالىغا دىنىنىڭ موھىم مەسىلىرىنى ئۆگىتىپ قويىشى ياكى ئىلىم سورۇنلىرىغا قاتنىشىشتىن توسىماسلىقى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : "ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، ئۇلار سىلەرنىڭ ياردەمچىڭلاردۇر " دېگەن.

ئايالىنىڭ ئىسلام تەلىماتى، ئەدەپ ئەخلاقىغا رىئايە قىلىشىغا كۆڭۈل بۆلىشى، ئىسلامغا تاقىشىدىغان خاتالىقلىرى ۋە ئەيىپلىرى بولسا تۈزۈتۈپ قويىشى لازىم.

ئايالىنىڭ بىلىم ئىگەللىشىگە رۇخسەت قىلىشى، ئۆز مۇھىتىدا تەشۋىقاتچىغا ئايلىنىشى ئۈچۈن، ئەمەل، خىزمەتكە ئادەتلەندۈرشى ۋە مەسئۇلىيەتنى ھىس قىلدۇرشى لازىم.

ئايالىنىڭ سىرلىرىنى ئاچماسلىقى، ئۇنىڭ ئەيىپىنى باشقىلار ئالدىدا بايان قىلماسلىقى لازىم.

3 ـ پەرزەنتلىرىگە نىسبەتەن :

پەرزەنتلەر ئائىلىنىڭ ئاساسلىق كىسەكلىرى، ئۇلار تۈزۈلسە جەمىيەت تۈزۈلىدۇ، جەمىيەت ئائىلە ۋە ئۈممەتتىن تەركىپ تاپىدۇ. پەرزەنتلەرنى ساغلام يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نەرسىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

ئەۋلادلارغا ئىسلامى ئىسىم قويۇشقا ھېرىس بولۇش، غەلىتە ئىسىم لەقەملەرنى قويۇشتىن يىراق بولۇش لازىم.

پەرزەنتلەرنى نامازغا ئادەتلەندۈرۈش لازىم. پەرۋەردىگارىغا سەجدە قىلمايدىغان ياشلاردىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ.

باللىرىنىڭ ھەقىقەتنى مۇداپىئە قىلىدىغان، جىھاد قىلىشقا ئىنتىلىدىغان روھ بىلەن ئۆسۈپ چوڭ بولۇشى ئۈچۈن، باللىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەڭ تارىخىنى ئۆگىتىشى، ئۇلارنىڭ روھىنى رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمھالى بىلەن قاندۇرۇشى كېرەك.

پەرزەنتلەرگە مۆمكىن قەدەر قۇرئاننى يادلىتىشى، تىلاۋەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى، ئۇلارنىڭ زېمىن ئۈستىدە ماڭىدىغان قۇرئان بولىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئوقۇغان نەرسىلەرنى قانداق تەتبىقلاشنى ئۆگىتىشى لازىم.

ئۇلارنىڭ كىچىك-چوڭ ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆزتىش، ئەگرى يەرلىرىنى تۈزلەش، ھەقىقەتتە ئوچۇق بولۇشقا ئادەتلەندۈرۈش لازىم.

ئۇلارنى ئىسلامى ئەسەر، گېزىتلارنى كۆپ ئوقۇشقا، ئائىلە مەدەنىيەت كۇتۇپخانىسى تەسىس قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش؛

4 - قېرىنداشلىرىغا نىسبەتەن :

ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، خۇش چىراي بىلەن قاراش، ۋە ئىسلامى شەخسىيتى بىلەن ئالاھىدە بولىدىغان نەمۇنىلىك كىشىلەردىن بولۇشى ؛

ئۇلارنى كۆپ زىيارەت قىلىش، پىكىرداش كىشىلەر ھەمكارلىشىش، ۋە ئىدىيەسىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش؛

شەرئى ۋاستىلار بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىگە تەسىر بېرىشكە ئۇرۇنۇشى، مۇھتاجلار بولغانلارغا ماددى ۋە ئىقتىسادى تەرەپتىن ياردەم بېرىشى، خىزمىتى يوقلارغا ئىش تېپىپ بېرىش؛

قېرىنداشلىرىنىڭ بىرەرسىدە يامان ئىش كۆرۈلسە ئىللىقلىق ۋە ھىكمەت بىلەن توسۇشى؛

ئۇلارنى زىرىكتۈرگىدەك دەرىجىدە كۆپ ۋەز- نەسىھەت قىلماسلىقى، نوپۇزى(تەسىرى) يوقالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۆپ قاقاقلاپ كۈلمەسلىكى؛

قېرىندىشىنى مازاق ۋە زاڭلىق قىلماسلىقى ؛

ھاجىتى چۈشۈپ قالسا ياردەم بېرىشى ؛

ئۇنىڭ ئەيىپنى ئاشكارىلىماسلىقى؛

ئۇنى چىرايلىق ئىسمى بىلەن چاقىرىشى؛

قېرىندىشى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلسا رەنجىمەي، چىرايلىق رەھمەت ئېيتقان ھالدا قوبۇل قىلىشى لازىم.

ئۇنى كەچۈرۈشكە تېگىشلىك بولسا كەچۈرىۋېتىشى؛

قېرىندىشىغا ياخشى نىيەت بىلەن قارىشى، يامان قاراشتا بولۇشتىن ساقلىنىشى،

ئۇنىڭغا قارىتا قارنى -كۆكسى كەڭ بولۇشى لازىم.

<u>تۆتىنچى: ئەشۇنقاتقا قارىتا مەجبۇرىيەتلىرى</u>

1 - ئەقىدىسگە نىسبەتەن :

تەشۋىقاتقا پايدا ئېلىپ كەلمەيدىغان ئىش بولسا ھەر قانداق ھەيئەت ياكى جامائەت بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈش، (خۇسۇسەن بۇ ھەقتە بۇيرۇق چۈشۈپ قالسا).

كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىسلامى ئادەتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە، ھاياتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە يات مىللەتنىڭ بىزگە قوشۇلۇپ قالغان ئادەتلىرى بىلەن كۆرەش قىلىش لازىم. مەسىلەن: ئىسلامى يوسۇن بىلەن سالام قىلىشىش، ئۆز تىلىنى قوغداش، تارىخنىڭ بۇرمىلىنىپ كېتىشىگە قەتئى يول قويماسلىق، مىللى كىيىمنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىگە قارشى تۇرۇش، خىزمەت ۋاقتلىرى ۋە ئۆرپى- ئادەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە يول قويماسلىق لازىم.

تەشۋىقاتچى قېرىنداشلىرى بىلەن بىر - بىرلەپ ياخشى چۈشۈنۈش ھاسىل قىلىشى، ئۇلارنى قەدىرلىشى، ياردەم قولىنى سۇنۇشى، ئۇلار ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچىشىگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ ھەققى ھوقۇقىنى ئادا قىلىشى، ئۇلارنىڭ يىغىلىشلىرىغا قاتنىششى، ئۆزرىسىز كېچىكىپ قالماسلىقى ۋە ئۇلارغا داۋاملىق دوستانە مۇئامىلىدە بولۇشى؛

ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ تارىخىنى ئوقۇشى، دائىم ئۇلارنىڭ كىتاب، گېزىت - ژورناللىرىنى كۆرۈپ تۇرىشى؛

تەشۋىقات ئىشلىرىغا ئىقتىسادنىڭ بىر بۆلۈكىنى ئاجرىتىشى؛

ھەر بىر ئورۇندا تەشۋىقاتنى قانات يايدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىشى؛

تەشكىلاتنىڭ ياكى تەشۋىقاتنىڭ نىشانىغا قارىتا ئىشەنچىلىك كۆزەتچى بولىشى؛

بارلىق قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئاللاھ يولىدا قۇربان بېرىشكە نەپسىنى ئادەتلەندۈرىشى ؛

ھەر بىر ئەزا ئۆزىنى بىردىن چېگرانى قوغداۋاتقان ئەسكەر دەپ تونىشى، دۈشمەنلەرنىڭ ئۇ چېگرالاردىن سەپنىڭ قاتارىغا بۆسۈپ كىرىۋېلىشىدىن ھەزەر قىلىشى، ۋە ئۆزىنىڭ گەردىنىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتلەرنى بىلىشى ؛

تەشۋىقات ساھەسى ئىچىدىكى ھەر بىر ئەزا ئىسلامغا خىزمەت قىلىۋاتقان باشقا تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىسىنى ياخشىلاشقا ھېرىس بولىشى؛

ھەر بىر ئەزا سەپنىڭ ئىچىدە ئاۋارىچىلىق پەيدا قىلىشتىن يىراق بولىشى لازىم.

<u>2 - تەربىيلىگۈچىسىگە قارىتا مەجبۇرىيەتلىرى :</u>

ئىتائەت قىلىش :

ئىتائەت قىلىش، قىيىنچىلىق ياكى ئاسان شارائىت، روھلۇق بولغان ۋاقت ياكى بىر نەرسىنى كۆڭلى تارتمايدىغان ۋاقتتا بولسۇن تەربىيلىگۈچىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش كېرەك ئاللاھ قۇرئاندا:" { ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكى يېتەكچىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار } دېدى. (1)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : " كىم ماڭا ئىتائەت قىلسا، ئۇ كىشى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ، كىم ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، ئۇ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ، كىم مەن سايلىغان ئەمىرگە (يېتەكچىگە) ئىتائەت قىلسا، ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ، كىم ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلسا، ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ " دېگەنىدى (2) بۇ ھەدىس قوماندان، يېتەكچى ۋە رەھبەرلەرگە - گۇنا ئىشلار بولمىسا - ئىتائەت

---

(2) بۇخارى بايان قىلغان .

قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى تەكىتلەۋاتىدۇ. ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشتىكى ھىكمەت سەپنىڭ نوپۇزى، بىرلىك ئىنتىزامىنى قوغداشتۇر. يېتەكچىگە ئاسىيلىق قىلغان كىشىگە كەلسەك ئۇنىڭ رەھبەرگە ئاسىيلىق قىلىشى بىلەن ئىشى تۈگەپ قالمايدۇ، ئۇ بۇ نۇقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ ۋە ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:"كىم ئىتائەتتىن چىقىپ، جامائەتتىن ئايرىلىپ كېتىپ، ئۆلۈپ كەتسە جاھىلىيەتنىڭ ئۆلۈمىدەك ئۆلىدۇ " دېگەنىدى. (3)

ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش توپىلىششنىڭ، ئۇملۇكنىڭ تەقەززاسىدۇر، ئۇ ئىككىسى ھەققەتتە ھەر بىر ئۇممەتكە نىسبەتەن ئىنسانىنىڭ بەدىنىدىكى ئۇمۇرتقىسىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ئىككى خىل خىسلەت ھەربىكەتتىكى ھەر بىر ئەزانىڭ ئەسلى ئەخلاقىغا ئايلىنىپ، ئەمەللەشمىسە دۈشمەن ئۈستىدىن غەلبە قىلغىلى بولمايدۇ.

مەسلىھەت بەرگەندە ھەر بىر ئەزا كۆز قارشىنى ئەركىن بايان قىلسا بولىدۇ، تەشكىلات بىر پىكىرگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن، سۆزنىڭ پارچىلانماسلىقى، سەپنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن ھەممەيلەن دېگۈدەك بىردەك بۇ پىكىرگە ئىسسلىشى لازىم. قارشى پىكىردىكى كىشى مەسلىھەت بىر قارارغا كېلىپ بولۇنغاندىن كېيىن سەپنىڭ ئىچىدە ھېلىقى قارشى پىكرىنى- ھەتتاكى ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئېلىنمىغان پىكرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان تەقدىردىمۇ - سۆزلەپ باشقىلارنى قايىل قىلماقچى بولۇپ چۈگلەپ يۈرۈشى قەتئى توغرا ئىش ئەمەس. سەپنىڭ خاتاغا بىرلىككە كەلگىنى توغرىغا بىرلىككە كېلەلمەي بۆلۈنۈپ كەتكىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ.

ئىشىنىش: ئىشىنىش دېگەنلىك يېتەكچىنىڭ سالاھىيىتىنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىكىگە مۇھەببەت، قەدىرلەش، ھۆرمەت ۋە ئىتائەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغىدەك دەرىجىدە چوڭقۇر ئىشىنىشتۇر. يېتەكچى، قوماندان تەشۋىقاتنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ، يېتەكچىسىز تەشۋىقات بولمايدۇ، يېتەكچى بىلەن ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى ئۆز - ئارا ئىشەنچىگە قارىتا تەشكىلاتنىڭ نىزامى كۈچىيىدۇ. ئىسلام تەشۋىقاتىدىكى يېتەكچىنىڭ ئەزالارغا نىسبەتەن، دىل ئالاقىسىگە ئىگە دادىنىڭ ھەققى، ئىلمى پايدىلىنىش تەرەپتىن ئۇستازنىڭ ھەققى، روھى تەربىيە جەھەتتىن شەيخنىڭ(موللا) ھەققى، ئومۇمى سىياسەت ھۆكمىگە قارىتا قوماندانىنىڭ ھەققى بار. يېتەكچىگە ئىشىنىش تەشۋىقاتنىڭ نەتىجە تېپىشى ۋە غەلىبە قىلىشىدىكى ئاساس سانىلىدۇ.

رۇخسەت سوراش: يەنى تەشكىلات ئۇ كىشىنىڭ بارلىق شارائىتلىرىنى ئوبدان بىلىشى لازىم. (يەنى نېمىگە رۇخسەت سورايدىغانلىقىدىن تارتىپ) ئەزالار داۋاملىق تەشكىلات بىلەن مەنىۋى ۋە ئەمەلى ئالاقىدە بولۇشى، ھەر بىر موھىم قەدەملىرىدە رۇخسەت سورىشى، ئۆزىنى دائىم بۇيرۇق كۈتىۋاتقان گازارمىدىكى بىر ئەسكەر دەپ قارىشى، قىلغان پائالىيەتلىرى تەشكىلاتتىن ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەر بىر قەدەمنى رۇخسەت بىلەن بېسىشى لازىم.

3 - چاقىرىلغۇچىغا نىسبەتەن مەجبۇرىيەتلىرى :

تەشۋىقاتچى دەسلەپتە ئۇنىڭ بىلەن ئەقىدىگە ئوخشاش ئەڭ موھىم مەسىلىلەردىن باشلاپ، ئۇ مەسىلىلەرنى ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈۋېتىشى؛

ۋەز -نەسىھەتنى كۆپ قىلىپ زېرىكتۈرمەسلىكى؛

---

(3) مۇسلىم بايان قىلغان .

قارشىلىشىش ئۇسۇلىدىن يىراق بولۇشى لازىم. چۈنكى بۇ باشقىلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ، شۇڭا ئىللىق مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر، باشقىلارنىڭ قەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش بەزى- بىرئۇرۇنلارنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئەۋزەلدۇر.

چاقىرغۇچىلار كىشىنى ھوشيار ۋە ئاگاھلىق دەپ پەرەز قىلىش، چۈشىنىشلىك مەسىلىلەرنى ئۇزۇن سۆزلەپ ئۇنىڭ ئىچىنى سىقماسلىقى؛

بىلگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلىمەسلىك، چۈنكى ھەر بىرئۇرۇننىڭ ئۆزىگە خاس سۆزى بولىدۇ. ئۇ بىلمەيدىغان ۋە چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەر ھەققىدە سۆزلىمەسلىكى؛

يوقىلاڭ مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلمەن دەپ ياكى پايدا ئۇنۇم بەرمەيدىغان مەسىلىلەردە جىدەل قىلىپ، مۇئەييەن بىر نەرسىگە بىكىتۇلىپ، ئاساسلىق ماۋزۇدىن چەتنەپ كېتىپ ۋاقىت بىلەن كۈچىنى زايا قىلماسلىقى؛

ئۇنىڭ شارائىتىنى ئوبدان بىلىشى، بىرەر پائالىيەتتىن كېچىكىپ قالسا ئەيىپلىمەسلىكى، ئۇنى ئۇ خالىمايدىغان ئىشلارغا زورلاپ چىڭ تۇرىۋالماسلىقى، كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلماسلىقى لازىم.

ئۇنىڭ بىلىم - مەرىپىتىنىڭ ئازلىقى، سوغۇق مىجەزلىكى، سەلبى تەرەپلىرىگە سەۋر قىلىشى لازىم، بىنانى بىركېچە كۈندۈزدە قۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ.

ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەممە نەرسىدە نەمۇنە بولۇشى، دەۋاتقان نەرسىگە ئۆزى ئەمەل قىلىشى لازىم. ئاللاھ قۇرئاندا: { سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر } دېدى[1]

تەشۋىقاتنىڭ نەتىجىسى چىقىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويماي داۋاملاشتۇرۇشى ۋە بۇنىڭغا قارىتا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

<u>بەشىنچى : تەشۋىقاتتىكى سەپداش قېرىنداشلىرىغا نىسبەتەن مەجبۇرىيەتلىرى :</u>

مۆمىن كىشى ئۆزىنى مۆمىنلەرگە نىسبەتەن ئەڭ يېقىن ھېس قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىمان يولىنى بىرلىكتە تاللاپ، دۇنيادا ئۆز ئىرادىسى بىلەن بىرخىل لىنيەدە رەتلىك، تەشكىللىك مېڭىشى ۋە ئاخىرەتتە بىر ئورۇندا قايتا جەم بولۇشى ئۈچۈن خۇسۇسى قېرىنداشچىلىق ئالاقىسىنى ئورناتتى. ئاللاھ قۇرئاندا:{ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ؛ لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى بىرلەشتۈردى، ئىناق قىلدى. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر } دېدى. [2]

تەشۋىقاتچىنىڭ تەشۋىقاتتىكى قېرىنداشلىرىغا قارىتا مەجبۇرىيەتلىرى بىرقانچە قىسمغا بۆلۈنىدۇ:

1 - ھاجىتىدىن چىقىش، ياردەم قولىنى سۇنۇش :

ئۇ بىرنەچچە دەرىجە بولۇپ، تۆۋىنى بىر نەرسىگە ئېھتىياجى چۈشۈپ بىر نەرسە سورىسا ياردەم قىلىش، ئوتتۇرھالراقى سوراشتىن ئىلگىرى ياردەم قولىنى سۇنۇش، يوقۇرىسى ئۇ ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە كېرەكلەرنى ئۆزىنىڭكىدىن ئۈستۈن يوقۇرى ئورۇندا قويۇشتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :"مېنىڭ بىر قېرىنداش بىلەن مېڭىپ ئۇنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىپ ياردەم قولۇمنى سۇنغۇنۇم، مېنىڭ بۇ مەسچىتتە بىر ئاي ئېتىكاپتا ئولتۇرغىنىمدىن ياخشىدۇر " دېگەنىدى.

2 - ئۇلاردىن تىلىنى يىغىش:
قېرىنداشلىرىنىڭ ئەيىپىنى ئالدىدا بولسۇن ياكى ئارقىسىدا بولسۇن بايان قىلىشتىن ساقلىنىشى، شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە دەرھال رەددىيە بېرىشى، ئۇ ئاشكارىلىنىپ قېلىشنى ياخشى كۆرمەيدىغان ماۋزۇلار ھەققىدە بىرنەرسە سورىماسلىقى، ئۇنىڭ سىرلىرىنى يوشۇرۇشى، ئائىلە دوست - بۇرادەرلىرىنى كەمستمەسلىكى، ئۇنىڭغا توغرا قاراشتا بولۇشى ۋە كايىماسلىقى لازىم.
3 - ئۇنىڭغا تىلى ئارقىلىق دوستلۇق ئىزھار قىلىش:
قېرىنداشنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى بايان قىلىشى، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ دۈچ كەلگەن مەسىلىلىرى ھەققىدە سوراپ تۇرۇش، ئۇ خۇرسەن بولىدىغان نەرسىلەر بىلەن خۇرسەن بولىشى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇ دوستىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :" سىلەردىن بىرىڭلار قېرىندىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويسۇن " دېگەنىدى. (1)
ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ:" ئۈچ خىل خىسلەت بار، ئۇ خىسلەتلەر قېرىندىشىڭنىڭ ساڭا بولغان دوسلۇقىنى سۈزۈكلەشتۈرىدۇ: ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشساڭ ئۇنىڭغا بۇرۇن سالام بەرگىن، ئولتۇرغاندا ئۇنىڭغا ئورۇننى بوشۇتۇپ بەرگىن ۋە ئۇنى گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن چاقىرغىن» دېگەن.
4 - قېرىندىشىغا ھاياتىدا بولسۇن ياكى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بولسۇن دۇئا قىلىپ تۇرۇش كېرەك. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :" بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىرمۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئۇ يوق يەردە ساپ دىلىدىن دۇئا قىلىپ قويغىنى ئىجابەت قىلىنىدۇ. دۇئا قىلغۇچىنىڭ بېشىدا ئۇنىڭغا ۋەكىل قىلىنغان بىر پەرىشتە بولۇپ ئۇ پەرىشتە ئۇ كىشىگە ئۇ ھەر قېتىم قېرىندىشىغا دۇئا قىلغاندا، ئى ئاللاھ ئىجابەت قىلغىن دەپ بولۇپ، ساڭمۇ شۇنداق بولسۇن" دەيدۇ دېگەن. (1)
4 - ئىش قانداق بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزمەسلىك لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بىرئادەم قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتىشى توغرا ئەمەس، ئۇ ئىككىسى ئۇچرىشىپ قالغاندا بۇ بۇيانغا ئۇ ئۇيانغا قارايدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ ياخشىراقى سالامنى بۇرۇن باشلىغىنىدۇر" دېگەنىدى. (2)
دوستىنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنى يوقۇتۇپ قويغاندىن ياخشىدۇر.
5- قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئوچۇق چىراي بولۇشقا دىققەت قىلىشى، ئۇلار بىلەن ئەپلەشمەس چاقچاق قىلىشتىن يىراق بولىشى لازىم. كۆپ چاقچاق قىلىش ئادەمنىڭ نوپۇزىنى سۇندۇرىدۇ، ئابرويىنى چۈشۈرىۋېتىدۇ، دىلنى ئۆلتۈرىدۇ.
6- قېرىنداشلىرىنىڭ ئولتۇرۇشلىرى ۋە سورۇنلىرىغا قاتنىشىش؛
7- تەشۋىقات مەيدانىدا خىزمەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرى بىلەن ئالاقىسىنى داۋاملاشتۇرۇشى، ئۇلارنى كۆپ زىيارەت قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالىنى ئۇقۇپ تۇرۇشى لازىم.

ئالتىنچى : ئومۇمى كىشىلەرگە نىسبەتەن مەجبۇرىيەتلىرى

ئىسلام دىنى مۇسۇلماننىڭ ئومۇمى كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان ئومۇمى قائىلەرنى يولغا قويدى.بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، بىر ئىشنى قىلسام ئاللاھ ياخشى

كۆرــدىغان ۋە كىشىلەرمۇ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشنى دەپ بەرسىلە دەپ سورىغان كىشىگە :" دۇنيادىن زاھىد بولساڭ ئاللاھ سېنى ياخشى كۆرىدۇ، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىدىن زاھىد بولساڭ كىشىلەر سېنى ياخشى كۆرىدۇ "دېگەن (1)

مۇسۇلمان كىشى بۇ ساھەدە تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىشى لازىم :

1 - ئۇرۇق تۇققانلىرىغا قارىتا :

تەشۋىقاتچىنىڭ ئۇستىدە ئۇرۇق تۇققانلىرىنىڭ ھەققى ـ ھوقۇقى بار بولۇپ، تەشۋىقاتچىنىڭ بۇ جەھەتتە كەمچىلىك قىلىشى توغرا بولمايدۇ. ئۇ ئۇلار كېسەل بولۇپ قالسا يوقلىشى، قىيىنچىلىقى بولسا ياردەم بېرىشى، تۇققانلار ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ قويۇشى، ئاجىزلىرىغا ياردەم بېرىشى، خاتالاشقان بولسا كەچۈرۈۋېتىشى، ئۇلار يىراقلاشسىمۇ ئۇ يېقىنلىشىشى، ئۇلارغا چىرايلىق نەسىھەت قىلىپ تۇرۇشى لازىم. مانا بۇ كۆڭۈللەرنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:" تۇققانچىلىق ئەرشكە ئېسىلغلىقتۇر، ئۇ كىم تۇققانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۇلىسا، مەن ئۇ كىشى بىلەن ئالاقىنى داۋاملاشتۇرىمەن، كىم تۇققانچىلىق ئالاقىسىنى ئۈزسە، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئالاقەمنى ئۈزىمەن دەيدۇ " دېگەندى. (2)

ئۇ قايسى بىر سەۋەبلەردىن بولمىسۇن، قانچىلىك ئىختىلاپ يۈز بېرىشىدىن قەتئى نەزەر، تۇققانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزمەسلىكى لازىم.

2 - خوشنىلىرىغا نىسبەتەن:

ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئەگەر ئۇلار ياردەمگە مۇھتاج بولسا ياردەم بېرىش، كېسەل بولۇپ قالسا يوقلاش، ئۇلارغا خۇرسەنلىك كەلسە تەبرىكلەش، مۇسىبەتكە يولۇقسا تەسەللى بېرىش، ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشى يوللىرىغا يېتەكلەپ قويۇش، ئۇلارنىڭ خاتالىقىدىن ئۆتۈۋېتىش، ئۇلارنىڭ ئەيىپىنى تەكشۈرمەسلىك ۋە ئۇلارنى ھەر قايسى تەرەپلەردىن سىقماسلىق لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:" كىمنىڭ ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمانى بولسا، ئۇ ئادەم خوشنىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن" دېگەن. (1)

خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارغا گەپ ـ سۆز بىلەن ئازار بەرمەسلىك لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمنىڭ ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمانى بولىدىكەن ئۇ كىشى خوشنىسىغا ئازار بەرمىسۇن» دېگەن. (2)

3 - خىزمەتداشلىرىغا نىسبەتەن مەجبۇرىيەتلىرى :

خىزمەتداشلىرىنى ئۆزىدىن ئارتۇق كۆرۈشى، سۆز ۋە ئەمەلى تەرەپتىن ئۇلارنى ھۆرمەتلىشى:

ئۆزىنى ئۇلارنىڭ نەرسىلەردىن پاك تۇتۇشى؛

ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، تەپەككۇر قىلىش تەبئىتىنى بىلىشى ۋە ئۇلارغا ئەدەپ ـ ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشى؛

ئۇلارغا كۆيۈنىشى، ئوچۇق چىراي بولىشى، يۇمشاق مۇئامىلىدە بولىشى؛

ئۇلارغا كۆكۈل بۆلىشى، دوستانە مۇناسىۋەتتە بولىشى لازىم.

4 - ۋەتەنداشلىرىغا قارىتا مەجبۇرىيەتلىرى:

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشى، ئىسلامىيەت بېكىتكەن ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ جەمئىيەتكە ئورۇنلىنىشىغا ھەسسە قوشۇشى، كىچىكنى قەدىرلەپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلىشى، ئۇلارنىڭ ئەيىپىنى ئىزدەپ يۈرمەسلىكى، غەيۋەتنى قىلماسلىقى، ئاداۋەتلەشمەسلىكى ۋە كىرىپ ـ چىقىش ئىشلىرىدا رۇخسەت سورىشى؛

ھەممە ئەھۋاللاردا ئادىل بولۇشى، ئاچچىغى كەلگەندە ياخشىلىق قىلىشنى ئۇنۇتماسلىقى ۋە ئۆزىگە زىيانلىق تەرىپى بولسىمۇ ھەقنى دېيىشى؛

كىشىلەرنىڭ ھەققى-ھوقۇقىنى تولۇق ئادا قىلىشى، ئۇزۇن سوزۇۋەمەسلىكى، باشقىلاردىن ھەققىنى تەلەپ قىلغاندا چىرايلىق ئۇسۇلنى قوللىنىشى؛

ئومۇمى خىزمەتلەرنى قىلىشقا چېنىقىشى، كۆپ پائالىيەتچان بولۇشى، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلالىسا خۇرسەن بولۇشى، ئاجىزلارغا يۇمشاق سۆز بىلەن بولسىمۇ غەمخورلۇق قىلىشى ۋە داۋاملىق ياخشىلىق قىلىشقا ئالدىرىشى لازىم.